ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ـ 1501)



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

4
1998

XINJIANGCIVILIZATION

ئالىملىرىمىز



ئەدىب، تىلشۇناس، مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن
ھامۇتجان رەھمىتۇللا فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى . قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
47 - يىل نەشرى 1998 - يىل 4-سان (ئومۇمىي 232 - سان)

# بۇ ساندا


## تەپەككۇر گۈلشەنى

تەپەككۇردىن تامچىلار ............ ئابلەت قەييۇم 2

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە مائارىپ ............ ئىمىن ئەھمىدى 7

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ساپا ۋە ماغزاپ............ (ئەبجەش خاتىرىلەر) ............ ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) 11
قۇيرۇق............ (ھېكايە) ............ ياسىنجان سادىق 15
نەسىرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار ............ قادىر ئابلىز قاتارلىقلار 80
ئەجەل، پۇل ۋە قاسساپ............ (باللادا) ............ ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان 21
تون گىرۋىكى............ (داستان) ............ تۇرسۇنىياز توختى ئوغۇز 24
قىسمەت تەزكىرىسى............ (شېئىر) ............ نۇرمۇھەممەت كېرىم ۋارىسى 26
شېئىرىيەت ھاسىلاتلىرى ............ بۇغدا ئابدۇللا 27
«كونا پاختا» پاجىئەسى ............ تۇرسۇن مەخمۇت 32
چىڭغا چىققان چاقچاق ............ باتۇر روزى 34

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان ............ ئىمىن تۇرسۇن 45

## قىزىق نۇقتا

ئۆزگىرىۋاتقان جوڭگو ھۆكۈمىتى ............ ماۋيۈشى 58

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

«شېئىرىي مىللەت»تىن «ئەقلىي مىللەت»كە يۈرۈش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا ...... ئا. راھمان 63
ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە تەرەققىيات ............ ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) 67

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ............ تەييارلىغۇچىلار: نىجات يۈسۈپ قاتارلىقلار 72


مۇقاۋىدا: ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب ھەزرىتى نىزامىدەدىن ئەلىشىر نەۋائىي (1501 - 1441)
ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان ھامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تەھرىرداكتورى: قۇربان ھامۇت

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى



# تەپەككۇردىن تامچىلار

ئابلەت قەييۇم

♥ ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمۇ، ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمۇ ئۆزى.

♥ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپ مەيدانغا كەلگەن نەرسىلەر ۋاقتى-قەرەلى توشماي تۇرۇپ تۇغۇلغان بالىغا ئوخشايدۇ.

♥ تەپەككۇر مېۋىسىنىڭ پىشقانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەت بىلەن تويۇنغانلىقىدا.

♥ باشقىلارنىڭ ئىزىنىلا باسقۇچى باشقىلارنىڭ سايىسىدۇر، ئۇ مەڭگۈ خەقتىن ئاشالمايدۇ.

♥ سەنئەت - دانالارنىڭ ساراڭلىقىدۇر.

♥ باشقىلارنى چۈشۈرۈش ھېسابىغا ئۆزىنى ئۆستۈرىمەن دېيىش، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى چۈشۈرۈپ، باشقىلارنى ئۆستۈرۈشتۇر.

♥ مۇتەپەككۇرلارنىڭ خىسلىتى تەپەككۇر قىلىش جاسارىتىدە، تۆھپىسى ھەقىقەتنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشتا، دانالىقى دۇنياغا ماھىيەت بەلگىلەشتە ئەمەس، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشتە.

♥ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقتا ئايلانغان پاجىئەلىك تەقدىرى تارىخنىڭ ياخشى نىيەتلىكلەرگە قويىدىغان سىنىقىغا ئوخشاپ قالغانىدى، مۇشۇ سىناقنى قوبۇل قىلىش جاسارىتىنى ئىپادىلەپ، سىناقتىن ئۆتكەنلەرلا تارىخىي سەھىپىلەرگە كىرىشكە مۇيەسسەر بولالىدى.

♥ دۇنيا بىزگە ئىلگىرىكىدىن گۈزەل كۆرۈنمىسە، بۇ بىزنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزدە قېتىپ قالغىنىمىز. ئەگەر دۇنيا ئىلگىرىكىدىن گۈزەل كۆرۈنسە، بۇ بىزنىڭ دۇنيا گۈزەللىكىنىڭ يېڭى-يېڭى پەردىلىرىنى ئاچقانلىقىمىز ھەم دۇنيانى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقىمىز.

♥ دىكتاتورنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى-ھاكىمىيەتنىڭ

## تەپەككۇر گۈلشەنى

ئىقتىدارسىزلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

♥ ۋەتەننىڭ چېگرىسى بولىدۇ، لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك چېگرا بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بەزىلەر چەت ئەلدە بولسىمۇ ۋەتىنىدىن ئايرىلمىغان بولىدۇ؛ بەزىلەر ئۆز ئېلىدە بولسىمۇ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ.

♥ ئۆز تارىخىڭىزنى بىلمىسىڭىز باشقىلار توقۇپ بەرگەن «تارىخ» ىڭىزنى تەن ئالىسىز.

♥ تۇيغۇ-سېزىملىرىڭىزگە ئېتىبارسىز قارىما، ئۆزىڭىزگە ئۇلاردىن ئەۋلىيالىق سېزەلەيسەن.

♥ ئۇستازى ياكى ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا «بىلەرمەنلىك» قىلىش ئەيىب ھېسابلانسا، ئادەمگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. ئادەمگە ھۆرمەت قىلىشنى ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىلىم-پەن روھى بولماستىن، مەنسەپ ۋە ئابروييپەرەسلىكتۇر.

♥ ئەي ئىنسان، ئىلىم دۇنياسىدا ئىككىلا نەرسە بار، ئۇنىڭ بىرى ئىلىم، يەنە بىرى بولسا سەن ئۆزۈڭ. ئەگەر ئىلىم سەھنىسىدىكى تۇرۇۋاتچىلىكىڭنى ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىم دەپ بىلسەڭ، ئىلىمنى ھۆرمەت قىلمىغان بولىسەن. پەندە سەن ئايايدىغان كۆڭۈل، ھېيىقىدىغان يۈز يوق. پىكرىڭنى دادىللىق بىلەن ئېيتىۋەرگىن. چوڭلارنىڭ ئالدىدا كىچىكلەر، ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكىلەر ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشى كېرەك دېگەندەك سىپايىگەرچىلىك قائىدىلىرىگە پەسەنت قىلمىغىن.

♥ ئادەمنىڭ مېڭىسى كۆپ ئىشلىگەنلىكتىن ئەمەس، كۆپ ئىشلىمىگەنلىكتىن كاردىن چىقىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى كۆپ ئىشلىگەنلىكتىن چارچىمايدۇ، بەلكى ئىشلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن چارچايدۇ.

♥ ئۆمرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىمىز تەلەپ قىلغان نۇقتىدا، ئاز قىسمىنى بىزنى تەلەپ قىلغان نۇقتىدا ئۆتكۈزىمىز. ئالدىنقىسى ئۆزىمىزنىڭ پەلسەپىۋى كاتېگورىيىمىز، كېيىنكىسى پەلسەپىنىڭ ئۆزىنىڭ كاتېگورىيىسى.

♥ ئازابلانماي غەزەپلەن، چۈنكى ئازاب ئادەمنى تۈگەشتۈرىدۇ، غەزەپ كۈچلەندۈرىدۇ.

♥ ئادەمنىڭ قىممىتىنى تارىخ ياراتقان ئۆلچەملەر بويىچە باھالاشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئادەملەر كۆپىنچە تارىخنىڭ ئەخلەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

♥ ئىنسانىي روھتىن مەھرۇم بولغان جەمئىيەت - ئۆلگەن جەمئىيەتتۇر.

♥ ئۆزگىچىلىكنىڭ سەۋەبلىك تەنقىدلەنگىنىنىڭ -مەدھىيىلەنگىنىڭ.

♥ باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتەي دېسەڭ، باشقىلار تېخى باسمىغان يوللارنى بېسىشىڭ كېرەك.

♥ بىراۋنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى قانداق قىلىشىڭنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالما.

♥ باشقىلارنى باشقۇرىمەن دېمە، قولۇڭدىن كەلسە ئۆزۈڭنى باشقۇرۇشنى ئۆگەن.

♥ ياخشى ئىشلارغىمۇ، يامان ئىشلارغىمۇ ئەقىل كېتىدۇ، شۇڭا يامانلىق ئەقىلسىزلىقتىن بولماستىن، پەزىلەتسىزلىكتىن بولىدۇ.

♥ ھازىر-سىناق ئۈستىدىكى، كۆرەش ئىچىدىكى پەيت، تەقدىر ئاچىلىدىكى قىسقىغىنە تاللاش پۇرسىتى.

♥ ئۆتمۈش تەسىرلىك بولىدۇ، كەلگۈسى رومانتىك بولىدۇ، ھازىرنى ئۇبدان ئويلىمىسا، ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

♥ نېمىنى ھالال دەيمىز؟ پايدىلىق نەرسىلەرنى.

♥ پرىنسىپقا توغرا كەلمىسىمۇ، ھەقىقەتكە توغرا كەلسىلا ھالال، ھەقىقەتكە توغرا كەلمىسە، پرىنسىپقا توغرا كەلگەن بىلەنمۇ ھارام.

♥ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى داھىيمۇ ئەمەس، ئەۋلىيا ياكى ئالىممۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بىلگەن كىشىدۇر.

♥ چۈشەنمەي تۇرۇپ گۇمانلىنىش-ھەقىقەتنى ئىزدەش، چۈشىنىپ تۇرۇپ گۇمانلىنىش-ھەقىقەتنى قوغداش.

♥ ئۆزىڭىزنى سورىمىسىڭىز باشقىلار تەرىپىدىن سورىلىسىز.

♥ كۆز ئاجايىپ يېقىملىقكى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ؛ كۆز شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقكى، كىشىنى ئەنسىزچىلىككە سالىدۇ.

♥ پەيلاسوپلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرا پىكىرلىكىدە ئەمەس، ئىلمىي ئىستىلغا ئىگە ئىكەنلىكىدە، چۈنكى توغرىلىق - نىسپىي، ئىلمىيلىك مۇتلەق بولىدۇ.

♥ دۇنيا نېمە ئۈچۈن يارقىن؟ ئۇ خۇشاللىق بېغىشلىغىنى ئۈچۈن، دۇنيا نېمە ئۈچۈن قاباھەتلىك؟ ئۇ ساڭا غەم-قايغۇ كەلتۈرگىنى ئۈچۈن.

♥ مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغ، مۇھەببەتتىنمۇ قۇدرەتلىك نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن كىشى-مۇھەببەتسىز كىشى.

♥ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى شۇنداقكى، سۆيمەكچى بولۇپلا سۆيگىلى، سۆيمەيمەن دەپلا سۆيمىگىلى بولمايدۇ.

♥ قىلىمەن دېگىنىڭگە ئىشەنمە، قىلغىنىڭغا ئىشەن.

♥ يامان ئادەملەرگە يامان كۆرۈنۈپ قالغانلىقىڭدىن ئەپسۇسلانما.

♥ دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە؟ تىل؛ دۇنيادىكى ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟ ئۇمۇ تىل.

♥ نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ خارلىغىنى تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ئازاب چېكىدۇ.

♥ تەبىئەتنىڭ ھەممىلا ئادەمگە سۆزلەيدىغان تىلى بار، لېكىن بۇ تىلنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغانلار بەك ئاز.

www.uyghurkitap.com

♥ ئادەم ئۆزىنى چۈشەنمىسە، دۇنيادىكى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ.

♥ ۋاقىتنىڭ قىممىتى چۈشىدىغان ئەھۋالمۇ بولامدۇ؟ بولىدۇ. ئىنتىزارلىق پەيتلىرىدە ۋاقىت پاخال نەرقى بولۇپ قالىدۇ.

♥ نىمىلا دېسە «ھە» دەيدىغان، ياكى نىمىلا دېسە «ياق» دەيدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولما.

♥ چۈمۈلىنىڭ ئالدىدا ئادەم ناھايىتى قامەتلىك، لېكىن چۈمۈلىنىڭ جاسارىتى ئالدىدا ئادەمنىڭ قامىتى ئەرزىمەس نەرسە.

♥ پۇقرانىڭ ئىقتىدارسىزلىقى -ئەيىب، ئەمەلدارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى جىنايەت.

♥ ھۇرۇن - يارىماس كىشىلەر خام خىيالغا ئەڭ باي كېلىدۇ.

♥ مەن مىللەتپەرۋەرلىككە نىسبەتەن بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى ، مىللەتچىلىككە نىسبەتەن ھېچقانداق مىللەتكە تەۋە ئەمەسمەن.

♥ سەنئەتسىز جەمئىيەت -رەڭسىز تەبىئەت.

♥ ھازىر ئۆتمۈشنىڭ تەرەققىياتى، شۇڭا ئۆتمۈشنى ھازىرنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا بولمايدۇ.

♥ ھېسسىيات شۇنداق نەرسىكى، كىشىنى خۇشاللىقتىن قۇترىتىدۇ، غەزەپتىن تىترىتىدۇ، ئاچچىقتىن يىغلىتىدۇ، ئازابتىن قېرىتىدۇ.

♥ روھنىڭ ئۆلگەنلىكى - ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئۆلگەنلىكىدۇر.

♥ بىر جەمئىيەتنىڭ قانداقلىقى شۇ جەمئىيەتنىڭ مائارىپ، سەھىيە، قاتناش، قانۇنچىلىق ئىشلىرىنىڭ قانداقلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

♥ ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەرتىۋىسى ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلىپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

♥ ھەقىقىي قوللاشقا تېگىشلىك نەرسە ھاكىمىيەت ئەمەس، ھەققانىيەت.

♥ بەخت ئېرىشىدىغان نەرسە ئەمەس، يارىتىدىغان نەرسە.

♥ ئەگەر خىزمەت غايە ئۈچۈن بولماي، جان بېقىش ئۈچۈنلا بولىدىغان بولسا، شاھلىقتىن مەدىكارلىققىچە ھەممە ئىش ئوخشاش.

♥ ئىنكار پەقەت يوقىتىش ھېسابىدىكى ئىنكار ئەمەس، يارىتىش ھېسابىدىكى ئىنكار بولۇشى كېرەك.

♥ توغرا ئىشنىڭ نەتىجىسى-مۇۋەپپەقىيەت، خاتا ئىشنىڭ نەتىجىسى -ئاچچىق ساۋاق.

♥ مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن، چۈنكى مەن ھەر قانداق ئىشنى پۇشايمان قىلماسلىق ئۈچۈن قىلىمەن.

♥ شان-شۆھرەتنىڭ قانچە ئاشقانسېرى ساڭا ئۇلىشىدىغان ساختىلىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ؛ قانچىكى تاسقىلىپ ياشىساڭ ھەقىقەت ساڭا شۇنچە روشەن كۆرۈنىدۇ.

♥ دۇنيادا بىھۇدە سۆزلەشنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتىنمۇ بىزارلىق ئىش يوق.

♥ سىر-ئادەمنىڭ مەنىۋى جان تومۇرى.

♥ بىر كۆڭلۈك كۆڭۈلسىز تۇرمۇش بىرتال رالك ھۇجەيرىسىگە باراۋەر.

♥ ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك دەسمايىسى -ياخشىلىق.

♥ - ئالىمنىڭ تەسىرى چوڭمۇ، ھۆكۈمراننىڭ؟ -ئەلۋەتتە ئالىمنىڭ. چۈنكى ھۆكۈمراننىڭ تەسىرى ئۆز تەۋەسى بىلەن چەكلىنىدۇ، بىراق ئالىم پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؛ ھۆكۈمراننىڭ تەسىرى ئۆز زامانىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئالىمنىڭ تەسىرى زاماندىن زامانغا داۋام قىلىدۇ.

♥ بىز ۋاقىتنىڭ ئۆزىمىزگە تەئەللۇق، تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ئۆزىمىزنىڭ شۇ ۋاقىتتا تەئەللۇق، تەئەللۇق ئەمەسلىكىدىن كۆرىمىز.

♥ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن دەۋرنى قۇتقۇزۇۋېلىش -بىزنىڭ كەلگۈسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز. بۇ خىل ۋەزىيەتكە بىپەرۋالىق قىلىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش - دەۋر ئالدىدىكى جىنايىتىمىز.

♥ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقلىق بولمىغان مىللەتنىڭ باشقا مىللەت بىلەن ئىناق بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

♥ تەنقىد قىلاي دېسىڭىز تەنقىد بىلەن غەيۋەتنى ئايرىۋېلىڭ.

♥ ئەڭ خەتەرلىك جايدا خەتەر ئەڭ ئاز يۈز بېرىدۇ.

♥ ئادەملەر تارىخنىمۇ، ھازىرنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ «مەن» دەپ قارىشى كېرەك.

♥ قىممەت قارىشى ۋە ئېتىقادنى ئېخىنىكا ۋە ئىقتىسادقا ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قاراش رېئاللىقنى توغرا ۋە تولۇق مۆلچەرلىگەنلىك.

♥ گۈزەل شەھەرلەر ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بىزنىڭ ھەيران قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ھوزۇرلىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى يۇرتىمىزنىڭ خۇنۈك قىياپىتىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈشىمىزگە بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن.

♥ دۇنيانىڭ گۈزەللىكى بىر خىللىقتا ئەمەس، ھەر خىللىقتا، ئوخشاشلىقتا ئەمەس ئوخشىماسلىقتا.

♥ ھەق ئۈچۈن ، خەلق ئۈچۈن ئەمەل- مەنسىپىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭمۇ شەرەپتۇر؛ ئەمەل -مەنسەپ ئۈچۈن ھەق ۋە خەلقتىن ئايرىلىپ قالغىنىڭغا لەنەتتۇر.

♥ ئادەم ئۆزىدىنمۇ چىن نەرسىنى مەڭگۈ ئىزدەپ تاپالمايدۇ.

♥ ئىچىدە كۈلۈش- بىچارىلەرچە كۈلۈشتۇر.

♥ ئۆزىڭىزنىڭ كۆرەش قىلىغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنىلا ئويلاپ، كۆرەش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىڭىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ.

♥ مال-دۇنياغا ھېرىسمەن كىشىنى مال-دۇنياغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمەل -مەنسەپكە ھېرىسمەن

كىشىنى ئەمەل-مەنسەپكە سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتكە ھېرىسمەن كىشىنى پەقەت ھەقىقەتكىلا سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

♥ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە چەكلىمىلىك ئېغىر بولغان جەمئىيەتتە تەرەققىيات قاششاڭ بولىدۇ.

♥ باشقىلارنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى سىزنىڭ باشقىلارنى قانچىلىك دورىغىنىڭ ئەمەس، ئۆزۈڭنى قانچىلىك ئىپادىلىگىنىڭ.

♥ ئۆزىنى دەۋر ئارقىلىق ئۆلچىمەي، دەۋرنى ئۆزى ئارقىلىق ئۆلچەش -سەنئەتتىكى ئىجادىيلىقنىڭ مۇھىم ئامىلى.

♥ ئەقىل-ئىنسان روھىنىڭ چىرىغى، ئۈمىدۋارلىق-ئىنسان روھىنىڭ ئېنېرگىيىسى، ئىرادە-ئىنسان روھىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى.

♥ ئادەم ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ-دۆلەتكە خان بولۇش ئەمەس، ئۆز-ئۆزىگە خان بولۇش.

♥ زەررىچە ئۆزگىچىلىك، زىيادە ئورتاقلىقتىن ئەۋزەل.

♥ ئادەمنىڭ ئەڭ غايىۋى كۈچىمۇ-مۇھەببەت، ئەڭ ئاجىز ھالقىسىمۇ-مۇھەببەت.

♥ كىمنىڭ دەۋاتقىنىغا قاراش ھاماقەتلىك، نېمە دەۋاتقىنىغا قاراش دانالىق.

♥ ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئالىمنىڭ بىلىمىنى ئەمەس، روھىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك.

♥ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇغاندىلا كۈچلۈك ئادەم بولۇشنىڭ شارائىتىغا ئېرىشىدۇ.

♥ بىز ئىلاھ ھەم ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەن كۈچلۈك ھەم ئاجىز.

♥ سەنئەت - قەلبنىڭ تىلىدۇر.

♥ دۇنيادىكى ئەڭ سىرلىق نەرسە ئادەمنىڭ روھىدۇر.

♥ بىز ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقىنىمىزدا ھەقىقەتمۇ بىزنى ئىزدەۋاتقان بولىدۇ.

♥ بىز كۆپىنچە ھەقىقەتكە يېتەلمەي ئەمەس ھەقىقەتنى بىلەلمەي قالىمىز.

♥ ئەڭ رەزىل ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئەڭ كاتتا توي مەرىكىسىدىن ئارتۇق.

♥ بىزنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا شىكايىتىمىز بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ بىزگە قارىتا شىكايىتى بولىدۇ.

♥ بىلىش-چېكى يوق يول، ئىنسانىيەت-توختاۋسىز كارۋان.

♥ قايتىدىن تىكلىمەك ئەڭ تەس بولغان نەرسە - تۆكۈۋالغان ئىناۋەت.

♥ باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلا ئەمەس، باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكۈچىمۇ بول.

♥ ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ تۇتاشقان جايى ھازىردۇر.

♥ - دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەكمۇ؟

- ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

♥ تېنىمىز ھەم روھىمىزنىڭ قانچىلىك خاتالىقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇلارنىڭ كۆتۈرەلمەي قالغانلىرىنىلا سېزەلەيمىز.

♥ -تەتقىقات روھىغا ئىگە ئادەم قانداق مۇھىتقا تەشنا؟

-ئەڭ مۇھىمى ئىدېئولوگىيە زوراۋانلىقى بولمىغان مۇھىتقا تەشنا.

♥ ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى دەسسەپ تۇرغان جەمئىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ھازىرنىڭ قىساسىنى تارتىدۇ.

♥ دۇنيادا ۋەھشىي مىللەت يوق، تەركىبىدە ۋەھشىي ئادەملەر بولمىغان مىللەتمۇ يوق.

♥ ياشانغانلارنىڭ دەۋر ئۈچۈن قىلىدىغان ئەڭ زور خىزمىتى ۋە دەۋرنىڭ ياشانغانلارغا قويىدىغان ئەڭ مۇھىم تەلىپى دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇش ئەمەس، بەلكى دەۋر يۈكسەكلىكى ئۈچۈن شوتا بولۇش.

♥ ئۆزىنى ئۇلۇغلاشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قانداقمۇ ھېس قىلالىسۇن..

♥ يېتەرسىزلىكنى تاپمىغىچە، مۇكەممەللىكنى تاپقىلى بولمايدۇ.

♥ تارازا باشقا نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىيەلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىيەلمەيدۇ.

♥ جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىنى كۈتۈپ تۇرۇش پاسسىپلىق، جەمئىيەتنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش -ئاكتىپلىق.

♥ ئاجىزلىقىڭىزنى قانچىكى ئېتىراپ قىلسىڭىز، شۇنچىكى كۈچلۈك بولىسىز.

♥ ئادەم-ئالەمنىڭ ئەپسانىسى.

♥ ئېتىقاد-ئىشەنچنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى.

♥ ئادەم نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇسى كەلمەي قىلىدۇ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ قىلالمايدۇ.

♥ ئادالەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئازابلىنىش - ئادالەتسىزلىككە تەن بەرگەنلىكتۇر.

♥ قىلالمايدىغان ئادەمنى قىلىشقا زورلىغان بىلەنمۇ قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ؛ قىلالايدىغان ئادەمنى قىلىشتىن توسىغان بىلەنمۇ قىلىدۇ ھەم قىلالايدۇ.

♥ بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ چېگرىسى ئادەمنىڭ جىسمىدۇر.

♥ شاتۇتى ئادەمنىڭ تىلىنى دورىيالايدۇ. بىر قۇشقا نىسبەتەن ئادەمنىڭ تىلىنى دوراش پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار. بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئاپىرىن ئېيتماستىن، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. سەۋەبى دوراMچىلىقنىڭ يىرگىنىشلىكلىكىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

♥ بوۋاقلار بىلەن بالىلاردا ئىنسان روھى بىلەن تەبىئەت روھىنىڭ بىرلىكى ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

♥ ئادەم باشقىلارنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكى بىلەن لاياقەتلىك. باشقىلارنىڭ ئىمتىھانىدىن قانچە ئەلا ئۆتسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىمتىھانىدىن شۇنچە ناچار ئۆتكەن بولىسىز.

♥ هۆرمەتلەشكە تېگىشلىكى كىشى ئەمەس ئىشىدۇر.

♥ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق-ئۆزىنى ئالداشتۇر.

♥ ئۆزىنى ئىپادىلەشمۇ-ئۆزىنى ئازاد قىلىش.

♥ ئادەم ئۆز تەبىئىيتى ئالدىدىلا ھەقىقىي مەغلۇبىيەتچىدۇر.

♥ ئۆزىدىكى زىددىيەت ئۆزگە بىلەن بولغان زىددىيەتنىڭ نېگىزىدۇر.

♥ ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىزنى سېلىشتۇرۇش-ھەقىقىي بەسلىششتۇر.

♥ ئات بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىقىدىغىنى ئادەم ئەمەس ئات تۇرۇقلۇق، شەرەپ ۋە مۇكاپاتنىڭ ئادەمگە بېرىلگىنى قىزىق.

♥ يېزىقچىلىقنىڭ غورۇرسىز تىپلىرىنىڭ بىرى، باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ يېزىش.

♥ غورۇرى يوق مىللەت - نامىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق مىللەتتۇر.

♥ ئالىم بولۇپ چىقالمىسىڭىزمۇ ئالىم تەربىيىلەپ چىقسىڭىز تۆھپە جەھەتتە ئالىم بىلەن تەڭلىشىسىز.

♥ بىز قىلغانلىرىمىزنىڭ ئېسىمىزدە قالمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئېسىمىزدە قالغىدەك بىرەر ئىش قىلمىغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلىنىشىمىز كېرەك.

♥ ئادەم قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقى بىلەن شۇ زاماننىڭ ئادىمى ئەمەس بەلكى قايسى زامانغا خاس ياشاۋاتقانلىقى بىلەن شۇ زاماننىڭ ئادىمىدۇر.

♥ هايۋان كەبىي ياشاش جاپاچېكىشتە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشىدە.

♥ خۇداسى بولمىغان ئادەم پەيلاسوپ بولالمايدۇ. چۈنكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى مۇتلەق روھ بىلەن مالاقەتتە بولۇشتۇر.

♥ ئۆلمەس ئادەمگە ئايلىناي دېسەڭ جىسمىڭنىڭ ھەيكىلىنى ئەمەس، روھىڭنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇر.

♥ دۇنيانىڭ ماھىيىتى نېمە؟

پەلسەپە نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - «ئۆز» ، ماتىماتېكا نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - ھەرىكەت، خىمىيە نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - ئۆزگىرىش، بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - ھاياتلىق، پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - روھ، سەنئەت نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - ئوبراز، ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - ماددىي بايلىق، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى - گۈزەللىك... دېمەك ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى - ماھىيەتلەر ئومۇمىيلىقىدىن ئىبارەت .

♥ ئادەمنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى - ھۈجەيرە، پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى - ئاڭ، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى - تىل، سەنئەت نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى قەلب .

♥ مۇتەپەككۇرنىڭ كىتاب ئوقۇغىنى كىتاب توقۇغىنى. ئۇ بىر كىتابنى ئوقۇسا ياكى شۇ كىتابنى تولۇقلايدۇ، تۈزىتىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ياكى شۇ كىتابنىڭ ئىلھامى بىلەن باشقا كىتاب يېزىپ چىقىدۇ.

♥ كىتاب-مۇتەپەككۇرنىڭ دوستى ھەم دۈشمىنىدۇر. (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ئازسانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئادەمنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر

ـ [illegible]



# ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە مائارىپ

ئىمىن ئەھمىدى

## 1

«ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە بىز بىلىدىغان ۋەقەلەر ئىچىدە قايسىلىرى تارىخ ھېسابلىنىدۇ دەپ سوئال قويساق، ئۇ چاغدا بۇ سوئالغا يەكۈن چىقىرىلغان ياكى يەكۈن دەپ قارالغان بارلىق نەرسىلەر تارىخ بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرمەي تۇرالمايمىز» ①. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ئارقىلىق شەرققە تارقىلىشى شۇنداقلا بۇيۇك يىپەك يولىنى بويلاپ غەربىي ئەللەرگە تەسىر كۆرسىتىشى ھەرگىزمۇ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس. ئۇنىڭ يىلتىزى تېرەن دەرەخكە ئوخشاش تەرەپ-تەرەپكە شاخلاپ، ئۆز مېۋىسىدىن ئۇيغۇرلارنى ۋە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنى بەھرىمەن قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان تارىخىي ھەقىقەت. ئۇنىڭ مەنبەسى مول بۇلاق سۇلىرىدەك كۆۋەجەپ، ئۆز تامچىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرغانلىقى جامائەت ئېتىراپ قىلغان پاكىت. بۇ ھەقتە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ باشلانغان مۇزىكىلىرى، ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرىنىڭ دەۋردىن دەۋرگە ئۇلىنىشى، روھىيەتنىڭ روھىيەتكە قوشۇلۇشى، ئەۋلادنىڭ ئەۋلادقا ئۆتكىتىشى ئارقىلىق ئەبەدىيلىككە ئايلانغان ئەنئەنە ـ

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

مىللىيەتلىكىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي تۇۋرۇكى ۋە مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە ئاللىقاچان «يەكۈن چىقىرىلغان ياكى يەكۈن دەپ قارالغان» رېئاللىقنىڭ ئۆزى.

مۇقام چەمبىرىكىنىڭ سەنئەت يالقۇنىدا كۆيۈۋاتقان مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار ھەمدە شۇ يالقۇننىڭ تېگى-تەكتىنى ئاختۇرۇپ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تەقدىم قىلىنغان بۇ ئۇلۇق تۆھپىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ھارماي-تالماي ئىزدىنىۋاتقان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە يوروشلەشتۇرۇلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك 12 مۇقامىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى. جۈملىدىن بۇ مۇقاملاردىكى «تىلسىز مۇڭ» (فارابىي سۆزى) دىن ئىبارەت مۇزىكىلارنىڭ زادى قانداق مۇڭ ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەپ بېرەلەيدىغان شېئىرلار ۋە خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە، «ئىنساننىڭ قەلبىدىكى نازۇك ھېسسىياتلارنى چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن چۇلغانغان بەدەننىڭ رىتىملىق، ئوبرازلىق، نەپىس ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھەمدە مۇشۇلارغا كۆرە ھاياتلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى نامايەن قىلالايدىغان» ② سىكىللىك ئۇسسۇللار ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ چەمبىرەككە مەيدىسىنى قاقلاپ، ئۇنىڭ تارىخىي يالقۇنىدىن ھوزۇر ئالغان، مۇزىكا دولقۇنلىرىدىن ساپ ئىشقىي-مۇھەببەت، ئۇسسۇل پەرۋازلىرىدىن قەيسەرلىك ۋە مەردانىلىق، ناخشا بۇلاقلىرىدىن ئارزۇ-ئارمان تېپىۋاتقان باتۇر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ

سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇقاملاردىن مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى چۈشەندى، بۇ مۇقاملارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللەتنىڭ پۈتكۈل تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس ھالدا باغلانغان ۋە ئورگانىك ھالدا گىرەلەشكەن مەدەنىيەت تارىخى، سەنئەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئوتقاشتەك جۇلالاپ تۇرغان غايىۋانە سىماسىنى، ئۇنىڭ ئۆلمەس تارىخىي ۋەسىقىلەردىن بىشارەت بېرىپ تۇرغان ئىچكىي قۇرۇلمىسىنى، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بىلەن، ھەر قايسى دەۋرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېتىك ئىنتىلىشى ۋە روھىي دۇنياسى، ئازابلىق سەرگۈزەشتىسى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى دۇنيا ئەھلىگە تونۇشتۇرىۋاتقان سەنئەتكارلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلاردەك سەنئەتخۇمار، ئەمگەكچان، باتۇر بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنىمۇ تونۇشتۇردى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئورۇندىلىۋاتقان مۇقام چوڭ نەغمىلىرى، مۇقام داستانلىرى، مۇقام مەشرەپلىرى ئالدىدا ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ ئولتۇرغان ھەر قايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەت تاماشىبىنلىرى ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىدىكى ئۆزگىچىلىكنى، ئۇنىڭدىكى ئىندىۋىدىئال خاسلىقنى، ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل مېلودىيىلىك بىرلىكنى پەۋقۇلئاددە قەدىرلىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، مەيلى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇقام تەتقىقاتچىلىرى بولسۇن، مەيلى چەت ئەللەردىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر بولسۇن، ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە مۇزىكا ساھەسىدە باشقا ھەرقانداق مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ-قوپالايدىغانلارنىڭ قاتارىغا تىزدى.



ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ئەسىردىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇزىكا تارىخىنىڭ سەلتەنەت ۋە شان-شۆھرەت بىلەن تولغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھايات-ماماتلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ مۇقاملارنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ھەمدە بۇ ئارقىلىق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى، ھىندى-بۇددا مەدەنىيىتى، يۇنان-گرېك مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھامىلىسىنى تەۋەللۇت قىلدۇرغان يىپەك يولى لىنىيىسىدە تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدەشكە تېگىشلىك مول مەزمۇنلۇق تارىم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقىدىن ۋە بۇ پايانسىز زېمىنغا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس ئاچقۇچىنى كۆمۈپ قويغانلىقىدىن «ئەيىۋەنناس!» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ھالبۇكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يەنى سېھرىي كۈچ بىلەن تولۇپ تاشقان مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ، ئۇنىڭدىكى ئەسىردىن ئەسىرگە ھالقىپ كېلىۋاتقان شېئىر-قوشاقلارنىڭ، ئۇنىڭدىكى جانىنى ئېلىپ [illegible] قويىدىغان جەزبىدار ئۇسسۇللارنىڭ ئومۇمىي تەتقىقاتى جەريانىدا بىر مۇھىم مەسىلىگە تازا دىققەت قىلىنمىدى. بۇ ھەقتە بەزى چەت ئەل ئالىملىرى، كومپوزىتورلار، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك مۇتەخەسسىسلەر ئۆزىنىڭ يېگانە ئەقىل-پاراستى بىلەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرلەر بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى تازا قوزغىيالمىدى. بۇ دەل ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەركىم ئۆزى خالىغانچە چېلىش، ئۆزى خالىغانچە ئېيتىش، ئۆزى خالىغانچە ئويناشتەك ئىستىخىيىلىك يوللار بىلەن تارقىلىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدىمۇ ياكى ئۇ مۇئەييەن ئېپتىدائىي تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە مەقسەتلىك يېتەكلەش، مەخسۇس ئورۇنلاردا شاگىرت يېتىشتۈرۈش، ئائىلىۋىي، مەھەللىۋىي مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋايىغا يەتتىمۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بىزنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز ھېچقانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا «ئۇ چاغلاردا مۇقامنى ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ئۇسۇل بىلەن ئورۇندىغان» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ قويىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەڭگىللىك بىلەن قىلىپ قويغان مۇشۇ سۆزلىرىگە كۆرە، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئالدىنقى مىڭ يىللىق تارىخىي قاتلىمىغا كۈيشۇناسلىق ئىلمىي تەپەككۇرى بويىچە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇيغۇر نەغمىچىلىكىنىڭ شەرققە كېچمىشى ۋە شۆھرەت قازىنىشىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە سۈجۇپ ئاقارى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا بايلىقىنىڭ غەربكە تەسىر كۆرسىتىشىدىكى ئاساس ياراتقۇچ نامايەندە ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئەلفارابىينىڭ» ③ ئەڭ دەسلەپكى مۇقام-مۇزىكا مائارىپىدىكى تۆھپىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىدى. ئۇلار ھەتتا قىدىرخان بىلەن ئامانىسساخانلارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى بويىچە بالاغەتكە يەتكەن، بۇ يولدا جانپىدالىق كۆرسەتكەن ۋە مۇبارەك نام-شۆھرىتى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان زاتلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى ئۈچۈن بىھېساب قان-تەر ئاققۇزغان جاپالىق مۇساپىلىرىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر رەسسام لىنوز ئۆزىنىڭ «تەسەۋۋۇر ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا پىلاتوننىڭ «سەنئەتنىڭ ماھىيىتى تەبىئەت دۇنياسىنى دوراش» دېگەن قارىشىنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەت ۋە تەسەۋۋۇر دېگەن نەزەرىيىنى

ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دەرۋەقە، قىدىرخان بىلەن ئامانىنىساخانلار 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بارغان مۇقام ئىسلاھاتىدا ئەسلىدىكى قۇمۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى، كوچا مۇقامى، دولان مۇقامى ۋە قەشقەر مۇقاملىرىنى دوراپ ئولتۇرمىدى.

گەرچە مەشرەپ خاراكتېرىنى ئالغان بۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىۋەتلەنگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك 12مۇقامى بىلەن ئېگىزلىك، قانداشلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىدىرخان، ئامانىنىساخان ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ بۇ مۇقاملارغا يېڭى هاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇلار «مىللەتنى، هاكىمىيەتنى، مەدەنىيەتنى روهىيەت جەهەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، ئەنئەنە ئاساسىدا گۈللەندۈرۈشكە» ④ پايدىلىق بولغان شۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا مۇقام مائارىپىنىڭ تۈنجى بىخلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەگەر شۇ قېتىمقى ئاقارتىش خىزمىتى بولمىغان بولسا، ئاساسلىقى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي هەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرى بىلەنلا چەكلەنگەن مۇقام تېكىستلىرى قاتارىغا بۇ هەزرەتتىن كېيىن ئۆتكەن بىر تالاي شائىرلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ كىرەلىشى تەسكە توختايتتى. شۇنداقلا بىر تالاي خەلق قوشاقلىرى ۋە داستانلاردىن پارچىلارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك 12 مۇقامدىن ئورۇن ئالالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، هەركىم ئۆزى خالىغان ئۇسۇل بويىچە ئورۇندايدىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇشى بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا هازىرقىدەك يۈكسەكلىككە، مۇكەممەللىككە يېتىشى مۇشكۇل ئىش ئىدى.

## 2

قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوت-چۆپ ۋە ئېقىن سۇلارنى قوغلىشىپ، تېنىم تاپماي كۆچۈپ يۈرگەن ھەمدە هاياتلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تۈپەيلى ئويۇن-تاماشىدىن كۆپرەك ئات ئويىنىتىپ، ئوقيا ئېتىشقا، سودا-تىجارەتتىن كۆپرەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە هېرىس بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا هەم «ناخشا-ئۇسسۇلغا بولغان قىزىقىشىنى قىلچە سۇسلاشتۇرمىدى»، «ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەيلى مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، داقا-دۇمباق، مەيلى ئات ئويۇنلىرى، ئوغلاق ئويۇنلىرى، دارۋازلىق، باغ مەشرەپلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ هېچبىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن نېرى قىلمىدى» ⑤. ئەينى ۋاقىتتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بۈيۈك يىپەك يولى ئۆتەڭلىرىدە گاھ توپلىشىپ، گاھ تارقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى هاياتى ۋە ماددىي مەئىشەتلىرىگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان هەر خىل مەدەنىيەت چۆكمىلىرىگە، ئۆزلىرىدىكى مۇقىم ياكى نىسپىي مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ۋە شەهەر-قەلئە مەدەنىيىتىگە يۈزلەنگەن پىسخىك هالەتلىرىگە كۆرە سەنئەتنىڭ هەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆزلىرىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارنى باشقا هەر قانداق قەبىلىلەر ۋە قېرىنداشلىرىدىنمۇ بەكرەك ئىپادىلىدى.



ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن خوتەن بۇددىستلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ تۇرغان تۇرپان-قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى، ئىسلامىيەت ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلەپ، بۇددا دىنىغا بولغان ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئاخىرلاشقان مەزگىلدىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىدىكى مول مەزمۇنلۇق فولكلور مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئەتنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىگە بولغان قىزىقىشىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاپ قالالىدى. ناغرىخانا، ئائىلىۋىي، مەهەللىۋىي مەشرەپلەر ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۆگىنىش، داپەندىلىك، ساتاركەشلىك، ئۇسسۇل ئويناش سورۇنلىرىغا ئايلاندى. 16-ئەسىردىن كېيىنكى هەر خىل شائىرانە ئولتۇرۇشلار، شاگىرتخانىلار يوقۇرىدا شەرھىيلەنگەن چارىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇز دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان يىللىرىدىكى ئىپتىدائىي كونا مائارىپىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇردى. دىنىي جاھالەتنىڭ بۇرۇختۇملۇقى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىڭرىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن-ئۇنىڭدىكى قايغۇ-ئەلەم، ئارزۇ-ئارمان، ئىشقىي-مۇهەببەت ئىزهار قىلىنغان تېكىستلاردىن ئۆزلىرىنىڭ غېرىبانە كۆڭلىگە تەسەللىي تاپتى. ئاممىۋى تۈس ئالغان بۇ دەبدەبىلىك مەنزىرىلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بىر مەزگىللىك تارقاق، چېچىلاڭغۇ هالەتتىن قۇتۇلدۇردى. دەل مۇشۇ خىل شەكىللەر پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى «ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى»، پۈتكۈل ئەل-يۇرتنى «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» قىلىپ چىقىشتا ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلدى.

## 3

«مۇزىكا ئاۋاز ئەمەس، بەلكى تۇيغۇ» ⑥. ئۇ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى غەرب رومانتىزم مۇزىكا ئېقىمىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «ئاۋازلىق تىل تاماملانغان جايدىلا باشلىنىدىغان» هېسسىياتلىق تىل. شۇڭا، ئادەملەر فىزىئولوگىيىلىك تىل بىلەن پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىزهار قىلالايدۇ، خالاس. ئەكسىچە مۇزىكا تىلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىچكى دۇنياسىنى، قەلب سىرىنى، هېسسىياتىنى ئاشكارىلايدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسەن «روهنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇرلۇق

www.uyghurkitap.com

ۋە تېپىلمىلىك جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەممە شادلىق - خۇشاللىق، قىزىقچىلىق، يەگگىلتەكلىك، كەيپسىزلىك، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان جىمىكى غەم-ئەندىشە ، ساراسىمە، قايغۇ-ھەسرەت، كۆڭۈل ئاغرىقى، ئۆكۈنۈش ۋە ھىجران قاتارلىقلار تاكى مۇھەببەتتىن ئەيمىنىشتەك كەيپىياتلارنىڭ ھەممىسى مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە كاتېگورىيىگە مەنسۇپ» ⑦ بولىدۇ. دېمەك، قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇغا تايىنىپ مۇزىكىنىڭ تىلىنى چۈشىنىۋاتقان ئادەملەر مەيلى بۇ مۇزىكا ئۆز ئەجدادلىرىدىن غەيرىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تېپىگە ئۆزلىشىپ قالغان مۇزىكا بولسۇن، ياكى غەيرىي مىللەتلەردىكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تېپىگە يېقىن كېلىدىغان ، ياندىشىدىغان مۇزىكا بولسۇن ، ئۇنى بىر ئامال بىلەن ئۆزىنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت تېپىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئۆز مىللىتىنىڭ ئىرسىيەتلىك مۇقاملىرىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغان ئۇيغۇرلار ئۇلارنى تەۋەررۈك بۇيۇم تەرىقىسىدە جان-جەھلى بىلەن ساقلىدى، ھىمايە قىلدى، ئۇنى مەدەنىيىتىنىڭ بايرىقى ئورنىدا كۆتۈرۈپ كەلدى، بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن ئۇنى تەشۋىق قىلدى. ئالايلۇق ، خەنسۇلالىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىغا ئىككى قېتىم كېلىشكە مۇيەسسەر بولغان جاڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 120-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۆز زامانىسىدىكى غەربىي دىيار چالغۇلىرى ۋە قۇمۇل رايونىدا بۈگۈنكى كۈندە «ئۇلۇغدۇر» ، «مۇقدۇر» نامىدا ئاتىلىۋاتقان ، خەنزۇ تىلىدا بولسا «ماخې دولى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان چوڭ ۋە مۇجەسسەملەنگەن يەرلىك نەغمىنى چاڭئەنگە ئېلىپ باردى. غەربىي يۇرتنىڭ شەھەر-قەلئە، دۆلەت ئوردىلىرىدا ، بوستانلىقلىرىدا پەيدا بولغان ۋە تاكامۇللاشقان بۇ نەغمە خەنسۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا مۇزىكا ئۈلگىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. مۇشۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا يەنە كۆپ تۈركۈمدىكى غەربىي يۇرت چالغۇلىرى ۋە نەغمىلىرى ئىككى خەن دەۋرىدىكى ئوردا مەھكىمىلىرىدىن ئورۇن ئالدى ھەمدە لەشكەرگاھلاردا ، ئولتۇرۇش - بەزمىلەردە ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى.

غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكا - نەغمە ھالىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى كۈسەن نەغمىلىرى بىلەن باشلاندى. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى جىن خانلىقىنىڭ سەركەردىسى لۈي گۇاڭ (337-399) بۇددا ئالىمى كۇمراجىۋانى شۇ چاغدىكى كۈسەن مۇزىكانتلىرى ۋە ئۇسسۇلچىلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۈسەن نەغمىلىرىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيار ئۇسسۇل-مۇزىكا سەنئىتى ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە يىلتىز تارتىپ قالدى. مىلادى 558-يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 568-يىلى) كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى مۇقانخان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىزى ئاسىنابىكەنى جۇمىڭدى خانغا ياتلىق قىلدى. ئاسىنابىكە شۇ يىلى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەندىن يولغا چىقىش ئالدىدا بەزىدە تەڭرىتاغنىڭ چوڭ يۈلتۇز دالىسىدا، بەزىدە پەرغانىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن جايدا بارگاھ قۇرۇپ ھاكىمىيەت سوراۋاتقان تاغىسى ئىستەمىخاننىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق كۈسەندە تۇرۇشلۇق مۇزىكانت سۇجۇپنى چاڭئەنگە بىللە ئېلىپ كەتتى. مۇشۇ نۆۋەتتە سۇجۇپ بىلەن بەيجىتۇك ئاقارى، بەيماندا (بەگمانتۇر) ئاقارى قاتارلىق مەشھۇر سازەندە، مۇزىكانت، ئۇسسۇلچىلارمۇ بىللە كەلدى. نەتىجىدە كۈسەن كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى، كۈسەن نەغمە - ئۇسسۇلى، كۈسەن چالغۇلىرى ئۈستۈنلۈكىدىكى مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى «سۈي سۇلالىسىدىن باشلاپ جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا دەۋر بۆلگۈچ زىلزىلە ۋە يېڭىلىق پەيدا قىلدى» ⑧. «غەربىي دىياردىن كەلگەن يېڭى مۇزىكىلار تاڭ مۇزىكىلىرىنىڭ يېڭى نەغمىلىرىنى شەكىللەندۈردى؛ غەربىي دىياردىن كەلگەن يېڭى چالغۇلار تاڭ مۇزىكىلىرىغا يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى؛ غەربىي دىياردىن كەلگەن يېڭى مۇزىكا ئۇسلۇبى تاڭ مۇزىكىلىرىغا يېڭى قىياپەت بېغىشلىدى» ⑨. ئۇيغۇر مۇقام - مۇزىكىلىرىنىڭ بولۇپمۇ تۇرپان-قۇمۇل مۇقام- مۇزىكىلىرى ۋە كۇچا (كۈسەن) مۇقام - مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەسىرى ۋە بۇ مۇقام -مۇزىكىلارنىڭ شۇ جايدىكى تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتا تېخىمۇ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. مۇزىكىدىن ئىبارەت تەرجىمان كەتمەيدىغان خەلقئارالىق بۇ تىل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مىللىتىنى قانداق مەھلىيا قىلغان بولسا، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىمۇ شۇنداق جەلپ قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ مۇقام - مۇزىكىلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تاپتى . ئۇلار ئائىلىۋى، مەھەللىۋى مەشرەپ سورۇنلىرى ، ئوردا ۋە مەھەللىۋى شاگىرتخانا، ناغرىخانا قاتارلىق جايلارنىڭ ئۇيغۇر مۇقام -مۇزىكىلىرىنىڭ مەكتىپى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. بۇ ئەھۋال ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئەلفارابىنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدە كاتتا مۇقام ۋە مۇزىكا قىزغىنلىقىنى قوزغىغان بولسا، نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىشىنى، تارىختىن ئۆچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سېلىپ بەردى ۋە ئۇنى تۆردى ئاخۇن ئاكا ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يەتكۈزدى .

دېمەك، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىش تارىخىنى مۇقام مائارىپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» ⑩. گەرچە ئۆز ۋاقتىدىكى ۋە ئەسىرلەر مابەينىدىكى مۇقام مائارىپى ھازىرقىدەك مۇكەممەللىككە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ، ئۇيغۇر مۇقام، ناخشا -قوشاقلىرىنىڭ، سەنەم-ئۇسسۇللىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئىپتىدائىي مۇقام مائارىپى بۆشۈكىنىڭ ئەللەيلەشلىرىدىن ، شۇ ئەسىرلەردىكى مۇقام مائارىپى پېشىۋالىرىنىڭ مېھنەت ئەجرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك 12مۇقامى ، ھازىرغىچە كۆزنى قاماشتۇرۇۋاتقان يەرلىك مۇقام ئۇسسۇللىرى، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىۋاتقان مۇقام ناخشا تېكىستلىرى ھەرگىزمۇ ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن ئەمەس، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ ئاساسىدا بىزگىچە يەتكۈزگەن مەڭگۈلۈك سەنئەت ئابىدىسىدۇر.

غەيرەت مەتتىمىن فوتوسى

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى (M2)

## ئىزاھلار

① مېبى: «تارىخشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى» ② چېن چيۇ: «ھازىرقى زامان سەنئەت نەزەرىيىسى» ③، ④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ⑤ لىۋيىنالڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ⑥ ياك. مارتىيان: «سەنئەت ۋە شېئىرىيەتتىكى ئىجادىي بىۋاستە سېزىم ھەققىدە» ⑦ گېگىل: «ئېستېتىكا» ⑧ ھاياسى كېنزو: «سۈي-تاڭ بەزمە نەغمىلىرى تەتقىقاتى» ⑨، ⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»



# ساپا ۋە ماغزاپ

(ئەبجەش خاتىرىلەر)

ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى)

## 1

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي بوھران توغرىلىق ئەستايىدىل ئويلىنىپ باققان بىرەر ئۇيغۇر بارمۇ-يوق؟ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە باشقا نۇرغۇن سىياسىي مەسىلىلەردە كلىنتون ۋە سادامنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسىدەك كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەيدىغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ مىللىتىمىزنىڭ سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقىنى، خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ھېسسىياتىنى چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىكى دەلىلسىزلىك ۋە ساددىلىق ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بويىنىمىزدىكى «ئېتىنىڭ مەڭدىكى مىللەت»لىك تامغىسى تۇمارغا ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى نامراتلىقنى ئاشكارىلايدۇ.

ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن زور بولغان، دۇنيانىڭ سىياسىي قاتلىمىدىكى ئىنقىلابلار ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خامىنىغا ئالتۇن باشاقلارنى تاشلاپ كەلگەن بۇ مىللەت بىرەرتال دانمۇ تاشلاپ قويالمىدى.

ئەدەبىيات گۈلزارى

تورغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان پىلە قۇرتىدەك خامۇش ھالدا ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، قەدەمدە بىر پەشۋا يەپ، سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان بىر پېچكىسىغا ئايلىنىپ قېلىش زامانىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى بولدى. ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك بوشۇككە چىڭ بۆلەنگەن بۇ مىللەت قولىقىنى چىڭ يۇيۇرۇپ، جاھالەت ۋە نادانلىقىنىڭ قازىنىدا ھارغىچە قايناپ، ياقىنى ئېتەك، ئېتەكنى ياقا قىلىپ، زامانىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە: بۇ دۇنيا كۇپپارلارنىڭ، ئۇ دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ، دېگەن ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان قارغىشتەككۇر ئەقىدە، گوموشلارچە پەرۋاسىزلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ۋۇجۇدىدا، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان بىر خىل سۇدا ئاقماس، ئوتتا كۆيمەس پىشىپلداق روھنى يېتىلدۇرۇپ قاتارغا قوشتى. خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا ئەخمىقانە تەلۋىلىك بىلەن تالىشىپ مۇلاھىزە قىلىپ كېتىدىغان مىجەز بولسا، تارىم ۋادىسى دۇنيا مەدەنىيىتىدە خورازنىڭ تاجىسىلىق رول ئويناپ كەلگەن دەۋرلەردە، ھونلار ئات ئۈستىدە دۇنياغا خوجايىنلىق تۇيغۇسى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان زامانلاردا ئۇلارنىڭ ھۆجەيرىلىرىگە ئورناپ كەتكەن ئۇلۇغلۇقنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئاچچىق ئىزتىراپى ئىدى، خالاس.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي بوھران زادى قانداق ئىش؟ تەسىر جەھەتتە پارس قولتۇقى كرىزىسى بىلەن تەڭلىشەلەمدۇ؟

www.uyghurkitap.com

بەلكىم ھېچكىم بۇ سوئال ھەققىدە جاۋاب ئىزدەپ باقمىغاندۇ؟ بۇ بوھراننى ئاددىي بىر نەچچە جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولماق قىيىن. لېكىن بۇ بوھراننىڭ تەۋرىنىش دولقۇنلىرى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەڭ ئىچكىرى بۇرجەكلىرىگە قەدەر يېتىپ باردى. بوھران چەمبىرىكى ئىچىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى نەچچە ئون يىل چېكىنىپ كەتتى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى ۋەيران بولۇش گىرداپىغا بېرىپ قالدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز بولۇپ كەلگەن رايون بولۇپ، دۇنيانىڭ ياپونىيەدىن كېيىنكى يېڭى ئىقتىسادىي مۆجىزىسى ئىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى بوھران ئىقتىسادشۇناسلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. شەكىلدىكى تەرەققىياتنىڭ، تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى ئىككى خانىلىق سانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى. ماغزاپ ئىقتىساد دېگەن ئاتالغۇ (كۆپۈكتەك، ماغزاپتەكلەيلەپ كۆزگە ئاجايىپ-غارايىپ ھالدا چېلىقىدۇ، كۆرۈنۈشتىكى تەرەققىياتنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىدە) ناھايىتى تېز لا ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ لۇغەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ ماھىيىتىگە ئېغىر بىر سوئال بەلگىسىنى قويۇپ قويدى. بۇ، گۈللىنىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىخچام ھالدا خۇلاسىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى.

ماغزاپ. . . ؟!

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنى شېئىرىي تىلدا ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگىلى بولغان بىلەن، ئۇز قانۇنىيىتى بويىچە شەرھىيلەپ بەرمەك سەل تەس. ئۇنى شەرھىيلەش ئۈچۈن سوغۇققان پەلسەپىۋى تەپەككۇر، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەت قاتلىمىغىچە ئېنىق كۆرۈپ خۇلاسە چىقىرالايدىغان كۆز كېرەك.

دۇنيا بىر ئويۇن سەھنىسى. بۇ سەھنىدە ئاساسلىق روللارنى ئېلىش ئۈچۈن بەزىدە ئېزىپ كېلىپ قالىدىغان تەلەيگە ئەمەس، تەلەيىنى قولىقىدىن تۇتۇپ مەجبۇرىي چاقىرىپ ئەكىلىدىغان ماھارەتنى ئىگىلەش كېرەك. بۇ خىل ماھارەتنى مۇزىكا ۋە شېئىردىن ئىبارەت ئىككىلەمچى نەرسىلەر (ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى) مەڭگۈ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

## 2

ماغزاپ ئىقتىسادنىڭ ئالامەتلىرى بىزدە ئىنتايىن كۆپ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئىشلار دەل شۇنىڭ دەلىلى: مىسالى كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە كىچىك مەيخانىلارنىڭ بىر مەزگىل كوچا-كوچىلارنى قاپلاپ بىر يىل ئۆتمەيلا خارابلىشىشى، كوچىلاردا يايمىلارنىڭ بىردىن كۆپىيىپ خېرىدارىدىن ساتقۇچى جىق ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى، بىر-بىرىدىن قىستالغان، تەر پۇراپ تۇرىدىغان توپ سېتىش ئورۇنلىرى. . . بۇنداق ئەھۋاللارنى ساناپ كەلسە خېلى كۆپ. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ تورمۇشتا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى تەڭشىيەلمەسلىك تەبىئىيكى ماغزاپلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نېمىشقا بۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟ سىياسىي شوئارلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىكى ئېقىمغا ئەگىشىش، خەققە نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ دەپ قارايدىغان قارىغۇلارچە تەۋەككۇلچىلىك، مۇستەقىل تەھلىل قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاجىزلىقى دەل مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ توپ سەۋەبىدۇر. بازار ئىگىلىكى جەريانىدا بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلانماق تەس. پىلانلىق ئىگىلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ خەلقنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن بەزى قۇربانلارنى بەرمەي بولمايدۇ. لېكىن قۇربان بېرىشنىڭ تېگىدە قانچىلىك پاجىئەلەر مۆكۈنۈپ ياتىدۇ، ئويلىنىپ بېقىش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا ئىستېمالنى ئالامىدە ئورۇنغا قويۇش بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىن تارتىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەدناسى يۇرت ئاتىلىغانلارنى «ھاۋا-سۇيىگە كۆنەلىدىڭمۇ» دېگەن سوئال بىلەن يوقلاپ تۇرىمىز. تېخى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئەمگەكچان خەنزۇ خەلقى «تاماق يېدىڭمۇ» دېگەن سۆزنى سالام ئورنىدا ئىشلىتىدۇ (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار تارىختىن كېلىۋاتقان سالاملىشىشتىكى بۇ ناچار ئادەتنى تاشلىدى. مۇھەررىردىن). ھەتتا بەزىدە مەن ئىنگلىزچە «ئادەم» دېگەن سۆزگە قارىسام كۆز ئالدىمغا دۇنيانىڭ تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرىۋاتقان، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزلەۋاتقان بىر ئەركىن - ئازادە ئادەم كەلسە، خەنزۇچە «ئادەم» دېگەن خەتكە قارىسام كۆز ئالدىمغا چۈمۈلىدەك تىنىمسىز ئەمگەك قىلىۋاتقان، قوش مۇشتۇمىدەك چوڭ ھور ناننى ئىككى قاساپ ئاغزىغا لىق تولدۇرغان، قوۋۇزلىرى كۆپۈپ ياڭاقتەك تومپىيىپ چىققان بىر ئادەم كېلىدۇ. ئۇيغۇرچە «ئادەم» دېگەن سۆزگە قارىغىنىمدا بولسا، خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ تۇرغان، كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە قايغۇ-ھەسرەت يوشۇرۇنغان، كىملەرنىڭدۇر كەينىدىن قاقشاپ، بىكار تەلەپلىكتىن كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرگەن بىر ئادەم كېلىدۇ. ھەر قانچە قىلسامۇ كاللامدىن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى چىقىرىۋېتەلمەيمەن.

مەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگىلى ئون يىل بولدى. بۇ ئون يىل جەريانىدا ئۈرۈمچى بەكمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. قەۋەت-قەۋەت بىنالار سېلىنىپ ئاسمانغا تاقاشتى. لېكىن بۇ بىنالارنىڭ زور كۆپچىلىكى مېھمانخانا ۋە سودا سارايلىرى. مېھمانخانىلار ھازىرمۇ توختىماي سېلىنىۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەبلىغى دەرىجىسى بۇلتۇز بىلەن ئۆلچىنىدىغان مېھمانخانىلارنى سېلىشقا كەتتى. ئەلۋەتتە بۇ مەبلەغ ئاسماندىن چۈشمىگەن، ھامان بىر كۈنى قايتۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن قاچاندۇر بىر كۈنى نەچچە مىليون مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراش تەييارلانغاندەك بەس-بەستە سېلىنغان بۇ مېھمانخانىلارنىڭ ھەشەمەتلىك ياتاقلىرىنىڭ %70تى ھازىر بوش - بىكار ئىكەن. جوڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ياكى نامرات. ئۇنداقتا بىلەت باھاسى دوللار بىلەن، يۈز نەچچە يۈەنلەپ پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بۇ مېھمانخانىلاردا كىم ياتىدۇ؟ مەبلەغنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك جايلارغا ئىشلىتىلمەسلىكى ئەلۋەتتە چوڭ ئىسراپچىلىق.

يەنە بىر مەسىلە، سودا ساراي سېلىش قىزغىنلىقى. شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات دوقمۇشلىرىغا بىر-بىرىدىن ھەشەمەتلىك، كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ سودا سارايلىرى ئارقا-ئارقىدىن سېلىنىۋاتىدۇ. بەش قەۋەتلىك سودا ساراي پۈتكەن كۈنى تۆت قەۋەتلىك سودا ساراي ۋەيران بولىدىغان ئەھۋالغا ئېھتىمال ئۈرۈمچىلىكلەر ئادەتلىنىپ قالدى. ئەسلىدە سودا شىركەتلىرى سودا سارايلىرىنى سېلىش ياكى يېڭىلاش بىلەن رىقابەتلىشىپ يۇرگىچە تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتى، ئىشەنچلىكلىكى، ئەرزانلىقى بىلەن رىقابەتلەشكەن بولسا، ئۆزلىرى كۈتمىگەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ھازىر دۇنيادا ئېقىمۋاتقىنى بىر نەچچە ئاي، بىر نەچچە يىللىق ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ ئەمەس، نەچچە ئون، 100 يىللىق ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ. بەزى ماركىلارنىڭ داڭلىق بولۇشىدىكى، نۇرغۇن خېرىدارلارنىڭ شۇ خىل ماركىغا تەلۋىلەرچە چوقۇنىشىدىكى سەۋەب ماركا ئىگىسىنىڭ ماركىسىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگىكىدە. يېڭى سودا سارايلىرىنىڭ ئىش باشلاپ لېنتا كەسكەنلىكى بىلەن بەزى سودا سارايلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تولا ئاڭلانغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ھازىر ھېچكىم ھەيران قالماس بولۇپ قالدى. لېكىن مۇشۇ ئون يىلدا

مەن ئۈرۈمچىدە 10مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بىرەر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىمىدىم. «1-ئىيول» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «1-ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە زاۋۇتى... قاتارلىق يىرىك كارخانىلار 10يىل ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ بار.

ئۈرۈمچىدىكى شۇنداقلا جۇڭگودىكى يەنە بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال شەھەرلەرنىڭ مەركەزلىرىگىچە قۇرۇۋېلىشقان سانجاق-سانجاق ئاشخانىلار. ھەقىقەتەن خەنزۇلار، تۇڭگانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانا ئېچىشتا ئېپى بار. جۇڭگو قورۇمىلىرى دۇنياغا داڭلىق. ئاشخانىلارنىڭ كۆپلىكى بىر تەرەپتىن ئادەمگە باياشادلىق تۇيغۇسى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزى ئاچلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

مەبلەغنىڭ ئورۇنسىز جايلارغا ئىشلىتىلىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك كونكرېت پىلاننىڭ بولماسلىقى، سىياسەتتىكى تۇراقسىزلىق ماغزاپ ئىقتىسادنىڭ ئەڭ مۇھىم خېمىرتۇرۇچىدۇر. رەڭ ۋە سۈپەتتىكى يالتىراقلىق ئادەمنى جەلپ قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا جىڭغا ئولتۇرىدىغىنى ھەقىقىي ساپا.

### 3

مودا زامانىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى. نۇرغۇن كىشىلەر «مودا»نى تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىقنىڭ بەلگىسى قىلىشىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مودا زاماننىڭ رەڭۋازلىقى ئالدىدا تەۋرىنىۋاتقان ئادەملەر تۈركۈمىنىڭ بىردەملىك ھېسسىيات تەرىپىدىن تەسلىم قىلىنىشىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئوڭاي شەكىللەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىنى ئاقتۇرسىڭىز ئەڭ ئاۋۋال دۈچ كېلىدىغىنىڭىز قاتارلىشىپ ياتقان يىللار دۇۋىسىدۇر. ۋاقىت مەدەنىيەتنى پىرىسلايدۇ. مەدەنىيەت ئەسىرلەر جەريانىدا ھەر خىل سىرتقى ئامىللارنىڭ قىسىپ يانچىشى، سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ مەھكەم بىرىكىدۇ. بۇ جەرياندا مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ئامىللىرى شۇ مىللەت تۈپىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بايقىشىغا ئاساسەن تاللىنىپ، شاللىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئېسىل، ھاياتىي كۈچكە ئىگىلىرى داۋاملىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئورتاقلىقى شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدىكى قىممەت قاراشلىرى سىناقتىن ئۆتكەن، تاۋلانغان بولىدۇ. ناتونۇشلۇقتىن تونۇشلۇققا، تونۇشلۇقتىن يېقىنلىققا، يېقىنلىقتىن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن ئاجىز كەلگەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئىلگىرىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئەمدى كەمچىلىك دەپ قاراپ، رەقىبىنىڭ ئۆزىنى يەڭگەندىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆزىنىڭكىنى ئۆلچەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە. روھىي چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇنازىرىدەك ئەھۋاللار مەيدانغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممەت تارازىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت تۈپى ھەر خىل تاللاشلارنىڭ ئالدىدا گاڭگىراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ھەر خىل ئەخمەقلىقلەرنى قىلىشىدۇ. بۇ ئەخمەقلىق، تۇترۇقسىزلىق سۈپەتلىنىپ مودا دەپ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يۈز بەرگەن ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ھەر قانداق يۈرەكتە پاك ۋە سەممىي مۇھەببەت ھېسلىرىنى قوزغايدىغان سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىشىپ بۇدرە قىلىشى، ھەر خىل رەڭدە بويىشى، تەبىئىي گۈزەللىكتىن قېچىپ، سۈنئىي گۈزەللىككە مەيلىنى بېرىشى، جاھان سەھنىسىنىڭ ئاساسلىق رول ئالغۇچىلىرى بولغان غەرب مىللەتلىرىنىڭ تۇرقىنى تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ چىققان پاجىئە، خالاس. خەنزۇ خوتۇن-قىزلىرى بۇ نۇقتىنى بىزدىن بۇرۇن ھېس قىلدى. ئۇلار ھازىر ئۆز تەبىئىي گۈزەللىكىنى ئىزدەش يولىدا زېھىن سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يولدىن ناھايىتى تېز يېنىشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە خېلى مۇكەممەل ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى كۈچ كۆرسەتكەنلىكتىن بولدى. بىزنىڭ ھوشىمىزغا كېلەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب تەقدىرىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان چۈشكۈنلۈك، ئىنكارچىلىقتىن بولسا، غەربلىكلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئوڭايلا مەپتۇن بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، مەدەنىيەت قاتلىمىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلتۈرگەن قوبۇل قىلىش خاراكتېرىدىن بولدى.

ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت بىلەن ئىجتىمائىي مىللەت ۋە سىياسىي مىللەتتىكى مودىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ. سىياسىي مەنىدىكى مىللەتتىكى مودا ئۇلارنىڭ پىكرىدىكى تويۇنۇش ۋە مۇستەقىللىقتىن، ئۆزگە ئىشىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان تەۋەككۈلچىلىكتىن مەيدانغا كەلسە، ئىجتىمائىي مەنىدىكى مىللەتتىكى مودا سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىش يولىدىكى سىناق ۋە ئۇرۇنۇش، ھوقۇق ئاتا قىلغان مەغرۇرلۇقتىن بولىدۇ. ئېتنىك مىللەتتىكى مودا بولسا، جاھاننىڭ رەڭلىرىگە بولغان ساددا تەقلىد، تەرەققىيات چاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ يۈگرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، ئەڭ ئوسال ۋە داشقال ئىدىيىلەر ئېتنىك مىللەتتە ئاساسەن مودىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئېتنىك مەنىدىكى مىللەتنىڭ شاللاش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى گۈدەك بالىنىڭ شاللاش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

### 4

يېقىندىن بۇيان ساپا ھەققىدە پاراڭلار ئۇلغىيىپ قالدى. 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ مېڭىسىدىكى ئەقىل بۇلىقىنىڭ ئېچىلماي غايەت زور كۈچكە ئايلانماسلىقى كىشىلەرنى ساپا ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلدى.

ماۋزېدۇڭ «ئادەم ئامىلى بىرىنچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ گېپى جۇڭگودا نوپۇسنىڭ بىر مەزگىل شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. ماۋزېدۇڭ بۇ گەپنى دېيىشتە ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. نوپۇس ھەققىدە بىزدە ھەر خىل مۇھاكىمىلەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبنى نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغانلىقىغا ئارتىپ قويىدى. ھەقىقەتەن نوپۇس كۆپ بولسا يەيدىغان ئېغىز كۆپىيىدۇ. خەنزۇلاردا «ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كەلسە، بىر جۇگېلياڭ ھاسىل بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. شۇڭا نوپۇسنىڭ كۆپلىكى ھەققىدىكى باھانىنى «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەن تەمسىلگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ جۇڭگونىڭ 1 مىليارد200 نەچچە مىليون نوپۇسلۇق غايەت زور ئىستېمال بازىرى دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيىدىكى كوزىرى ھېسابلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رېئاللىقى نوپۇس كۆپ، زېمىن كىچىك دېگەن بۇ باھانىنى تۇزغاقتەك تۇزىتىۋېتەلەيدۇ. مىسالى، ياپونىيە يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ، يېرى تاغلىق، كان بايلىقى ئىنتايىن كەمچىل بىر ئارال دۆلىتى. بۇ دۆلەت 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەن، خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان. لېكىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقلى بۇ دۆلەتنى ناھايىتى تېزلا خارابە ئىچىدىن تىك تۇرغۇزدى. ئارىدىن 30يىل ئۆتە-ئۆتمەي ياپونىيە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. مۇشۇ كىچىك ياپونىيىنىڭ ئاھالە سانى ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا، 130 مىليون. دېمەك، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقلى، ساپاسى شىنجاڭنىڭ تۆتتىن بىرىدەك زېمىندا مۆجىزە ياراتتى. ياپونىيىلىكلەر نېمىشقا

مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ ئۇلار ئادەمنى كۆپ دەپ ئۆزىگە پىسخىك يۈك ئارتىشنىڭ ئورنىغا ئادەمنىڭ ئەقلىنى غايەت زور كۈچ دەپ مۇشۇ كۈچنى ئېچىشقا ئاتلاندى. ئەقلىنى تەرەققىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىغا ئايلاندۇردى. جۇڭگودەك زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى ھېسابسىز كەڭرى دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ياخشى مىسال. ياپونىيىنىڭ 130 مىليون ئادىمى بارلىققا كەلتۈرگەن مۆجىزىنى جۇڭگونىڭ 1 مىليارت 200 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمى بارلىققا كەلتۈرەلمەسمۇ؟ ناۋادا بىز ياپونىيىگە ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرساق ياكى ياپونىيىدەك ئەقلىنى كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقالىساق، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنى بار جۇڭگودا 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئادىمىنى بېقىپ كېتىش مۇمكىن.

بۇنداق دېگەنلىك نوپۇسنى تىزگىنلەش ياخشى ئىش ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. جۇڭگودا ھەقىقەتەن نوپۇسنى تىزگىنلىمىسە بولمايدۇ. ھازىرقى تەدبىرلەرمۇ تېخى كەملىك قىلىدۇ. ئاقما نوپۇسلار ئارىسىدىكى نوپۇس تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ نۇرغۇن يوچۇقلارغا تولغانلىقى، نوپۇس بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ تېپىپ چىقىلماسلىقى جۇڭگونىڭ نوپۇس سىياستىگە قىلىنغان ئېغىر خىرىس. بىز نوپۇس تىزگىنلەش بىلەن بىرگە پۇقرالارنىڭ ساپاسى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسى نېمە ئۈچۈن شۇنداق تۆۋەن؟ بىز بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ قىممەت قارىشى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك. بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىدىن شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن.

جۇڭگونى تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلتۈرگەن بۈيۈك چىن ئىمپېراتورى، تيەنشۈيلۈك ئات باقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۋاڭ دۇنيا تارىخىدا پىلانلىق، مەقسەتلىك كىتاب كۆيدۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى(بەلكىم باشقا ئەللەردىمۇ شۇنداق ئىشلار باردۇر. لېكىن مۇئەللىپكە مەلۇم ئەمەس). كىتاب كۆيدۈرۈش تەلۋىلىكى بىر ئىرسىي گېن سۈپىتىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالدى. ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورخېسنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، چىن شىخۋاڭنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۆزى پادىشاھ بولۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى تۇنجى پادىشاھ دەپ ھېسابلىتىش ئۈچۈن ئىكەن. بەلكىم چىن شىخۋاڭنىڭ باشقا ئويلىرىمۇ باردۇر؟ قانداقتۇر ئىسپاتلارنى تېپىپ ھاكىمىيىتىمگە خىرىس قىلار دەپ ئويلىغاندۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن كىتابلار داۋاملىق كۆيدۈرۈلۈپ تۇردى. ھەتتا بۇندىن 32 يىل بۇرۇنقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ ماۋزېدۇڭدەك مەشھۇر سىياسىئون، مۇتەپەككۇر ھايات تۇرۇپ كىتاب كۆيدۈرۈلدى. مىسالى، 1966 ـ يىلى قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىدا كىتابلار ئاسمانپەلەك دۆۋىلىنىپ ئوت يېقىلغاندا، بۇ ئوت نەچچە كۈن كۆيگەن، ھەتتا قەشقەر ھېيتگاھتىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەشكېرەملىكلەرمۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى باشقا يېزا كىشىلىرىمۇ ئۆز مەھەللىسىدە تۇرۇپ، بىر مىللەتنىڭ روھىي خەزىنىسى بولغان جاۋاھىرلارنىڭ قانلىق يالقۇنىنى كۆرگەن. نۇرغۇن ئېسىل كىتابلار شېرىن چۈشكە ئوخشاش كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

جۇڭگودا يەنە ئەزەلدىن بىلىملىك كىشىلەر ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلىدۇ، تولا كىتاب ئوقۇغان ئادەم ھۆكۈمەتكە پوت ئاتىدۇ دەيدىغان ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. كۇلپەت ۋە رىيازەت زامانىنىڭ زىيالىيلارغا بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئىككى مۇكاپاتى بولدى. ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئادەم قانچە بىلىملىك بولسا، شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئوتتۇرىغا چىقتى.

كىتاب كۆيدۈرۈش بىلەن جۇڭگودىكى زىيالىيلارنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ تەھلىل قىلساق، دەرھال يەكۈنگە ئېرىشىمىز. ھەقىقىي ساپا ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەپەككۇردىن تارتىپ ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ تەكرار ـ تەكرار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ (1890 يىللاردىكى ۋۇشۈي قانۇن ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىدىن باشلاپ يېقىنقى بىر نەچچە قېتىملىق ئىسلاھاتقىچە) تەكرار مەغلۇب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئالساق، ئۇ ئەسلى مەدەنىيەت جەھەتتە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزملىق تۈزۈم جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىتىۋەتكەن پاسكىنىچىلىقلارنى تازىلىماقچى، قان يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان ئامىللارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرماقچى ئىدى. لېكىن بۇ ئىنقىلاب تەپەككۇر ئىنقىلابىنى ئۆزىگە تۈرتكە قىلمىغان بولغاچقا، بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئورنىغا مەدەنىيەتنى خانىۋەيران قىلىپ، 20 ـ ئەسىر تارىخىدىكى ئەڭ زور مەنىۋى پاجىئەلەردىن بىرىنى پەيدا قىلدى. جۇڭگولۇقلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان بۇ پاجىئەلەرنىڭ دەردىنى بەلكىم يەنە خېلى بىر مەزگىلگىچە تارتىدۇ. خۇلاسە كالام، نادان مىللەتنىڭ ئىنقىلاب مېۋىسى ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ياكى سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ.

ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەپەككۇر شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. تەپەككۇر شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مائارىپ شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. مەنسەپدار تەربىيىلەيدىغان سىياسىي يۆنىلىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگو مائارىپى قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ زاپچاسلىرىغىچە ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ مەنسەپكە ئولتۇرىدىغان، پۇلغا مەنسەپ ساتىدىغان ئۆزگىچە ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگودا ئۆتمۈشتىكى بەزى ئىشلارنى تەكرارلانمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ساپاسىدىن ئېيتقاندىمۇ بىزدە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك مەسىلە، تەپەككۇر ئەندىزىمىز بىلەن نۆۋەتتىكى مائارىپىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشالماسلىق، تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل ئىسكەنجىلەردۇر. تەپەككۇرى ئەنئەنىنىڭ ئۆلۈك ئىسكەنجىسىدە قالغان ئادەم مەڭگۈ ئىجادچانلىقنىڭ ئارامبەخش ۋەھيىسىنى ئاڭلىيالمايدۇ. (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچىك رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت



# قۇيرۇق

(ھېكايە)

ياسىنجان سادىق

**1**

سەھەر تۇمانلىق. يۇندا چېچىۋەتكەندەك تۇتۇق ھاۋا قەلەندەرنىڭ جەندىسىدەك رەڭگى كۆرۈنەتتى. سىمونت رەستىلەر، كۆنلۈكسىمان ئۆسكەن مەنزىرە دەرەخلىرى، گۈللۈكلەر، ئېگىز بىنالاردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. قەيەرلەردىندۇر بىقسىغان گەندە پۇرىقى كېلەتتى. كادىرلار، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك تەرەپ-تەرەپكە چېپىشاتتى. تىجارەتچىلەر خېرىدارسىز دۇكان-يايمىلىرىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تەلمۈرۈپ تىلەمچىلەردىن ئۆتە تەمەدا ئولتۇرۇشاتتى. شۆھرەت يول چېتىدىكى بىنالارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا يەشىك ۋە گېزىت پارچىلىرىنى ئاستىغا سېلىۋېلىپ ياتقان، تېخىچىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان ئىككى-ئۈچ مۇساپىرغا ئېرەڭسىزلىك بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىدىلا سۇنايلىنىپ ياتقان ئايالغا چۈشتى. ئايالنىڭ كۆڭلىكى بېلىگىچىلىك تۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يالىڭاچ ئىدى. خالتىلىشىپ قالغان ئورۇق يوتىسى، قويۇق توك باسقان ئاراچلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ۋېلسىپىتىنى تورمۇزلاپ سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. ئايالنىڭ ئوچۇق يېرىگە ئىختىيارسىز ئىككى-ئۈچ قېتىم نەزەر تاشلىدى. «ھېلىقى داۋاملىق بېكەت ئەتراپىدا سۆڭگەكچىنى يەرگە سۈركەپ مېڭىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئايال شۇ ئوخشايدۇ. ئەجەب مىدىرلىماي ياتىدۇيا؟ ئۆلۈپ قالمىغاندۇ. قايسى شورى قۇرغۇر كۆڭلىكىنى ئاشۇنداق ئۆرۈپ قويغاندۇ؟ بېرىپ ئانىسىنىڭكىگە قارىسىچۇ خۇمسىلار...»

- ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپسەنغۇ، ئاغىنە. مۇھىم نەرسىگە كۆزۈڭ چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

شۆھرەت دولىسىغا ئۇرۇلغان شاپىلاقتىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. يېنىدا خىزمەتدىشى نىجات بىر پۇتى بىلەن يەر دىيىنىپ، بىرپۇتىنى ۋېلسىپىتقا ئارتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شۆھرەت نىجاتنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىنى تېزلا چۈشەندى. ھودۇقۇپلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى ئايالغا يەنە نەزەر تاشلىدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئايال ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان بولسا كېرەك، بىرنى كېرىلىۋېلىپ ياتقان جايىدىلا ئولتۇردى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سىيرىلىپ چۈشۈپ يوتىلىرىنى ياپتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىرەر يىلدىن بېرى سۇ دارىمىغان يۈزىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۆھرەت ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئېيتاۋۇر، مەقسەتسىزلا غودۇڭشىدى:

- نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھانغا، شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى سايلا تىلەمچى-مۇساپىرلار قاپلاپ كېتىپ بارىدىغۇ تاڭ.

- تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، ئاغىنە، - دېدى نىجات مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ، - ئىلگىرى خېلى ئوبدانلا ھاللىنىپ قالغان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ تۆت-بەش يىلدىن بېرى، شەھەرگە چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان بولىۋاپتۇ.

- شۇنداقمۇ، ئەجەب-ھە.

- سەۋەبىنى تولۇق بىلمىدىم. بىزىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاغىنە بالىلارنىڭ دېيىشىچە، دېھقانلار تېرىپ، يىل بويى پەرۋىش قىلىپ ساتقان كېۋەزنىڭ پۇلى، ئەتىيازدا كېۋەز تېرىش ئۈچۈن يەرگە سالغان مەبلەغنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بوران، قۇرغاقچىلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقاھەر خىل نامۇۋاپىق ھەق-سېلىق، جەرىمانىلەر ئۇلارنىڭ بېلىكىنى قۇرۇتىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇلار شەھەردە تىلەپ تاپقان پۇللىرى بىلەن گەدىنىدىكى سېلىق - قەرزلەرنى تۆلەيدىكەن.

- دېھقانلارغا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى. ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەدبىر قوللانسا بولاتتى بۇ ئىشقا.

ئۇلار سۆزلەشكەچ تۆت كوچىنىڭ كېسىشىش ئېغىزىغا كېلىپ قالغانىدى. ئارقىسىدىن سوزۇپ-سوزۇپ ئاڭلانغان زەردىلىك ماشىنا سىگنالىدىن دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئۆتەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئالىي دەرىجىلىك قىزىل پىكاپ ئۇلارنىڭ بىقىنىدىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىلا يىگىتنىڭ كۆزى پىكاپقا ۋە پىكاپ ئىچىدىكى گىدىيىپ ئولتۇرغان مەنسەپدارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

- باشلىق بولسا ئىش مۇشۇنداق كاتتا مانا. خىزمەتكىمۇ پىكاپ بىلەن

uyghurkitap.com

باردۇ، ئۆيگىمۇ پىكاپ بىلەن كېلىدۇ، يەنە ئالىقاندافتۇر بېرىپ - كېلىشلەرنىڭ ھەممىسى پىكاپ بىلەن. ھە، ئەمدى بىلدىم. شۇڭا ئۇلار كوچا-كويلاردىكى تىلەمچى-مۇساپىرلارنى كۆرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

- شۇنداقمۇ دەيمىز. مۇشۇ باشلىقلارغا شوپۇر بولغانلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسمىكىن دەيمەن. ئەتىگىنى باشلىقنى خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىن تارتىپ ئەپچىقىپ كەتسە، ئاخشىمى تاڭ كېچىلەردە يەنە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ بولغىچە، باشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولىمەن دەپ، خۇددى ئەركە-تايتاڭ كىچىك بالىنى بازار ئويناتقىلى ئېلىپ چىققان ئادەمدەك مېرىپ ھالى قالمىغىدەك.

- بىزگىمۇ قاچان ئاشۇنداق پىكاپ بىلەن خىزمەتكە بېرىپ-كېلىدىغان زامانلار كېلەر-ھە، ئاغىنە.

ئىككى يىگىت بىر-بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

- سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ياخشى-يامان كۆرگەن چۈشۈڭلارنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىۋېتىڭلار، ھاجىم باللىرىم.

ئۇلاردىن 10 قەدەمچە نېرىدىكى يول بويىدا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئۇشۇقىدىن تۆگەللا كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغا خۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارچە تولاۋاتاتتى.

- كېچىدىن سادىر پالۋاننى چۈشەپ قاپتىكەنمەن، - دېدى نىجات بىلىسىپىتتىن چۈشۈپ يانچۇقىدىن پارچە پۇل ئىزدەۋاتقاچ، - چۈشۈمدە سادىر پالۋان باياندىي سېپىلىنى پارلىتىپ، ھۆررا تولاپ قىلىچىنى پولاتلاقىنىچە سېپىل ئىچىگە چىرىپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن ئادەملەر يۈگرۈپ كېتىۋاتقىدەك. مېنىڭمۇ بۇسەپكە شۇنداق ئۆتتەك قوشۇلغۇم كەلدىيۇ، شۇ ھامان كاللامغا: «ناۋادا جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال لىپپىدە كېلىپ، ئىككىلىنىپ بولۇپ قاراپ تۇرغىدەكمىشمەن. شۇ ئەسنادا پۇتۇمغا بىر نەرسە يۆگىشىپ قالغىدەكمىش. شۇنداق قارىسام، ئۇ نەرسە كۆز ئۆمگە بىردەم چارىيلان بولۇپ، بىر دەم تۆمۈر زەنجىر بولۇپ كۆرۈنگىدەك. ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇ نەرسىدىن پۇتۇمنى پەقەتلا ئاجرىتالمىغىدەكمەن. بىردىنلا سۈر بېسىپ، بىراۋلاردىن مەدەت تىلەپ ۋارقىراۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر ئادەم قېشىمدا پەيدابولۇپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپلا پۇتۇمغا يۆگىشىۋالغان ھېلى چارىيلانغا، ھېلى تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشايدىغان نەرسىنى ئۈزۈپ پارە-پارە قىلىۋەتكىدەك. بۇ ئادەم كىمدۇ دەپ شۇنداق قارىسام، ئۇ سادىر پالۋان ئىكەن. ئۇ ماڭا ھومىيىپ تۇرۇپ: «خوتۇن كىشىنىڭ ئىشتىنى پۇتۇڭغا يۆگىشىۋالسىمۇ ۋارقىراپ-جارقىرايسەنغۇ، ئۇكا. ئەرلىك يىگىت سېنىڭ. ئەركەكتەك بول، ئادەمنىڭ روھىنى قورۇندۇرماي. شۇڭىمۇ قولۇمدىكى قىلىچنى بېرىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن» دەۋاتقىدەك. شۇنداق سىنچىلاپ قارىسام، پۇتۇمغا يۆگىشىۋالغىنى راستتىنلا ئاياللارنىڭ ئىشتىنى ئىكەن. نومۇس ۋە خىجىللىقتىن ئۆلگىدەك بولدۇم. بىر چاغدا قارىسام قېشىمدا سادىر پالۋان يوق. ئەمما ھېلىقى ئىشتان يەنە چارىيلانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ، قورقۇنچتىن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

- يىلان چۈشىگىنىڭگە قارىغاندا، ئايالىڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، - دېدى شۆھرەت نىجاتنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ.

نىجات دوستىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىدىن سۆيۈنۈپ «ئىنشائاللا» دېدى - دە، قولىدىكى پارچە پۇلنى تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا تاشلىدى.

## 2

ھاۋانۇتۇق بولغاچقىمۇ بىنانىڭ تەسكەي تەرىپىگە جايلاشقان بۇ ئىشخانا ئىچى تولىمۇ غۇۋا ئىدى. كېچىچە چىققان بوراندا ئىش شىرەسى، ئورۇندۇق، ماتېرىياللار بىر قەۋەت توپا-چاڭغا كۆمۈلگەنىدى. شۆھرەت ئۈستەل سۈرتىدىغان خامنى داستىكى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ غودۇرىدى:

- ئەجەب زېرىكتىم بۇ بوراندىن. ھاۋارايىنىڭمۇ مەسلىھەتى قالمىدى. يىلدىن-يىلغا بوران تولا چىقىدىغان بولۇپ قالدىغۇ. بۈگۈنى سۈرتۈپ قويسا، ئەتىسى يەنە بىر ئىللىك قۇم-توپىنىڭ ئاستىدا قالغان.

- بۇ قانچىلىك ئىشتى دەيسەن، ئاغىنە، - دېدى نىجات ئىشخانا ئىچىگە سۇچېچىۋېتىپ، - نەچچە كۈنىڭىزى چىققان بوراندا دېھقانلارغا قانچىلىك زىيان بولغاندۇ؟ بۇ زاماندا ھەممە نېمە دېھقانلار بىلەن قېرىشىۋاتامدىكىن تاڭ. بىچارە خەقكە بىردەم ئارامچىلىق يوق. يا كالىدەك قىلغان ئەمگىكىنىڭ تۈزۈك ھەق-ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن، يىل ئاخىرىسىدا يېتىم بالىدەك بارماق چىشلەپ قالغان...

- نىجات! سىزنى ئىدارە باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ!

كارىدوردىلا ئاڭلانغان بۇچىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ نىجات قولىدىكى نەرسىلەرنى جايىدىلا قويدى - دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

- ھە، شۆھرەت ئۇكا، دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىز ياخشى ئۆتكەندۇ؟

- كەلسىلە، غالىپ ئاكا، - شۆھرەت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن خىزمەتدىشىنى ئورنىدىن تۇرۇپ دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، - قەدىر ئەھۋال. ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن ماجاڭ ئويناپ، پىۋا ئىچىپ دېگەندەك. ئەجەب بۇ كۈنلەرنىڭ مەززىسى قالمىدىغۇ، غالىب ئاكا. كۈن بويى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرساڭ تېخى زېرىككەن. تانساخانا - رېستورانلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە تېخى پۇلۇڭ يەتمىگەن. ھۆكۈمەت يا مائاشنى جىقراق ئۆستۈرۈپ بەرمىدى.

- شۇنى بىردېگىنە، ئۇكا. گاھى ئويلاپ كېتىمەن، ھېچ بولمىغاندا ھۆكۈمەت مائاشنى ئۆستۈرۈپ بەرمىسىمۇ، مۇشۇ هاراق دېگەن نەرسىنى ھەقسىز قىلىپ، خۇددى سۇغا ئوخشاش ئۆيلىرىمىزگە تۇرۇبا بىلەن كېلىدىغان قىلىپ تۇرۇبىلاشتۇرۇپ تارتىپ بەرگەن بولسا، قانداق پەيزى بولاتتى. - ھە! ھوي نىجات بالا تېخىچىلا ئىشقا كەلمىدىمۇ نېمە؟

- كەلگەن. ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتىكەن. يېرىم سائەتچە بولدى، ھېچ چىرەي دېمەيدىغۇ بۇ ئاداش.

غالىپ بىر تال تاماكىنى شۆھرەتكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇردى.

- ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىجات ھەققىدىكى ھېلىقى گەپلەر راست ئوخشىمامدۇ؟

- قايسى گەپنى دەيسىز؟

- سىزمۇ ئاڭلىغانسىز ھەقىچان، - غالىپ دېمىقىنى قىرىپ تۇرۇپ بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، - نىجاتنى سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن باشلىقلىققا ئۆستۈرەرمىش، دېگەن گەپلەر خېلىلا كەڭرىغۇ.

- راستتىنلا خەۋىرىم يوقكەن، - شۆھرەتنىڭ يۈزى ياللىدە قىزاردى. ۋۇجۇدىنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى.

- بۇغۇ ئەجەبلەنگىدەك گەپمۇ ئەمەس، - غالىپ قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، - نىجاتمۇ خېلىلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا، تۇغۇلغان كۈنۈم، ھېيت بەيرىمىنىڭ چالىسى، باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئەل-ئاغىنىلەرگە چاي بەرگەنتىم، دېگەن باھانىلەر بىلەن ئىدارە باشلىقىنى بىر نەچچە قېتىم رېستورانغا چاقىرىۋالغان بولدى. شۇڭلاشقا ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ. كىم بىلىدۇ، كىشى تۇيماس باشقا باردى-كەلدىلىرىمۇ بارمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ. بىلىم-سەۋىيە، قابىلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ قالسا، سىز ھەرگىز نىجاتتىن قېلىشمايسىز. ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئىككىڭلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش. ئوقۇش تارىخىڭلارمۇ، كەسپىي ئۇنۋانىڭلارمۇ، خىزمەت ستاژىڭلارمۇ ئوخشاش. سىياسىي قىياپىتىڭلارغا كەلسەك، سىز تېخى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى. نىجات بولسا...

— ئۇمۇ پارتىيىگە ئۆتۈشكە ئىلتىماس بېرىۋاتىدۇ، — دېدى شۆھرەت مەيۈس ھالدا.

— قاچاندىن بېرى؟ — جىددىي قىياپەتتە سورىدى غالىپ.

— بەش-ئالتە ئايچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

— ھەببەللى، توغرا پەرەز قىپتىمەن مانا، — غالىپ ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تەمەننا قويغاندەك مەغرۇر كۈلدى، — بەش-ئالتە ئاينىڭ ئالدىدىلا بۇ بۆلۈمدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورنى بوشىغان ئەمەسمۇ؟ دەرھاللا ئۆزىگە سىياسىي دەسمايە جۇغلاشقا كىرىشىپتۇ-دە، ھەي... بۇ نىجاتنىڭ قورسىقىدىمۇ خېلىلا چوتۇرى بار ئىكەن جۇمۇ. بەلكىم ئۇنىڭغا بۇ ئەقىلنى ئىدارە باشلىقى ئۆگەتكەندۇ، ھەقىچان.

— نىجاتنىڭ ئىدارە باشلىقى بىلەن ئۇنچە يېقىنچىلىقى باردەكقۇ قىلمايدۇ، — دېدى شۆھرەت گۇمانسىرىغان ھالدا، — ئادەتتە ئولتۇرۇش-قوپۇشىمىز داۋاملىق بىللە. ئىچ سىرلىرىمىزنى ئاياشقان ئاغىنىلەردىن ئەمەس بىز.

— خاتالىشىۋاتىسىز شۆھرەت ئۇكا، — دېدى غالىپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — بۇنداق ئىشلارنى مۇددىئا ئەمەلگە ئېشىپ بولغۇچە دوستىنىلا ئەمەس، خوتۇنىدىنمۇ، ئاشنىسىدىنمۇ سىر تۇتقۇلۇق. بۇ دېگەن بىرەر ۋاق تاماقنىڭ ياكى بىرەر - ئىككى يۈزكوي پايدىنىڭ ئىشى ئەمەس، ھوقۇق ئىشى، ھوقۇق! مەنسەپدار بولۇشنى ئويلىمايدىغان كىم بار ھازىر. نىجات بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن تازا گۇمانلىنىۋاتىسىز- ھە! ئېسىڭىزدە باردۇر، ئۆتكەندە نىجات قەشقەردىن كەلگەن ئاغىنىلىرىمگە چاي بەرمەكچىدىم، ھەمراھ بولۇشۇپ بېرىڭلار دەپ «كارۋان» رېستورانىغا توۋلىۋالدىغۇ. سىزغۇ باشتىلا تەڭشىلىپ قاپتىكەنسىز. سورۇن ئاخىرلاشقىلى تۇرغاندا كىچىك تەرەت قىستاپ ھاجەتخانىغا چىقتىم. كۆرمەمسىز بۇ كارامەتنى. نېمىنى كۆردۈڭ دېمەمسىز. ئىدارە باشلىقى بىلەن نىجات يانمۇ يان ئۆرە تۇرۇشقان پېتىچە شارقىرىتىپ سىيگىلى تۇرۇپتۇ. باشلىق بولسا ئۆزىنى تۇتىۋالالماي خىرىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ. ئويلاپ بېقىڭ؟ ئۇنىڭ باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى شۇنچىۋالا يېقىن بولمىسا، باشلىقنىڭ ئالدىدا كورىكىرىتىپ بەخىرامان جىڭغىيالامتى؟ قۇلىقىڭىزنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ يۈرۈڭ، ئۇكا. مەست موللام بىلەن گاس موللامنىڭ گېپى بىر.

شۆھرەت جىملا ئولتۇرۇپ كەتتى. گەدەنلىرىگىچە قىزاردى. ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاپ ئۈچ قېتىم تاماكا چەكتى.

— سىزمۇ ھەرىكەت قىلىپ بېقىڭ، ئۇكا، — دېدى غالىپ شۆھرەتنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا، — قاراپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ يۈرمەك يەنە.

— ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىپ، ھە-ھۇ قىلىپ يۈرسەم قاملاشماس، — دېدى شۆھرەت ئىرادىسىز، ئىشەنچىسىز ھالدا.

— كىم سىزگە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىڭ دەپتۇ، — دېدى غالىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىدارىدا باشلىق دېگەن بىرلىمىتى. نىجات ئىدارە باشلىقىغا يۆلەنگەن بولسا يۆلىنىۋەرسۇن، بىز ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىغا يۆلىنىمىز. ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسىڭىزلا مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك بۇ تاجنى كىيىشىڭىزدە چوقۇم گەپ يوق، — ئۇ، شۆھرەتنىڭ جىملا ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — تېزراق بىر قارارغا كېلىڭ، ھايت دېسىڭىزلا راۋۇرۇس بىر سورۇن ھازىرلاپ، ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنى باشلاپ بېرىشقا مانا مەن ياردەملىشىمەن. ئۇ قېرىپ قالغان بولسىمۇ خېلىلا ئىشقى ھەۋەسى بار ئادەم. ھاراق بىلەن يەپ-ئىچىپلا ئولتۇرىدىغان سورۇن قىلماي، ماندىراق بىر سورۇن ھازىرلايدىغان بولساق ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭغا تارتىدۇ.

3

«تولۇنئاي قاۋاقخانىسى» نىڭ ماڭلىيىغا ئېسىپ قويغان زىننەت چىراغلىرى ئاي قاراڭغۇسىدا بىزەڭ پاھىشىلەردەك كۆز تاشلاپ لاپ قىلىپ يانسا، لاپ قىلىپ ئۆچەتتى. قاۋاق ئىچى زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ سېكرېتار-دېھقانلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەرقايسىلىرى ئۆز تائىپىلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. زىيالىيلار تائىپىسىدىكىلەرنىڭ بەدبۇيى چاقچاقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن غۇلجا ئادىتىدىكى كۈلكە قاۋاقنىڭ تام-تورۇسلىرىدىن ئەكس سادا قايتۇرسا؛ سودىگەرلەر تائىپىسىدىكى ھاجىملارنىڭ ئاق ھاراقتىن يامان بولىدۇ دەپ قېچىپ ئىچكەن قىزىل ھاراقلىرى ماي تەپچىرەپ تۇرغان سېپىسلىق يۈزلىرىنى ئەڭلىك ئەتكەندەك قىزارتىۋەتكەنىدى. قىزىل ھاراقنىڭ كەيپىگە پايلىماي چەككەن نەشىلىرى قاۋاقنىڭ ئىچىنى مەززىلىك كەندىر پۇرىقىغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى. سېكرېتارلاردىن تەشكىللەنگەن دېھقانلار تائىپىسى بولسا ئەرزان باھالىق، يۇقىرى گرادۇسلۇق ئاق ھاراقتىن خېلىلا كەيىپ بولغان بولۇپ، بىر نەچچىسى قېشىدىكى دۇتارچى چوكاننىڭ ناخشىسىغا جۆر بولۇپ ناخشا توۋلاشسا، يەنە بىر نەچچىسى سورۇنغا ئالاھىدە ئەكەلدۈرۈۋالغان، تۇرقىدىن يا قاۋاقنىڭ كۈتكۈچىسىگە، يا پاھىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان، چىرايلىرىدىن خېلىلا كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بولۇشىغا گىرىم قىلىشىۋالغان، ھاراق تەسىرىدىن خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان چوكانلار بىلەن بىردە ئۇسسۇل ئوينىسا، بىردە تانسا ئويناپ، قاۋاقنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. دۇتارچى چوكاننىڭ ئاۋازى ناخشىسىغا جۆر بولىۋاتقان مەستلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

شيەنجاڭنىڭمۇ دەردى بار،
شۆجېنىڭمۇ دەردى بار.
بۇ جاھاننى ئاقتۇرساڭ،
دەردى يوقلار نەدە بار.

دەردىڭنى ئېيتاي دېمەڭ،
بېيجىڭ دېگەن شەگە بار.
ئويناپ - كۈلۈپ ياشاي دېمەڭ،
قاۋاق دېگەن يەرگە بار....

ناخشا قاۋاقنىڭ تام-تورۇسلىرىدىن ھالقىپ يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. شۆھرەتلەر قاۋاقخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خاس خانىدا سورۇن تۈزگەنىدى. ھەرخىل قورۇملار، ئۇسسۇلۇقلار، ھاراق-تاماكىلار تېزلا كەلتۈرۈلدى. شۆھرەت بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، تەخسىگە بىر جۈپ رومكا قويدى - دە، تۇنجى رومكىنى ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى. ھاراق ئەمدىلا ئىككى ئايلىنىپ تۇرۇشىغا سورۇنغا ئوتتۇرا بوي، ماڭلاي تەرىپىدىكى قىزىل بويىۋالغان چېچىنى ئاياللارنىڭ چاچ پوسۇنىغا مايىلراق قىلىپ كۆپتۈرۈپ ياسىۋالغان، سۇسراق ئەمما كۆڭۈل قويۇپ قىلغان گىرىملىرىنى قىردۇرغىلى ئىككى-ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ، يەنىلا كىرپىكنىڭ تىكىنىدەك ئۆسۈپ چىققان ساقال-بۇرۇتلىرى چاندۇرۇپ

تۇرغان، بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن زەنجىرى قاپقارا بويىنىدا كىرلىشىپ جەزبىدارلىقىنى يوقاتقان بىر يىگىت ئاياللارغا خاس ناز-كەرەشمە بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، شۆھرەتكە ئالاھىدە كۆز تاشلاپ تۇرۇپ سورىدى:

ـ ۋوي، چىرايلىق شۆھرەتجان، كەم قالغان نەرسىلەر بولسا بۇيرىماملا مۇنداق. كۆڭەللىرى ئۈزۈنىسىنى تارتامدۇ، قىسقىسىنىمۇ؟ ئېقىنى تارتامدۇ؟ قارىنىسىنىمۇ؟

ـ بىلىسەڭىز بىزنى،ـ شۆھرەت يىگىتكە پوخورلۇق بىلەن،ـ سوراپ تۇرماي مانتا ئەچىر، مانتا.

ـ ۋىييەي، ماۋۇ ئاجاقنىڭ مانتا دەپ كېتىشلىرىنى. مانتا يېيەلىگۈدەك ماغدۇرۇڭ بارمۇ سەن لاتاغىلاپنىڭ. جېنىڭغاچۇشلۇق گەپ قىلە، ئادەمنىڭ چىگىەي قوۋۇرغىسىنى ئەگمەي،ـ دېدى يىگىت قاش ـقاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ،ـ نەچچەكۈندىن بېرى زەدەك يەيمەن دەپ توۋلاپ يۈرىدىغان ئادەم بۈگۈن ئەجەب مانتا دەپ كېتىپتا.

يىگىت گەپنى بەكمۇ يۇمۇرلۇق تۇستە، ئاياللارغا خاس ئاۋاز-ھېسسىياتلىق خۇلقتا ئېيتاتتى. سۆزلەۋېتىپ قول-بارماقلىرىنى قىزلاردەك نازاكەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى. قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى بېرىم توسىۋالاتتى. سورۇندىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شۆھرەت چاقچاقتا چىدىماي قىزاردى، قاپىقى تۈرۈلدى. ھەدەپ چاقچاق قىلىۋاتقان يىگىتنى غەزەپ بىلەن سىلكىشلىدى:

ـ ماڭ، ماڭەۋاخەنەك، تولا چىشىمغا تەگمەي.

ـ ۋىييەي ئادىشىم، ئۇنداق دېمەڭ،ـ يىگىت قىلچىمۇ خاپا لىمىغاندەك قىلاتتى. سۈرمە تارتىۋالغان كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى، ھەرئىككىلىمىز ئوخشاش. بىر باش زەدەكنى تەڭ تالىشىپ يېگىنىمىز ئېسىڭىزدىن شالاقىدەچىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ.

سورۇندا يەنەكۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەتمۇ بۇ كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ مەجبۇرىي ھىجايدى. دېمىسىمۇ ئۇ قانچە تىرىككەنسېرى ھېلىقى يىگىتنىڭ شۇنچە گەپتە چۇشۇرۇپ زاڭلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ـ بولدى، چاقچاقلىرىڭنى ھېلى يەنە قىلىپ بېرەرسەن ،ـ دېدى شۆھرەت مۇرەسسە قىلىپ،ـ خانئاچاڭغا (قاۋاق خىزمەتچىلىرى ئايال خوجايىنىنى خانئاچا دەپ چاقىرىدۇ. ئا) باشتىلا دەپ قويغان. قىزلاردىن بەش-ئالتىنى چىگۈزۈپ بەرگىن.

ـ خوش غوجام،ـ دېدى يىگىت سورۇندىكىلەرگە نازلىق كۆز قىسىپ قويۇپ، ـ مۇشۇ سورۇندىكى سىلىدىن باشقا ئەركەكلەرگە بىردىن قىز توغرىلىسام بولىدىغۇ ھەقىچان.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ـ قانداق قىلساڭ قىلىپ تولا ۋىتىلدىماي قىزلىرىڭنى باشلاپ چىرە ئاداش،ـ دېدى شۆھرەت بىر خىل تەئەددىي بىلەن.

ـ ماڭا قاراڭلا ئاغىنە،ـ دېدى غالىپ يىگىتنى توختىتىپ قولىدىكى بىر رومكا ھاراقنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ـ ئەتىگەندىن بېرى خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ مەست بولۇپ كەتكەنلىرىنىڭ لازىمى يوق. مەست بولۇپ قالمىغانىراق قىزلاردىن باشلاپ چىرەسىلە. تۇتۇڭلا، ماۋۇ بىررومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ئاندىن چىقىڭلا.

ـ ھۇ، ۋايجان! ـ يىگىت رومكىنى لىۋىگە شۇنداقلا تەگكۈزۈپ نازلىق بىرنى ئىڭرىدى. ئارقىدىنلا لەۋلىرىنى تۇمالاشتۇرۇپ ھىجايدى، ـ ھەرقېتىم ئىچىمگە بىرنەرسە چىشە چىدىيالماي قالىمەن خۇددى .

. . .

يىگىتنىڭ سوزى تۈگىشى بىلەن سورۇندىكىلەر پاراقىدە كۈلۈپ كەتتى. يىگىت بىگىز بارمىقىنى غالىپنىڭ رومكا ئېلىش ئۈچۈن ئۇزاتقان بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ تۇرۇپ قورۇقدالغان رومكىنى بەردى.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىمۇ سورۇندىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈردى. كۈلكە سادالىرى ئىچىدە يىگىت نازاكەتلىك قەدەملەر بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي سورۇنغا ئاچچىق تەر، ئىچمال ئەتىر-يۈز مايلارنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان پۇرىقىنى ئېلىپ بەش-ئالتە قىزكىرىپ كەلدى. قىزلاردىن ئۈچى چېچىنى پۇتۇنلەي قىزىل، بىرسى ماڭلاي تەرىپىنى قىزىل، قالغان قىسمىنى سېرىق بويىۋالغانىدى. يەنە بىرسىنىڭ قاپقارا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغىچە چۇشۇپ سويلاپ تۇراتتى. باشقا تۆت نەپەر قىزغا قارىغاندا بۇ قىزنىڭ سۈس گىرىم قىلغان چىرايى گۈڭگا چىراغ يورۇقىدا بۇلاقتىكى ئاي شولىسىدەك نازىنىيتتى. ئۇ، شۆھرەت بىلەن كوناتونۇش بولسا كېرەك، ئۇدۇل شۆھرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يىگىتنىڭ دولىسىغا پاقىمدە شاپىلاقلاپ چاقچاق قىلدى:

ـ ئۇكىمەي، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

قىزنىڭ نازاكەتلىك كۈلكىسى بىلەن تەڭ توغاچتەك لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرى ماراپ چىقتى. خۇمالىق كۆزلىرىنىڭ تېگىگە بىر خىل مەغرۇرلۇق يوشۇرۇنغانىدى.

سورۇن بىردىنلا ئۆرە-تۆپە بولدى. باشقا قىزلارمۇ ئۆزلىرى خالىغان ئەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر سورۇن ئەھلى ئەدەبتىن چىققانىدى. قىزلار بىلەن قىچىقلىشىش، ئەمچەك مىجىقلاش، يوتا-يانپاش سىيلاش ھەتتا لەۋلىمە قىلىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. قىزلار تولىمۇ ئەركىن، غەمسىز، ھاياسىز ئىدى. ئاغزىنى ئاچسىلا گىلاستەك لەۋلىرىدىن ئەرلەرمۇ ئاغزىغا ئېلىشتىن ئۇيۇلىدىغان بەدىۋي چاقچاقلار تۆكۈلەتتى. شۆھرەت باشلىقنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بايقىدى. باشلىق ھاراقنىڭ كەيپىدە خۇمالاشقان قىيسىق كۆزلىرىنى قىزلارغا شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىپ ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەتنىڭ كاللىسى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. توغرا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. «نەچچە مىڭ كويلاپ پۇلنى بۇزۇپ- چېچىپ خەجلىگەن بىلەن، باشلىقنىڭ دىتىغا ياقىدەك بىرەر ئىش قىلالمىساڭ، ھەممە پالاقلاشلىرىڭ بىر تىيىن» .

ئۇ، تۈنۈگۈن غالىپنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. بېقىنىدىكى ئۇزۇن چاچ قىزنىڭ قۇلىقىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

ـ ياق، بولمايدۇ، خالىمايمەن!ـ دېدى قىز شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى تۈگىمەستىنلا بېشىنى سىلكىپ كەسكىنلىك بىلەن.

ـ ئۇنداق دېمىگىن، ماقۇل دە، ئۆتۈنۈپ قالاي،ـ دېدى شۆھرەت يېلىنغان ھالدا پىچىرلاپ، ـ شۇنداق قىلساڭلا ھاياتىمدا ماڭا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان ئادەم بولۇپ قالىسەن.

ـ ئوغۇلبالىدەك گەپ قىل، شۆھرەت،ـ دېدى قىز قاتتىق تەلەپپۇزدا پىچىرلاپ،ـ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاياللىمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالىمەن دېدىڭ. نىكاھىمغا ئالالماي قالسام قاۋاقتىن ئېلىپ چىقىۋېلىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن، تۇرمۇشىڭدىن خەۋەرئالىمەن دېدىڭ. بۇ گەپلىرىڭگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ھەرقانداق تەلىپىڭگە ياق دېمىدىم، قانداق ۋاقىتتا كەلسەڭ رەت قىلمىدىم. بىلەمسەن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم ئۈچۈن، ماڭا غورۇرلۇق، ۋىجدانلىق ئەركەكتەك تەسىر بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. يەنە شۇنداق دەپ مېنى بىر ئۆمۈر ئالدىساڭمۇ سەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيمەن. لېكىن بۇنداق پەسكەش تەلەپنى ماڭا دېمە. ئوغۇلبالا دېگەن ئۇنداق ۋىجدانسىز بولمايدىغان.

ـ مېنى نېمە دەپ تىللىساڭ تىللا، لېكىن بۇ ئىشقا ماقۇل دە.

بىرەر مىڭ كويى ھەق ئالسەن دېسەڭمۇ مەيلى. بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ــ شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلىناتتى.

ــ ياق دېدىم، ياق، ــ دېدى قىز كەسكىنلىك بىلەن. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن خورلۇق، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى، ــ ئۇنداق سېسىق پۇلۇڭنى پۇل دېسە ئىت. ئېشەكتىن يانمايدىغان رەسۋالارغا بەر. قارىسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقىدەك ئۇنداق سەت قېرىغا قۇچىقىڭدىكى قىزنى سايە قىلىشتىن نومۇس قىل، نومۇس. يىگىت دېگەن ئۇنداق ماز بولمايدىغان.

«قارسىدە» تەگكەن تەستەك زەربىدىن قىزنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن پاللىدە ئوت چاقنىدى. ئالمىدەك مەڭزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى. شۆھرەتنىڭ چىرايى سەت پۈرۈشكەندى. ئۇ، قىزنىڭ تاراملاپ ياش تۆكۈلىۋاتقان كۆزىگە قاراپ تىل سالدى:

ــ سەت جالاپنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى. بىلمەيدىغان جالاپماۋاسەن، ھالىغا باقماي دەۋاتقان گەپلىرىنى.

قىز ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، سورۇندىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

ــ ھە، شۆھرەت، گېپىڭگە كىرمەيۋاتامدۇ؟ نېمانچە ئالدىرايسەن سورۇن تۈگىمەستە. قىز بالا دېگەننى ئاستا-ئاستا ئېيۋەشكە كەلتۈرىدىغان گەپ.

شۆھرەت ئۆزىگە ئەجەبلىنىش نەزەرىدە تىكىلگەن كۆزلەر ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، سىرتقا ماڭدى.

قىز قاۋاقنىڭ خوجايىنى ــ ئورۇق، شادىپاچاق، چىرايى قۇيغان ئۆپكىدەك ئاپئاق، سۆۋۈرى ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋالغان، قول-بويۇنلىرىغا ئاتىنىڭ تاقىسىدەك ھالقا ۋە زەنجىر، بىلەك-بارماقلىرىغا قوش-قوش ئالتۇن بىلەيزۈك، ئۈزۈك سېلىۋالغان، كۆرۈنۈشىدىن تولىمۇ ھاكاۋۇر ئايالنىڭ قېشىدا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەت ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

ــ ھە، شۆھرەتجان، ئەجەب ئاچچىقىڭ كېلىپ قاپتىغۇ؟ ــ دېدى ئايال خوجايىن خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

ــ ماۋۇ جالاپنىڭ چوڭچىلىقىنى دەيمىنا، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ، ــ دېدى شۆھرەت قىزغا دىۋەيلەپ.

ــ نېمە بولۇشقانتىڭلار. ئەجەب گېپىڭلارنىڭ ئېغى بىلەن بېغىنى ئۇقالماي قالدىمغۇ؟

ــ باشقا گەپقۇ يوق: باشلىقنىڭ سەل كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي دېگەن مۇددىئايىم بار ئىدى. ماۋۇ جالاپنى باشلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرغىن دېسەم، پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ. نەچچە پۇل ئالساڭ بېرەي دەپمۇ باقتىم. شۇنچە يالۋۇرسامۇ ھەلەلەك-شەلەلەك دەپ چىشىمغا تېگىۋاتىدۇ دەيمەن. ياش-قېرى دەپ كەتمىسىمۇ، بەربىر جالاپقۇ ئۇ. ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەس!

ــ شۆھرەت، ئاغزىڭنى بۇزماجۇمۇ. بىكار مەن ئاغزىمنى بۇزۇدىغان بولسام چىرايلىق گەپ چىقمايدۇ.

ــ كاپىلدىما قانجىق! ــ ئايال خوجايىن قىزنىڭ ئاغزىغا بىر تەستەك سالدى، ــ خېرىدارلارنى داۋاملىق سەنلا خاپا قىلىسەن. جىقراق پۇل تېپىپ ياخشىراق كۈن كۆرسەڭ ئۆزۈڭگە كۆرەرسەن ھەقىچان.

ــ ماڭا ئۇنداق پۇلنىڭ كېرىكى يوق. كۆڭلۈم كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلىپ، پۇلغا ۋىجدانىمنى، غۇرۇرۇمنى تېگىشمەيمەن...

ــ توۋى جالاپ! ــ ئايال قىزغا غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈردى، ــ ماۋۇ جالاپنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر دەپ كېتىشلىرىنى تېخى. سەن بۇ قاۋاقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن دەپ قالغان ئوخشىمامسەن. يوقال! ھازىرلا لاقا-لۇقىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىنى بىكارلا. ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا!

## 4

كېچە. شۆھرەت هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى باشلىقنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئايالىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئايالى يامانلاپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى. ئۇ، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە قېيىن ئاتىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى.

«باراي، بېرىپ ئۆزۈمنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتاي. قېنى ئەمدى ئۇنىڭ نازلىنىپ ئۆيگە كەلمىگىنىنى بىر كۆرەي. بىلىپ قويسۇن، ئېرىنىڭ بۇندىن كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن. ھازىرچە مۇئاۋىن، يەنە بىرەر يىل ئۆتسە جىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى. ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىم. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭ مەنسەپدار بولۇشىمدىنمۇ گەپ يوق: مەسىلە، ئۆزۈمنىڭ بۈگۈنكىدەك پەيتنى تالاپ تۇرۇپ، ئىشلارنى جاي-جايىدا قاملاشتۇرۇپ، باشلىقلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىشىمدا. ھىم، نىجاتنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى كۆرۈمەنغۇ تېخى. رەنجىمە، نىجات ئاغىنە. ھازىرچە تۇرۇپ تۇر. كېيىنچە مەن ئىدارە باشلىقى بولغاندا، مەكتەپتىكى چاغلاردا ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قايتۇرۇش يۈزىسىدىن بولسىمۇ سېنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چوقۇم ئۆستۈرىمەن». شۆھرەت شېرىن خىياللار ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يول بويىدىكى داڭگالغا پۇتلاشتى-دە، پالاقىدە يىقىلدى. لېكىن بىر يەرلىرى ئانچە قاتتىق ئاغرىمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى چالا-بۇلا قاقتى. ئايالى ئېسىگە كېلىپ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. «خەپ، سەن قانجىقنى، ئۆيگە بىر ئەپكېلىۋالاي قېنى، كۆرسىتىمەنغۇ تېخى. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالسام... بولدىلا، بۇ كېچىدە يول مېڭىپ، ساڭا يالۋۇرۇپ يۈرۈدىغان ئادەتتىكى ئادەممىدىم مەن. بىلىپ قوي خوتۇن. مەن دېگەن ھازىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى! ئىززىتىمدىن چۈشۈپ ئالدىڭغا يالۋۇرۇپ بارمىسامىمۇ، بۈگۈن-ئەتە باشلىق بولغىنىمنى ئاڭلىساڭ، ئالدىمغا ئۆزۈڭ يالۋۇرۇپ كېلەرسەن ھەقىچان. ئاتا-ئاناڭمۇ: ۋاي شۆھرەتجان بالام، خاپا بولمىسىلا، سەۋەنلىك قىزىمىزدىن ئۆتۈپتۇ، دەپ كېلەمدۇ تېخى...»

شۆھرەتنىڭ ئايالىنى ئېلىپ كېلىشتىن بىردىنلا رايى قايتتى. كوچا چىراغلىرى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەملەر خېلىلا شالاڭلاپ قالغان بولۇپ، بىرە-بىر موتسىكلىت ياكى ۋېلىسىپىتلىقلار ئالدىراش ئۆتۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ئالدى تەرەپتىكى چىراغ يورۇقىدا ۋېلىسىپىتقا تايىنىپ تۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ، نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتتى. بۇنداق ئىسقىرتىشقا ئۇ خېلىلا ماھىر ئىدى. شۆھرەت پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە قىزنىڭ قېشىغا كەلدى:

ــ ھە، خېنىم، تۇرۇپ قاپسىلىغۇ؟ قانداق، ھەمراھ بولايمۇ؟ خاتىرجەم بولسىلا، باھاسىدا...

شۆھرەتنىڭ گېپى تۈگىگىچە، ئىڭىكىگە تەگكەن مۇشتتىن ئارقىسىغا داراڭگىدە ئۈچۈپ كەتتى.

ــ سەن خۇمسىلارنىڭ دەردىدىن بىرەر خوتۇن كىشى يالغۇز ماڭالمامدۇ بۇ يولدا. كۆتۈڭگە ئوتتۇرا قولۇمنى تىقىۋېتىمەن سەن ھەزىلەكىنىڭ...

شۆھرەت تېپىك-پەشۋالار ئارىسىدا خېمىردەك چەيلىنىۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ بىراۋنىڭ كېلىپ ئۆزىنى بۇ رەھىمسىز دۇمبا ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلىدى، خېلىلا ئۈمىدلەندى. بارا-بارا تاياقنىمۇ

www.uyghurkitap.com

سەزمىدى.

. . . ئىدارىنىڭ چوڭ يىغىن زالى. ئىدارىدىكى ھەممە خىزمەتچى تولۇق يىغىلغان. رەئىس سەھنىسىدە ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتار ئولتۇرۇشىدۇ. مانا، ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى مىكرافونغا ئاغزىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنى رەئىس سەھنىسىگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. شۆھرەت ئەتراپىغا مەغرۇر نەزەر سالدى. ئەنە نىجات پۇرقىرىتىپ تاماكا چەككىنىچە شۈمشىيىپ ئولتۇرىدۇ. شۆھرەت سەھنىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تۇيۇقسىز زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەت خۇدۇكسىرەپ ئەتراپىغا قارىدى. زالدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەك ئالاقزادە بولدى. تۇيۇقسىز ساغرىسى تەرەپنىڭ بىنورمال بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرھال كەينىگە قارىدى. ئاھ، نېمە كارامەت بۇ! بىر تال قۇيرۇق، قۇيرۇق بولغاندىمۇ ئىتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر تال قۇيرۇق ئىشتىنىنى تېشىپ چىققان بولۇپ بارغانسېرى ئۇزىراۋاتاتتى. شۆھرەت قۇيرۇقنى دەرھال تۇتىۋالدى. بىراق مەسخىرە كۈلكە ساداسى ئىچىدە قۇيرۇق تېخىمۇ بەك ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى شۆھرەتنىڭ يەردە سۆرۈلۈپ تۇرغان قۇيرۇقىغا دەسسىۋالدى. شۆھرەت قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىۋىدى، ئاۋازى سۆڭگىچىگە تېپىك يېگەن ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئاۋازىدىن نومۇس قىلىپ دەرھال ئاغزىنى يۇمىۋالدى. لېكىن ۋيرۇقى تېخىچىلا دەسسىلىپ تۇراتتى. قۇيرۇقىدىن كىرگەن ئاغرىق ازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە ۋارقىرىۋەتتى. ئاۋازى يەنە بايامقىدەكلا ـ تېپىك يېگەن لالما ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ، مەدەت تىلەپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، مەسخىرىلىك چىرايلاردىن باشقا ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بىرمۇ چىراينى كۆرەلمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىز بىرەيلەن يۈگرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تال قىلىچ بار ئىدى. شۆھرەت شۇنداق قارىۋىدى ئۇنىڭ چىرايى بىردە نىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشاپ كەتتى. شۆھرەت قورقۇمسىراپ قىلىچقا قاراپ قويدى ـ دە تولىمۇ ئەستە ياردەم تىلىدى. لېكىن ئاغزىدىن گەپ ئەمەس، ئىتنىڭ قاۋىغىنىدەك بىر خىل ئاۋاز چىقتى. ھېلىقى بىردە نىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشايدىغان كىشى قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شۆھرەتنىڭ خەقلەر دەسسەپ تۇرغان قۇيرۇقىنى دەل كاسىسىنىڭ تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلىدى. شۆھرەت ئاغرىق ئازابىدىن شۇنداق قاتتىق كاڭشىپ كەتتىكى، يەردە نەچچىنى يۇمىلاپ كەتتى. . .

شۆھرەت سۇدا ياتقاندەك تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ، ۋەھىمە ئىلكىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى يىغىن زالىدا ئەمەس، ئۆيىدە كۆرۈپ، بايامقى ۋەھىملىك ۋەقەلەرنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىرئاز خاتىرجەم بولدى. لېكىن كاسىسى تېخىچىلا ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ، ۋەھىمە ئىلكىدە قولىنى ئاستا كاسىسىغا ئاپاردى. قولىغا ھاراق بوتۇلكىسى چىقتى. بۇ، كېچىدىن ئۆيىگە كېلىپ ئىچكەن ھاراقنىڭ بوتۇلكىسى ئىدى. ئۇ، مەستلىكتە بوتۇلكىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ھاراق بوتۇلكىسى يۇمىلاپ كېلىپ كاسىسىغا پېتىپ كەتكەنىدى.

شۆھرەت يۈزىنى چالا-بۇلا يۇدى-دە، ئۇدۇل ئىدارىسىغا قاراپ ماڭدى. تاڭ كېچىدە چىققان بوران توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى. ھاۋا-جاھان ساپسېرىق كۆرۈنەتتى. شۆھرەت كېچىدىن كۆرگەن غەلىتە چۈشىنى ئويلاپ غەمكىن كېتىپ باراتتى.

ـ سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ياخشى-يامان كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىۋەتسىلە، ھاجىم بالام.

يول بويىدا قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئادەم ئوشۇقىدىن تۆكۈلۈپ كېتىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغاخۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويىۋالغان بولۇپ، ئۇنىنىڭ بارچە توۋلاۋاتاتتى. شۆھرەت ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا پارچە پۇل تاشلىدى.

5

شۆھرەت ئىدارىغا كەلگەندە خىزمەت بىناسى ئالدىدا بىر توپ خىزمەتداشلىرى غوجەكلىشىپ ھەدەپ كۈلۈشىۋاتاتتى. نىجات نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتاتتى. شۆھرەتنىڭ قۇلىقىغا نىجاتنىڭ: «سادىر پالۋان قىلىچى بىلەن شۇنداق بىر چاپقانتى» دېگەن سۆزلىرى چالا-پۇلا كىردى ـ دە، ۋەھىمىدىن يۈرىكى دۈكۈرلىدى. نىجاتقا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى: «كېچىدىن كۆرگەن چۈشۈمنى قانداق بىلىپ قالدىكىنە؟ چۈشۈمدە كۆززۈمگە سادىر پالۋان بولۇپ كۆرۈنگىنى ئەسلىدە نىجاتكەن ـ دە. ئۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سادىر پالۋاننى تولا چۈشەيدىغان بوپقالدىم، دەۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن كۆرگەن چۈشنى كېچىدىن ئۇمۇ كۆرۈپتىكەن ـ دە. خەپ، نىجات، ئۆزۈن يىللىق ساۋاقداش ھەم يېقىن ئاغىنە تۇرۇپ، ئازراقمۇ بولسا يۈزۈمنى قىلماي، ماڭا قۇيرۇق چىقىپ قالغىنىنى خىزمەتداشلارغا يېيىۋېتىپسەن. توختاپ تۇر، كۈنلەر تېخى ئۆزۈن، كۆرۈسەن. كىم ئاخىرىغىچە كۈلەلەيدىكىن. مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان كۈنۈم. . .»

ـ كېلىڭ شۆھرەت، بۇ خىزمەتدىشىمىز بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ، ـ پېشقەدەم بۆلۈم باشلىقى بىر چەتتە چاقچاقتا ئارىلاشماي پۇشۇلداپ تۇرغان شۆھرەتنىڭ خىيالىنى تۇيۇقسىز بۆلىۋەتتى ۋە نىجاتلار بىلەن كۈلۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش بىر يىگىتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، ـ ئىسمى قەيسەر، سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۆھرەتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرسى بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن شۇنداق قاتتىق سالغاندەك بولدىكى، قۇلاق ـ مېڭىسى ۋىڭىلداپ، ۋۇجۇدىغا مىڭلاپ پىچاق سانچىلغاندەك ئاغرىق كىردى. چىرايى ئاۋۋال تاتاردى، كېيىن قىزاردى.

ـ تەڭ دېمەتلىككەنمىز، خىزمەتتە كۆپرەك ياردەم قىلارسىز، ـ دەپ ئۇزاتقان دوستانە قولنىشۆھرەت مەست ـ ئەلەسلەردەك تىترەپ تۇرۇپ چالا-پۇلا تۇتتى. يىغىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر كۆز چانىقىنى سويۇق بىر پەردە توسىۋالدى. كۆز ئالدى غۇۋالاشتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى گىرىمسەن كۆرۈندى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىدە كىچىككىنە بىر ئۈمىد نۇرى پىلىلدە چاقناپ ئۆتتى ـ دە، دەرھال خىزمەت بىناسىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم باستى. ئۇ تېخى ئۈچ ـ تۆت قەدەم چامىدا ـ چامدىمايلا ئارقىسىدىن گۇررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇ ھامانلا خۇدۇكسىرەش ۋە ئالاقزادىلىكتىن كاللىسىغا چىدىغۇسىز بىر ئازاب ھۇجۇم قىلدى. چۈشىدىكى غەلىتە مەنزىرە كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە ئاستا ساغرىسىنى سىلاپ باقتى. . .

1998 ـ يىل 16 ـ ماي، يەكەن رەسسام: پەرھات ئىبراھىم

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)



# ئەجەل، پۇل ۋە قاسساپ

(باللادا)

ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان

قىلىپلاشتى بۇندا ھەممىسى،
يورغىلايدۇ بىر جۈپ چىۋەر قول
كومپيۇتېر كونۇپكىسىدا.
تەھدىت سېلىپ ئېلېكتر سىمى،
دەرەخلەرنى قويماس ئۆسكىلى.
سۇ مۇنارى تولىمۇ ئېگىز،
يېزىلارنى بولماس كۆرگىلى.
دوختۇرخانا ياتاقلىرىدا
دۆۋىلىنىپ ياتار ئازابلار،
يەنە باردۇر ئاچچىق ئىڭراشلار.
كانارىغا ئېسىلغان گۆشلەر
يەمچۈكىدۇر گۆشخور ئادەمنىڭ.
پارقىرايدۇ قاسساپنىڭ كۆزى،
كۆرگىنىدە يۈز سوملۇق پۇلنى.
قان پۇرايدۇ قاسساپنىڭ قولى.
خۇرۇم بولۇپ كەتكەن مايلىشىپ،
كېپەن كەبى نىلۇن پەلتۇسى.

***

ئالدىمدىكى چوقچىيىپ تۇرغان
كومپيۇتېر دەستىسى ئەمەس،
كاۋاپدان ئۇ ئىس پۇراپ تۇرغان.
تىرىشمىز بىر كۈن كەچكىچە،
توشۇپ قالدى مانا بۇ ئايمۇ،
لېكىن يەنە مائاشسىز يانچۇق.
يۈز سوملۇق پۇل، ئاھ! يۈز سوملۇق پۇل،
كور ئادەمدەك بىر سىلاي سېنى.
ئەگىشىدۇ ماڭا نامراتلىق.

پۇل تېپىپتۇ مايلامچى بالا،
چوتكا تۇرماس مېنىڭ قولۇمدا.

*

يۈرىكىمدە لىقمۇ-لىق ئازاب،
جاراھىتىم ھېچ ئالماس ئېغىز.

*

ئىس پۇركۈيدۇ زاۋۇت تۇرخۇنى،
ئېرىقلاردا ئاقار يۇندىدەك
سانائەتنىڭ بۇلغانغان سۈيى.
يېتىم قالغان قۇشلار، بېلىقلار
قاياقىدۇر كەتتى يامانلاپ.
رەھىم قىلغىن يەر شارى ئانا،
ئېمىپ بولدۇق قېنىڭنى تامام.
سەن مېھرىبان، سەن بەك ئاقكۆڭۈل
ئۇخلىۋالغىن بىر پەس تىنچ-ئامان.

***

شېئىر نامرات مەنىمۇ ھەم شۇنداق،
گۆش بەرمەيدۇ قاسساپ شېئىرغا.
بىر جۈپ قانلىق يىرتقۇچ قولى
ئۈزۈپ تاشلار قوي كاللىسىنى.
قان چاچرايدۇ يۈز سوملۇق پۇلغا.
چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرمەس،
تېپىلمايدۇ بۇندا ھېسسىيات.

*

سايراپ قالسا ئۆلگۈر چاقىرغۇ،
پۇل كېتىدۇ قايتۇرۇشقىمۇ.

*

www.uyghurkitap.com

ئەي ئادەملەر-ساددا ئادەملەر،
مۇزلاپ قالغان جانسىز يۈرەكلەر،
پۇلسىز ياشاش قىسمەتتۇر-قىسمەت،
كىتابسىزلىق بالايى-ئاپەت،
بىلىمسىزلىك ئادەم ئەمەسلىك،
ئىككى پۇتلاپ مېڭىشتۇر پەقەت.

*

شېئىر بولماي ئالدىمدىكىسى
گىردە بولۇپ قالغان بولسىچۇ.

*

چەرخلىرىنى قان ئايلاندۇرار،
گۈلدۈرماملىق كونا تۈگمەننىڭ.
ئەي سەن قوتۇر تۈگمەننىڭ تېشى،
بېشىمدىلا چۆرگىلەيسەنغۇ.
ئېزىپ ئۇن قىلىۋەت جىسمىمنى،
گىردە ياقسۇن ئۇنىڭدا ناۋاي.
ئېلىپ يېسۇن يۈز سوملۇق پۇلغا
قان پۇراپ تۇرغان قېرى بىر قاساپ.

***

قۇشخانىغا مېڭىشار قويلار،
مۆڭگۈزلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ.
بىر-بىرىنى ئۇسسۇشكەن بىلەن،
پىچاق بىلەپ تۇرغان قاساپقا
قارىيالماس ئۇلار ئالىيىپ.
سەركىلەرنىڭ ئالدىشى بىلەن
قۇشخانىغا كىرىپ كېلىشەر.
قان تېمىپ تۇرغان پالتا-پىچاققا
باشلىرىنى تۇتۇپ بېرىشەر.
ئەي بىچارە، بىچارە قويلار،
قاساپ بەرگەن يەمگە تويۇڭلار.
گېلىڭلارغا پىچاق تەگكەندە
تىپىرلاڭلار، ئاندىن ئۆلۈڭلار.
ئەلمىساقتىن ئوخشاش قىسمەتلەر،
بۇ قىسمەتنى يەنە كۆرۈڭلار.
قاساپنىڭ بار ئۆتكۈر پىچىقى،
قۇشخانىدا تىترىشەر جانلار،
دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ قانلار.
جان ئېزىدىشىپ قانخور قاساپلار،
دىۋىلەردەك مېڭىپ يۈرۈشەر.
قۇشخانىدىن كۈلكە تېپىلماس،
ئۇلجا يېگەن شىر ئەسنىگەندەك
كۆرۈنىدۇ قاساپلار كۈلسە.
ئېغىز-بۇرنى قانغا مىلەنگەن،
تېپىلمايدۇ بۇندا ھېسسىيات.

*

چەككە يەتتى جانلىقلار ئاھى،
يىغلىماقتا تەبىئەت ئانا.

***

قەشقەردىكى كونا رەستىدىن
خېنىم مىجەز قېرى بىر زەردار
يۇدۇپ كېلەر بىر خۇرجۇن پۇلنى،
خەجلەيدىغان ئورۇن يوق ئۇنى.
قىستاپ كەتسە ئەگەر تەرەتنى،
يېقىن جايدا ھاجەتخانا يوق،
ئىشلەتمەس ئۇ تازىلىق قەغىزى،
خالتىسىدا تەرەت چالمىسى.

*

مىلليونېرلار بەكمۇ كەمبەغەل،
پۇل تىلەيدۇ تىلەمچىلەردىن.

كەمبەغەلمىز بەلكىم ھەممىمىز،
غۇربەتچىلىك تۈكۈلۈپ تۇرار
تۇرقىمىزدىن-سىياقىمىزدىن.

***

ئۇرۇمچىدە لىقمۇ-لىق ئادەم،
ئىمىر-چىمىر مېڭىشار ھەريان،
بارماقلىرىم خەت باسقان كەبىي.
قىرامىدا-يەر ئاستى شەھەر،
مىغ-مىغ ئادەم كەچقۇرۇن-سەھەر.
دۆڭكۆۋرۈكتە كۆپتۇر قەلەندەر،
كەچ كىرگەندە ئۇلار گىردە يەر.
قورسىقىم بەك ئاچتى شۇ تاپتا،
گىردە ئەمەس ئالدىمدىكىسى
دۈمچەك-دۈمچەك شېئىرلار پەقەت،
ئارىسىدىن نان چىقماس ھەرگىز،
چىقار غەمكىن مىسرالار پەقەت،
ئۇنى ھەرگىز يېگىلى بولماس.

***

چۇرۇقلىماس بوپ كەتتى قۇچقاچ،
سانائەتنىڭ تازدەك شەھرىدە.
زېدە بولغان تەبىئەت تامان
ئېغىنىشىپ بىر توپ ئېشەكلەر
ھاڭرىماقتا بەكمۇ بىمالال.
يوتەل بولۇپ بەڭگە شەھەرلەر
ئىس يۇركۇيدۇ ئېغىز-بۇرنىدىن.
يەر شارىنىڭ ئاچ بېقىنىغا
سانچىلغاندا رەھىمسىز بۇرغا،
تولغىنىدۇ يېتىم يەر شارى،
سۇنۇپ كەتكەچ بىرتال قوۋۇرغا.

*

سوليا ۋيوپۇق پارنىك ئېتىزلار،
خىمىيىلىك سۇنئىي ئوغۇتلار،
تىنىقى يوق بىپايان سەھرا،
ئاشقازاندا لىق سۇنئىي غىزا.

***

ئاۋۇپ كەتتى راك كېسەل ئەجەب،
دورىسى يوق ئېيلاس كېسەلنىڭ.
ئوپېراتسىيە قىلار ۋراچلار،
پىچىقىنى بىلەپ قاساپتەك.
قۇشخانا يوق دوختۇرخانىدا،
ئۇ جايدىكى ئوپېراتسىيەخانا.

*

بىر ئاقىۋەت بەك قورقۇنچلۇق،
بالىنتسا بولۇپ قالسا يەر شارى.

*

غەربتىكى جىنسىي ئەركىنلىك،
يەنە ئېيلاس شېرىن چېكىملىك،
چىرىك ئەخلاق، روھىي چۈشكۈنلۈك...
ۋەھىمىگە چۈشتى ئىنسانلار،
تارقالغاندا شىددەتلىك ئەيدىز.
قۇرۇپ كەتتى ھايۋانلار نەسلى،
كېسەلگەچكە كۆپلەپ ئورمانلار.
قۇم دولقۇنى كېلەر شىددەتلىك،
قاساپلاردەك قىلىشىپ خىترىس،
ھاياتلىقنى يالمايدۇ غايەت.
يەر شارىنىڭ ئېغىزمىنىغا
مىنىۋالدى بەدبوي سانائەت.

***

يۈز سوملۇق پۇل، ھاراق ۋە قىزچاق،

مەسچىت خالىي - بۇلاردىن يىراق.
ياتقىمدا مەن بەك تەقۋادار،
ئىشىكىمدىن مارار شەيتانچاق.
تىپتىنچتۇر ئۆلۈمگە ئوخشاش،
سوغۇققىنا يېقىمسىز ياتاق.
بۇلۇڭدىكى خوشۇم يوق كارىۋات
جىنازامدەك قىلىدۇ باغاش.

***

يۈز سوملۇق پۇل قەدىرلىك سەن بەك،
قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تۇرسەن.
مېنى تاشلاپ قويۇپ ئازابلاپ،
مىليونېرنىڭ قويىنىغا كىرسەن.
قاسساپلارنىڭ توڭكاي چىشلىرى
بەئەينى بىر شىرنىڭ مەڭگۈنى.
يۈز سوملۇق پۇل قايتىپ كەل ماڭا،
بەكمۇ سېسىق قاسساپ يانچۇقى.

***

ئەي قۇشخانا، ئىپلاس قۇشخانا!
قاسساپلارنىڭ قانلىق ئوردىسى،
بار سېنىڭدە قانلىق كانارا،
سانچىلغاندۇر يۈرەك پارچىسى،
بېقىنىدا تەڭسىز تارازا.

*

يۈز سوملۇق پۇل پېشىمگە ئىسىلىپ
تاپان بېسىپ كېلەر دىڭگوسلاپ.
پۇلنى كۆرگەن ئەما تىلەمچى
يۈگۈردۇ ھاسىنى تاشلاپ.

*

تاپقىنىدا كور خەبىردارنى،
ئۆشكە گۆشى ساتىدۇ قاسساپ.

*

رېستورانغا كەل ئەي تىلەمچى،
مېھمان قىلاي سېنى بىر ھازا،
قېنى، ئاله، ھەممىدىن يىگىن،
بەختلىك بول، يەپ-ئىچكىن تازا.
مىليونېرلار ئاچ مۇشۇ تاپتا،
ئىشخانىدا جىددىي ھېساپتا.
چەك يازىدۇ كىمدۇر بىرىگە،
يان تېلېفون جىرىڭلىغاندا.
ئۇ ئاچ قالسۇن، ئاچ قالسۇن تازا،
يەپ-ئىچەيلى بىز رېستوراندا،
يۈز سوملۇق پۇل نېمىتى بىزگە.

***

كەت، ئەي قاسساپ يېنىمدىن ئەمدى،
يۈز سوملۇق پۇل كەينىدىن يۈگۈر.
ئىنتقا ئوخشاش قاۋا بىر ھازا،
زەنجىرىڭنى سىلكى، ئۆزۈۋەت!
پاچىقىمنى تالىۋەت بىر رەت،
ئالۋاستىدەك يەنە بوغۇۋەت،
بۇرنۇمغا ئۇر! بەك ئۇر، يېرىۋەت،
پىچىقىڭمۇ بەك ئۆتكۈر تازا،
بىر يېرىمنى كېسىۋەت مانا،
كەتكۈزىۋەت ئۇرۇپ ھوشۇمدىن،
ئىبلىۋېلىپ دەردىڭنى مەندىن،
خوش بوپ كېتەي، كەتكىن يېنىمدىن،
سوتقا بېرىپ يۈرمەيمەن ئاندىن،
تولىمۇ بەك زېرىكتىم سەندىن.

***

زۇلمەت كېچە تۇغۇلغان كۈنۈم،
ئۆلۈمىمنى باشلىۋەتكەنتىم.
ئوماقلىقىم كەلگىن بىر مەررە،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ بىرەي.
كىچىكلىكىم-گۇناھسىزلىقىم،
جىنايىتىم چوڭ بولغانلىقىم.
ئۆز-ئۆزۈمدىن بەكمۇ زېرىكتىم.
مومام ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى
تۆكەپ كەتتى گۈزەل چۆچەكلەر،
«ئۇر توقماق» مۇ قالدى سېھىرىدىن.
خاراب بولدى بوۋامنىڭ ئۆيى،
قۇرۇپ كەتتى قاغا جىگدىلەر،
قاغىلارمۇ يوقالدى نەگە.
تېزەكلىمەس بوپ كەتتى تىللا،
ھەلەپ يېگەن قوتۇر ئېشەكلەر.
ئەي ياغاچچى، جېنىم ياغاچچى،
ياساپ بەرگىن ماڭا ياغاچ ئات،
ئۇچۇپ كېتەي كۆكنىڭ قەرىگە،
ساقلاپ قالمىسۇن مېنى مەلىكە.
كۆرۈنمىسۇن قاسساپ كۆزۈمگە،
يۈز سوملۇق پۇل، قاسساپ، كانارا،
يەنە ئەبلەخ قانلىق قۇشخانا،
يەر شارىدەك چوڭ ئەخلەتخانا.

***

مۇڭ تۆكىلەر مۇڭلۇق شەھەردىن،
تىلەمچىنىڭ ساپايىسىدىن..
سەھرادىكى ئوتۇنچى بوۋاي
ئېشەك مىنىپ جاڭگالغا كىرسە،
ئۇچرىغانمىش بىر غايىب شەھەر.
چىللىشارمىش ئۇندا خورازلار،
يېتىپ كەلسە بىر گۈزەل سەھەر.
بارمىش گۈلشەن ۋادا - يايلاقلار،
قىيغىتارمىش بۇغا-ماراللار،
مەرۋايىتتەك سۈزۈك ئېقىنلار،
بېلىقجانلار، ئالتۇن بېلىقلار،
ئورمانلىرى يېشىل-باراقسان،
چېپىشارمىش توپ-توپ يىلقىلار،
تاش ئورنىدا ئۈنچە-مارجانلار،
تاغلىرىدا ئالتۇن-كۈمۈشلەر،
سۈنچە سۈزۈك بىپايان ئاسمان.
كۆرۈنمەسمىش ئېگىز بىنالار.
شۇنچە گۈزەل ئادەمسىز شەھەر،
كۆرۈنمەسمىش غالجىر ئادەملەر.
يوقمىش يەنە قانلىق ئوردىلار،
پادىشاھلار، ۋەھشىي جاللاتلار،
بەك سۆيۈملۈك قاسساپسىز شەھەر،
بەختلىكتۇر شۇڭا ھايۋانلار.

*

ئەي جان بوۋا، خىزىردەك بوۋا،
باشلاپ بارغىن مېنى شۇ يەرگە،
شۇ تىپتىنچ غايىب شەھەرگە.
ئىشىكىڭنى يېتىلەپ بېرەي،
ساڭا ئوتۇن كېسىشىپ بېرەي،
باشلاپ بارغىن مېنى شۇ يەرگە،
بىز كېتەيلى ئاشۇ شەھەرگە.

ئابلىز خوجانىياز فوتوسى

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا، خوسۇسىي چىش دوختۇرى (M1)

www.uyghurkitap.com



# تۈن گىرۋىكى

(داستان)

تۇرسۇننىياز تۇختى ئۇغۇز

1

بارىمەن
تۈن قوينىدا سۈرەپ ئۆزۈمنى.
كالۋالاشقان قەدەملىرىمگە
تەڭكەش بولار ئاسقاق كۈيلىرىم.
تۈن
ئىھ، بوۋاينىڭ ساقاللىرىدەك
ئېغىرغىنا تۇرار يەلپۈنۈپ.
تەبىئەتكە تارالماقتىمەن
نۇر زەررىسى بولۇپ يېرىلىپ.

ئېزىتقۇلار چىرماشقان خىيال
چوقۇلايدۇ، سوراقلايدۇ ھەم
كىچىككىنە مەۋجۇدلۇقىمنى،
كېپەنلەنگەن گۈزەل روھىمنى...
نەشە دېگەن قانداق نېمە ئۇ،
خىرۇئىنچۇ ھېلىقى ئاپئاق؟
قانداق بولار ئۇنى بىر چېكىپ
قايتىپ باقسام ھايۋانلىقىمغا؟

خىياللىرىم قاپتاللىرىدا
جىمجىتقىنا ياتار بىر سادا.
بەلكى مېنى تونۇماي قالار
ئىھ، شۇ قەدەر رايىش تار كوچا.
سوراپ سالار ئاكام ئىسمىمنى،
تونۇمايمەن مەنمۇ ئۆزۈمنى.
روھىمغا
بېغىرلايدۇ كۆز يېشىم بىردىن،
ئايلىنىمەن سوئالغا شۇندىن:
مەن كىم؟...

2

قاۋاقخانا بىر چۆشلەر چۆلى،
غايىب بولار گاھىدا تۇرۇپ.
بۇ يەردە
غايىب بولار كۈتكۈچى ئايىمۇ،
ئىلغۇچلاردا كۆلەر باغىرداق...
كىچىككىنە چەكسىزلىك ئارا
پەيدا بولار يالىڭاچ ناخشا

قىز كۆكسىدەك ئۈنسىز دەۋرىگەن،
لەيلەپ قالار بۇ يەردە ھەممە،
خىياللارمۇ شاردەك سەمرىگەن.
چىرماشقان تەنلەر
چىرماشقانچە چىقار كۆزنەكتىن.
تۈن قوينىدا بىچارە كوچا
ئايلىنىدۇ سارالڭ ناخشىغا.
تىتىرەككە ئايلىنار شەھەر سۈكۈتى،
ئىت قاۋىماس قاۋايدۇ ئادەم.
گۈل بەرگىدە يامرايدۇ قۇسۇق،
قۇسۇقتەكلا سېسىيدۇ ئالەم.
سېسىپ كېتەر ئۆيغۇرچە سىنياق،
قىممەتنىڭكى تالاسىمۇ ھەم.
قۇسۇق بىلەن بۇلغىنىدۇ روھ،
بۇلغىنىدۇ بۈيۈك مەۋجۇدلۇق.
قۇسۇق بىلەن تۆكۈلۈپ كېتەر
ۋۇجۇدتىكى بۈيۈك ئۇلۇغلۇق...

ۋاقىت ئوخشاش تەكرارلانغاندەك
تەكرارلىنار بۇ يەردە مەستلىك.
مۆڭگىرايدۇ دىلدا سالاملار،
ياڭراپ كېتەر سۆزلەر قەغشلىك.
روھ مەست،
ۋۇجۇد مەست،
مەستتۇر ھەتتا تومۇر زەررىسى.
مەست بولغاچقا بۇ جايدا ھەممە،
مەستتۇر ھەتتا خىزىردەك كوچا.

كوچىلاردا ئۆتكۈنچى ناخشا،
قاسىراقلانغان يۈزىدە پاتقاق.
لېنتىدىكى ناخشىلار چەتنىڭ.
«تار كوچا»غا كەلمەيدۇ تىلى.
-زوردۇن سابىر كىتاب يېزىپتۇ،
-قۇرۇق گەپنى بىزمۇ يازىمىز.
-«ئۇزاق يول»نى قويساڭچۇ ئۇستام!
-قويە ئۇنداق كونا ناخشىنى!
-جېكسوننىڭكى ئۇنىڭدىن ياخشى.
-قۇددۇس ھاپىز چەتكە مېڭىپتۇ.
-كونا گەپنى دەيدۇ يەنە شۇ.

-يۇلۇڭ بولسا
تولۇ مۇتىمۇ تەييار ساڭا،
-مانا گەپنىڭ نوچىسى مۇشۇ!
. . .
مەيۋەت . . .
ئۆتكۈنچى ناخشا . . .
ئۆتكۈنچى ۋاقىت . . .
ۋە ئۆتكۈنچى قاۋاقخانىلار. . .
داڭقىمىز بار ئىستانبۇلدىمۇ،
داڭقىمىز بار ھەتتاكى توكيو-
ئالمۇتىدا، تاشكەنتلەردىمۇ.
بار ئۇ يەردە تىزىپ شىشىنى
قاتۇرۇلغان ئۇيغۇر ھەيكىلى.

قاۋاقخانا بىر چۈشلەر چۆلى،
غايىب بولار گاھىدا تۇرۇپ.
پەرىشتىدەك بۇ گۈزەل شەھەر
تىلىقىدۇ ئۆزىنى قۇسۇپ.

3

كىچىككىنە يۇلتۇزدەك شەھەر
يەر شارىنىڭ باغرىدا كۈلەر.
قۇتۇپلارغا سوزۇلغان ئىقىن
دەل مانا بۇ شەھەردىن ئۆتەر. . . .

كىچىككىنە يۇلتۇزدەك شەھەر
خاسىيەتلىك ئاققۇدۇر گويا
ئۇچۇپ كەتكەن يىراق-يىراققا -
يېڭى زېللاندىيىگە،
ئافرىقىنىڭ زېمىنلىرىغا؛
مىيونخېنغا، توكيوغىمۇ ۋە
ئاۋستىرالىيىنىڭ
ئېھ، ياپپېشىل كوچىلىرىغا؛
ئىستانبۇلغا، پارىژغا ھەتتا
لوندوننىڭكى مۇزېيلىرىغا. . .
يىراقتىكى ئاق تەنلىك ئالىم
بۇ شەھەرنى كۆرمەكچى بولار.
يىراقتىكى مۇھاجىر ئۇيغۇر
بۇ شەھەرنى سۆيمەكچى بولار.
تۇپرىقىنى ئېلىپ ئۇچۇملاپ
باشلىرىغا چاچماقچى بولار.
يىغلاپ سالار كۈندە ئېسەدەپ،
قۇياش چىقسا: «بىزنىڭ شەھەرنىڭ
ئاسمىنىدىن چىقىپ كەلدى» دەپ.
چىقىپ قالسا شەرق شامىلى
ئارزۇ بىلەن ياقار ئۇنىڭغا
تۈگمىسىنى يېشىپ باغرىنى!
يۇرت تەرەپتىن كەلگەن شامال دەپ
ھەسرەت بىلەن سۈمۈرەر ئۇنى!
تۈندە يۇلتۇز، دېڭىز، كوچىلار،
ئۆزى ياشاپ تۇرغان يات شەھەر؛
تەبىئەتمۇ، تىۋىشمۇ- ھەممە
بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بوپ كۆرۈنەر
تۇرغان بىلەن بەك يىراق يەردە.
نەپەسلىرى ئۈزۈلسە ئەگەر
قارچۇقىدا قاتار بۇ شەھەر. . . .

***

-«تۈركىي تىللار دىۋانى»،
«قۇتادغۇبىلىك»
ئېنگلىزچە نەشىر قىلىنىپتۇ.
-روبېرت دانكوف تەرجىمە قىپتۇ.
-مىيونخېنلىق بىر گېرمان ئالىم
«ئۇيغۇر مۇقامى» دەپ كىتاب يېزىپتۇ.
-قۇلجىلىقچۇ، ھېلىقى نۇرتاي
يېتىملارغا مەكتەپ سېلىپتۇ. . . .
-ھەي، ئۇنى دەپ نېمە قىلىسەن؟!
-ئالىي مەكتەپ بالىسىغۇ سەن!
-دىپلوم ئېلىپ كەتسەڭلا بولدى.
-شۇنى دەيمەن. . . ياخشى گەپ بولدى.
-يۈز كېلەلمەي قالما يۇرتۇڭغا!
-كىم يۈز كېلىپ شەھەر سوقۇپتۇ؟
-تازا لاۋزا ئاداش-دە، ماۋۇ! . . .

كەچلىك بازار جاۋىلداق جۇۋان،
ئەقلىڭنى بىرىپ سالىسەن.
قانتىڭمۇ چىقار بىر دەمدە،
قىنتە ئاتلاپ ئۇچۇپ كېتىسەن.
كەتكۈڭ كېلىدۇ ۋاشىنگتونغا،
ياغلىق تارتقۇڭ كېلەر كەشمىردىن.
ئادرېسىنى بىلگۈڭ كېلىدۇ
دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ.
يېڭىۋەتمەك بولىسەن تېخى
شەھەردىكى داڭلىق زاۋۇتىنى.
سەن كۆرۈسەن ھەممە ئادەمنىڭ
كۆزلىرىدىن چىرايلىق دەردنى. . . .

خاسىيەتلىك پەرىشتە شەھەر
ئېھ، ئۈنسىزلا قويار پۇشۇلداپ.
باغرى بىلەن قۇش پەيلىرىدەك
سۆيۈپ قويار ئالىملىرىنى،
سۆيۈپ قويار شائىرلىرىنى،
ساخاۋەتچى ئوغۇللىرىنى،
سۆيۈپ قويار خىلۋەتلەردىكى
يېتىم ئەمەس يېتىملىرىنى.
دىلكەش بولار ئۈنسىز ياشلارغا،
دىلكەش بولار سايرىماقچى بوپ
سايرىيالماي يۈرگەن قۇشلارغا.
دىلكەش بولار
يىغلىماقچى بوپ
ئۈن سالالماي يۈرگەن بوۋايغا. . . .

## خاتىمە

رەڭلىك كۆزلەر ۋە رەڭلىك كۆز ياش،
كۆز ياش بىلەن بويالغان كوچا.
دۈۋە-دۈۋە غەپلەتكە تولغان
قىز كۆزىدەك ئۇچقۇر مەيخانا.

ئېھ، قىممەتنىڭ مىسكىن شولىسى
تېنەپ يۈرەر
جۇل-جۇل روھنىڭ جىلۋىسى ئارا.
نۇر تىلەپ بىر يارلىش ئۈچۈن
كۆيۈك قۇياش ياتار تاپىسدا. . .
نېمىشقىدۇر تەنھا دەمدەردەك
يىغلىۋالغۇم كېلەر بۇقۇلداپ.
ياغسام دەيمەن بۈيۈكلۈك ئۈچۈن
سىم-سىم يامغۇر بولۇپ سىمىلداپ!
تۈن. . .
گىرۋىكىدە لەيلەپ يۈرگەن مەن،
ئېھ، سوئالدەك، سوئالدەك ئوقۇم.
قۇياش كۈلۈپ كېلىدۇ جەزمەن،
ئۇ مېنىڭدەك مەست ئەمەس چوقۇم.
1995-يىل، قەشقەر

ئۆركەش جاپپار فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە مارالبېشى 53-تۈەن-مەيدانى خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ خادىمى(M1)



# قىسمەت تەزكىرىسى

مۇھەممەت كېرىم ۋارىسى

تاڭ ئاتىدۇ،
كۈن پاتىدۇ.
ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىك كېتىدۇ.
بەختىڭ كېتىدۇ.
كىمدۇ بىرىنى ئىزدەيسەن،
ۋىسال ھەققىدە سۆزلەيسەن،
ۋىسال كۆرمەيسەن.
ئاي نىلىڭ چىقمايدۇ،
ئۆتۈۋېرىدۇ كۈنلەر،
ئايلار-يىللار.
بالايىتلەپ كېلىپ قالىدۇ
سەن سۆيگەن قىزچاق.
مەڭدەپ قالىسەن،
ئۆندەر دىيسەن.

***

تاڭ ئاتىدۇ،
كۈن پاتىدۇ.
داداڭ ئېغىراپ ياتىدۇ،
چۈنكى ئۇ كېسەل.
ئاپاڭ يىغلاپ ئۆزىنى ئاتىدۇ.
بىر توپ ئادەملەر كىرىپ كېلىدۇ.
بېلىڭگە ئاق باغلاپ قويىدۇ.
يىغلاپ كېتىسەن
ئىچ-ئىچىڭدىن ئۆكسۈپ.
بىر بوۋاي كېلىپ
بېشىڭنى سىلاپ
تەسەللىي بېرىدۇ.
شۇ بوۋايغا ئېسىلىپ
ئېسەدەيسەن.
جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ ئادەملەر.
يىغلاپ-قاقشاپ بىللە ماڭىسەن،
داداڭنى-
كۆمۈپ كېلىسەن.

***

تاڭ ئاتىدۇ،
كۈن پاتىدۇ.
مەڭزىڭدىكى چوغدەك قىزىللىق
سۇسلاپ كېتىدۇ.
چېچىڭ سارغىيىپ
ۋۇجۇدۇڭدىن دەرمان كېتىدۇ.
شۇ تاڭلار، شۇ كەچلەر
پېشانەڭگە بەلگە قويىدۇ،
نەقىش ئويىدۇ.
بىر ئادەم كىرىپ
بىر خوتۇن توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ.
تۆت ئادەم بىرلىشىپ
سېنى ئاخىر ئۆيلەپ قويىدۇ.

***

تاڭ ئاتىدۇ،
كۈن پاتىدۇ.
دەرەخ شاخلىرى ئېغاڭلاپ
غازاڭلار قۇيۇلىدۇ.
ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيسەن،
دۇگدىيىپ مېڭىپ.
بىر ئېتەك شىمىشكەڭنى-
سېتىپ كېلىسەن.
ئوغلۇڭغا بىر قاق،
قىزىڭغا كەمپۈت بېرىپ قويىسەن.
ئايالىڭغا ياغلىق ئارتىپ قويىسەن.
تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىسەن.
خىيال قىلىسەن.
خىيال قىلىسەن. . . .

ئابلىز خوجانىياز فوتوسى

ئاپتور: قورغاس ناھىيىسىدىن، دېھقان(M1)



# شېئىرىيەت ھاسىلاتلىرى

بۇغدا ئابدۇللا

## بەدىئىي ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكى

بەدىئىي ئوبراز چوڭ بىر ئۇقۇم، ئۇ، تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدىئىي ئوبراز شېئىردا كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋاستە. ئىدىيە، مەزمۇن ئوبرازلارنى بەلگىلەيدۇ، تاللايدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تارىخىي جەھەتتە، بىزنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىمىز شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئەسىردىن ئەسىرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئوبرازلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ھەتتا دۇنياۋى ئوبرازلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ھەقىقەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ كەلگەن.

ئوبراز مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە.

كونكرېت ئېيتقاندا، شائىر بەلگىلىك مەزمۇن ئۈستىدە ئويلاشقانىكەن، جانلىق، ھاياتىي ئوبرازلارنى ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بار ئاماللار بىلەن ئىزدىمەي قالمايدۇ. شائىرغا ئوبرازنىڭ چېلىقىشى بەلكى ھېچكىشى دىققەت قىلمىغان جىمجىتلىق، تاسادىپىيلىق ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. شېئىرىي ھاياتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇنداق ئەھۋال ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، بېيىپ، كېڭىيىپ بارىدۇ. كونكرېت ئوبراز ئەينى ۋاقىتتا كونكرېت رەڭگە ئىگە بولىدۇ، ئەمما شائىرنىڭ ھېسسىيات رېڭى بۇ خىل رەڭلەرگە تېخىمۇ جۇلا بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، ئوبراز تارىخىي مەنزىرىلەرنىڭ ئىزچىللىقى بولۇپمۇ ساقلىنىدۇ.

ئوبرازدا ئەسلى مەزمۇن بولمايدۇ، ئۇ ئىدىيە ۋە مەزمۇننىڭ روشەنلىكىنى ئىپادىلىگەندە ئاندىن جانلىنىدۇ.

ئوبراز سان جەھەتتىن بىرلا نەرسە ئەمەس، ئۇ كونكرېت شېئىردىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن كېيىنكى شېئىرلار ئۈچۈن يەنە باشقا ئوبرازلارغا ئورۇن ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئوبرازلار قاتارلىشىپ ئوبراز زەنجىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئوبرازلارنىڭ شېئىردىن ئىبارەت بۇ شاھمات تاختىسىدىكى ئورنى خۇددى شاھمات ئورۇقلىرىنىڭ رولىدەك ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاددىيلىرىنىڭ ئورنىغىمۇ پەقەت سەل قارىماسلىق كېرەك.

تارىخىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشتە ئېيتىنىڭ، تارىخىي ئوبرازلارغا تايانماي بولمايدۇ. ئوبراز ھەم تارىخىي، ھەم رېئال ھاياتنىڭ ئەينىكى بولالايدۇ.

ئوبراز ھەقىقىي مەنىدە چىن نەرسە، ئۇنى بۇزۇپ قويۇشقا، پەردازلەشكە بولمايدۇ، بۇنداق دېگەنلىك ئۇ گىرىم كۆتەرمەيدۇ، دېگەنلىك. ئۇ مۇكەممەل، گۈزەل، ھەقىقىي ھۆسنى بىلەن ھەقىقەتنى ئىپادىلەشكە بىردىنبىر قادىر نەرسە.

مۇكەممەل مەزمۇن ـ مەنانى ئىپادىلىگەن ئوبرازلار تارىختىن كېلىدۇ ھەم رېئاللىقنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنداق بوران

www.uyghurkitap.com

-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرمىسە ئۆزىنىڭ چىنلىقىنى قانداق ئىسپاتلاپ بېرەلىسۇن !

ھايات ئۇقتىسىدىن تۇرۇپ قارىساق ، بەدىئىي ئوبرازغا تاللىنىدىغان شەيئىي ناھايىتى ئاددىي نەرسە، بىراق ئۇ ئىدىيە، مەزمۇنغا خىزمەت قىلىدىغان ناھايىتى مۇستەھكەم ماتېرىيال. ئۇنداق بولمىغاندا ، ئۇ قىممەت يارىتالمىغان بولاتتى. گەرچە بەدىئىي ئوبرازغائېرىشىش تولىمۇ مۇشكۈل ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت قويغان ئادەملەرلا ئۇنىڭ دۇنياسىغا كىرەلەيدۇ. بەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزىگە يۈزەكى مۇئامىلە قىلغانلارغا ھەرگىز ئۆزىنى تۇتقۇزمايدۇ. قات-قات تۇمانلىق ، خەتەرلىك مۇز تاغلارنىڭ ئىچىگە كۆك ياقۇت ئۆزىنى قانداق يوشۇرغان بولسا ، ئوبراز تەبىئەت دۇنياسىغا ئۆزىنى شۇنداق يوشۇرغان بولىدۇ.

ئوبرازنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سۆز ئاچقاندا، ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى، مىللىيەتلىكى، خەلقچىللىقى، چوڭقۇرلۇقى، رېئاللىقى، دەللىكى قاتارلىقلاردىن باشقا ۋەكىللىكلىكىنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ، بۇ ئۇنى تاللاشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرت.

ئوبراز مەڭگۈلۈك، تىرىك، يۇمران، نەپىس، تەسىرلىك نەرسە. شائىر ئۇچۇن ئوبرازنى ئىتلاش تولىمۇ مۇھىم كۈنتەرتىپ. يارامىلىق ماتېرىيال بولماي تۇرۇپ يارامىلىق شېئىر يازغىلى بولمايدۇ.

ئوبرازنى قالايمىقان تونۇش ۋە ئىشلىتىش شېئىر يېزىش تېخنىكىسىدىكى سەۋەنلىك بولماستىن ، بەلكى تېپەككۇر، تەسەۋۋۇردىكى ئاجىزلىق، مۇجمەللىكتۇر، خالاس.

ئوبراز پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلاق.

سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئوبراز بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، كىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئوبراز يىلتىزى تارىخىي يىلتىز بىلەن تومۇرداش بولىدۇ. ئوبراز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ مىللىيەتلىكىنى يوقاتمايدۇ.

ئوبرازنىڭ ئىچكىي قىسمىدا توسالغۇ بولمايدۇ. گەرچە ئوبراز چەكلىك بولسىمۇ، چەكسىزلىككە تۇتاشقان بولىدۇ.

سىبىنگىدىن ھەممىنى تارتىۋېلىش مۇمكىن ، لېكىن ھېچكىم ئەن ياراتقان ، ياراتماقچى بولغان ئوبرازنى تارتىپ ئالالمايدۇ.

كۆڭۈلدىكىدەك ئوبراز شائىرنى بىردىنبىر رازى قىلالايدۇ.

نەپسانىيەت ئوبرازغا ئارىلىشىۋالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغلۇق دەخلىسىز بولىدۇ.

شېئىرنىڭ پىششىغا ئەگىشىپ ئوبراز پىشىپ بارىدۇ.

مىللەتنىڭ ئېتىقادى ھەم ھەۋىسىگە مۇخالىپ ھالدا لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان پىكىرلەردىن ئوبراز ياساشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئوبرازنى خەلق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

شائىر ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوبراز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئوبراز بەزىدە سىمۋول دەرىجىسىگىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ. سىمۋول تارىخىي تەجرىبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

شېئىرىي مەنانىڭ يالاڭقاتلىقى بىلەن كۆپ قاتلاملىقى ئەمەلىيەتتە باشقا-باشقا نەرسە . مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىلىدىغانلىرى كېيىنكىسىگە قارىتىلغان.

شائىرنىڭ ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگىنى بىر خىل ئىچكى مۇھەببەت ، بۇ ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقى ئىچىدە ياڭراپ تۇرغان بىر كۈچلۈك ئەكس سادا.

ئوبراز شائىرنىڭ ئوقى. ئۇ، شائىر چەنلىگەن نىشانغا دەل بېرىپ تېگىدۇ. ئۇ، شائىرنى ئۇيلىغان نىيەت -مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ.

## قۇرۇلما سەنئىتى

شېئىرىيەتتە قۇرۇلما سەنئىتى بولسا سەل قارىغىلى بولمايدىغان نازۇك بىر قىسىمدۇر. قۇرۇلما شائىرنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنى ، ئېستېتىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر بىر شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىدا گۈزەللىك، پۇختىلىق، ھىملىق، تەبىئىيلىك، ماسلىق، مۇكەممەللىك ھەمدە ئىنچىكىلىك بولۇشى كېرەك. گۈزەللىك ـ ئەسەرنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچىگە، پۇختىلىق ـ پۈتۈن ئاساسلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا، ھىملىق ـ قىسىم، باب، كۇپلېت، مىسرا، ئىبارىلەردە يوچۇق بولماسلىقىغا، تەبىئىيلىك ـ راۋان بولۇشىغا، ماسلىق ـ باش-ئاخىرىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشىغا ، مۇكەممەللىك ـ بىر گەۋدە بولۇشىغا ، ئىنچىكىلىك ـ دېتاللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نازۇك بولۇشىغا قارىتىلغان.

ئەسەر قانچە ئىشلىسە شۇنچە كۆتىرىدىغان نەرسە. كىشىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدا ، بىر ئەسەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇياقتىن يېزىپ، بۇ ياقتىن ئېلان قىلغۇسى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىر خىل ئالدىراقسانلىق ئىكەنلىكىنى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تونۇپ قالىمىز. دەسلەپتە بىرەر تېمىنى يېزىپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ، شەكىل ئۈستىدە ئادەم ئىزدىنىدۇ، كېيىن بىر كۈنلەردە ئىلھام كەلگەندەك قىلىدۇ، يېزىپ باقىسەن، پۈتكەندىن كېيىن ئوقۇپ باقساڭ خېلى يامان ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ، يەنە قايتا ئوقۇپ باقساڭ ئەمەسلا بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئادەم ئومۇمەن تەقلىد قىلىشتىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. سەن ئوقۇغان نۇرغۇن شېئىرلار ساڭا ، ئەسەرگە ـ مىسرالارغا ئارىلىشىۋالىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ كونكرېت شائىردىن ئالغان تەسىرات

ھەم ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە. شائىرلىق يولى ـ ئازابلىق يول. ئاپتور ئۇزاق ۋاقىت بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانسېرى مەغلۇبىيەت ھەم غالىبىيەت تەجرىبىلىرىنى داۋاملىق يەكۈنلەپ بارىدۇ . شېئىرىي ئىجادىيەتتە مەغلۇبىيەتنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئادەتتىكى ئىش. شېئىر ئىشلىگەنسېرى پۇتۇپ بارىدۇ. ئاپتور قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلىسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ سىناق تېشى ئاخىرى ياخشى-يامانىنى ئايرىپ چىقىدۇ. شېئىر قۇرۇلمىسىنى بىلمەيمۇ «دەتتىكام» دەپ يازىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەسقۇ.

قۇرۇلما سەنئىتى ئۈستىدە كۆپرەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زىيىنى يوق.

ئىجادىيەت جەريانىدا تېما پەيدىنپەي كېڭىيىدۇ، مەزمۇن چوڭقۇرلىشىدۇ، قۇرۇلما تەدرىجىي مۇكەممەللىشىدۇ .

شېئىر قۇرۇلمىسى مىللەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ شېئىرىيەتتىكى بىر ئىپادىسى.

قۇرۇلما ئەنئەنىنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرۇلما گۈزەل بولغاندىلا مەزمۇننى توسالغۇسىز يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بىر پارچە شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپلا شائىرنىڭ سەۋىيىسىنى. سېزىۋېلىش مۇمكىن.

نۆۋەتتە بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيتى قۇرۇلمىسىنى دۇنيا مىللەتلىرى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز

كېرەك.

قۇرۇلما مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭدەك روشەن ھالدا ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق بىر پارچە شېئىرنى ھەرقانچە ئۇستا تەرجىمان تەرجىمە قىلسىمۇ، تەرجىمە تەبىئىي ھالدا ئەسلى مەزمۇندىن سەل ھالقىپ كېتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ شېئىر قۇرۇلمىسىغا بولغان كۆز قارىشى، پىكىر - تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئاپتور نوقۇل ھالدا قۇرۇلمىغا ئېسىلىۋېلىپ ، مەزمۇننى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك.

قۇرۇلما سەنئىتى كۆپ تەركىبلىك سەنئەت. بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئاپتورنىڭ روھىغا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەر ماتېرىيال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شېئىرمۇ ئوخشاشلا سەنئەتنىڭ قۇرۇلما (شەكىل) قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ھەر بىر شېئىرىي قۇرۇلمىدا ھەققانىيلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. يەنە كېلىپ، رومانتىكلىق تۇيغۇسى بولمايمۇ بولمايدۇ.

شائىرنىڭ قۇرۇلمىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى بىر نەچچە كۈنلۈك ياكى بىر نەچچە يىللىق ئەمگىكىدىن ھاسىل بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ قۇرۇلما ئۇسلۇبىنى ئۆلۈك ھالدا دوراش ئۆزىگە زىيان سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ پەقەت شائىرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكى كامالەتكە يەتكەندە تەبىئىي ھاسىل بولىدۇ.

## مېنىڭ شېئىر يېزىش ئادىتىم

### - شېئىر ھەۋەسكارلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب

1. ئادەتتە ياش ۋاقىتلاردىكى شېئىر يېزىش ئۇسۇلى بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شېئىر يېزىش ئۇسۇلى ، ئادىتى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. 30 ياشلار ۋاقتىمدا تۇرمۇش تولىمۇ جاپالىق ، بېسىم ئېغىر ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تاڭ ئاتقىچە ، كىچىك بىر ئۈستەل چىرىغىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلايتتىم. ھەر بىر ئەمگىكىم پۈتكەندە ئۈستۈمدىن ئېغىر بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك بولۇپ قالاتتىم. بەزىدە بىر سۆز جايىغا چۈشمەي قالسا، لايىق سۆز تاللاش ئۈچۈن ھەپتىلەپ ۋاقىت سەرپ قىلاتتىم. بۇ چاغلاردا ھەتتا پۇتۇمنىڭ ئاستىدىكى قاتتىق يەر ئويۇلۇپ كېتەتتى. سۆز دېگەن توسۇن ئاتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ساڭا ئاسانلىقچە تۇتۇق بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئېرىنمەي ماڭمىساڭ ، بىر كۈنلەردە ئۇمۇ ياۋاشلاپ قالىدىكەن .

2. ئىلھام كەلگەندە يازىمەن. بەزى چاغلاردا بىر نەچچە مىسرانى خاتىرىلىۋالىمەن، قالغىنىغا كېيىن ئىشلەيمەن. يەنە كۆپ ھاللاردا ئەسەرنى بىراقلا يېزىپ تاشلايمەن. پارچە-پارچە قەغەزلەرگە يېزىپ قويىمەن، بۇ قەغەزلەر بىر يەرلەردە قالىدۇ، يوقىلىپمۇ كېتىدۇ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن قەغەزلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قالىدۇ. مۇنداقلا ئوقۇپ باقىمەن، يارىسا ئىشلىتىمەن ، يارىمىسا يىرتىپ تاشلىۋېتىمەن. قەغەزنى كۆپ زايە قىلىمەن. بىر مىسراغا بىر پارچە قەغەز ئىشلىتىمەن، كۆڭلۈمگە ياقمىسا ئۇدۇللۇق يىرتىپ تۇرىمەن.

3. بىر ئەسەرگە تۇتۇش قىلسام تا پۈتكەنگە قەدەر جىددىيلىشىپ تۇرىمەن، غىزانىمۇ ئۇنتۇپ كېتىمەن. بەزى كۈنلەردە بىر ياكى بىر قانچە مىسرا يېزىلىپ قالىدۇ، بەزىدە بىر نەچچە ئابزاس بىراقلا يېزىلىدۇ. يېزىۋېتىپ ئۆزگەرتىمەن. تا ئۆزۈم ماقۇل دېگىچە ئىشلەيمەن. مەن ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي دۇنياسىدا ياشايمەن، كۆپ خىيال قىلىمەن. ماڭا تەسىر قىلغان ۋەقەلەر بەرىبىر يېزىلىدۇ. تۇرمۇشقا سەمىمىي قارايمەن . خۇشال بولىدىغان چاغلىرىم ئاز بولىدۇ. خاپا بولغاندا كۆپرەك يازىمەن. يېڭى تېمىلارغا ئەھمىيەت بېرىمەن . ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرىمدىن قانائەت ھاسىل قىلمايمەن. ئەسەرلىرىم ئۈستىدىكى باھالارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن، بۇلار ئاسانلا يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

4. قەلەمنى كۆپ تاللايمەن. كۆپرەك پولات قەلەمدە يازىمەن. قەغەزنى ئانچە بوياپ كەتمەيمەن، بەزى بەتلەرنى ئېرىنمەي ئۇدۇللۇق ئاققا كۆچۈرىمەن.

5. جىمجىتلىق ئىچىدە يازىمەن. ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئانچە خالىمايمەن، زېھنىم چېچىلىپ، مىسرالارنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىمەن. تولىراق كېچىدە-تۈن نىسپىدە يېزىپ سۈبھىدە ئارام ئالىمەن. ئىجادىيەتتە زورۇقۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن، چۈنكى تەبىئىي ئىلھامغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. بەزى مىسرالارنى يېزىپ بولۇپ قايتا ئوقۇغىنىمدا كۆزۈمگە لىققىدە ياش تولىدۇ. چۈنكى ئۆزى تەسىرلەنمەي تۇرۇپ كىشىنى تەسىرلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

6. ئويلاپ قارىسام قىشتا يازغان ئەسەرلىرىم كۆپرەك ئوخشايدۇ، مېڭە بۇ پەسىلدە كۆپرەك ئىشلىسە كېرەك. باھارنى، يېشىللىقنى ، قەدىمىيلىكنى كۆرسەم جان-تېنىم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. ماڭا نۇرغۇن تېمىلار مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. سەيلى قىلىشنى ياقتۇرىمەن.

7. بىر قانچە شېئىر چۈشۈمدە يېزىلدى، چۆچۈپ ئويغىنىپ ، چىراغنى يېقىپ ئاران بىر نەچچە مىسرانى خاتىرىلەپ ئالالىدىم، قالغىنىغا كېيىن ئىشلىدىم. بەزىدە پۈتۈن بىر داستاننى (ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭ) چۈشۈمدە دېكلاماتسىيە قىلدىم . مەن بۇ شېئىرلىرىمنى ھەقىقىي ھۈنەر ئەمەس دەپ قارايمەن. بۇنداق شېئىرلارنى ئويغۇمدا يازالىسام كېرەك.

8. ئانىلار تېمىسىدا كۆپ يازدىم. بۇ، مەرھۇمە مومامنىڭ تەربىيە، سىما، چۆچەكلىرىنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك. ئانىلارنىڭ زېمىسىدىكى ئېغىر يۈك مېنى تولىمۇ پەرىشان قىلىدۇ، ئۇلاردىكى كۈچ - غەيرەت، سەمىمىيلىك ماڭا ئىلھام بېرىدۇ. ئانا دېمەك مىللەت دېمەكتۇر.

9. بەزى مىسرالارنى بىر قانچە ۋارىيانت يازىمەن، كاللام قىزىپ كەتكەندە ياخشىلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەي قالىمەن، كېيىن ياخشىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ئالىمەن. ئاددىي يېزىشقا تىرىشىمەن.

10. رەھىمسىزلىك بىلەن قىسقارتىمەن، مەزمۇننىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىمەن

11. ماۋزۇلارنىڭ خاسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىمەن ، شۇنداق بولغاندىلا جانلىقلىقنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئومۇمەن يازغانلىرىم مەھكەم يادىمدا قالىدۇ. بۇ، دېكلاماتسىيە قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق.

## 21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

خەلقىمىزدە «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن تەمسىل بار. شۇنداق، كېلەر ئەسىرگىمۇ ئازلا ۋاقىت قالدى. 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قاتتىق بوران-چاپقۇنلۇق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرىنىڭ

www.uyghurkitap

سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلىگەنلىكى ھەق پاكىت.

بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «يېڭى شېئىرىيەت» دېگەن ئۇقۇم بەزى ئوبزور ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئەگەر بۇ ئاتالغۇنى مۇئەييەنلەشتۈرسەك ئۇنداقتا «يېڭى شېئىرىيەت» نىڭ باشلامچىلىرى زادى كىملەر بولۇشقا تېگىشلىك؟

مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆمەر مۇھەممەدى، ئىسمائىل ساتتارۇۋ قاتارلىق شائىرلار يېڭى شېئىرىيەت شەكلىنى يارىتىپ يول ئاچتى ھەمدە قىممەتلىك مىراس قالدۇردى. ئۇلار ئىپادىلىگەن تېما دەل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاددىي ئەمما ئىنتايىن قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە تۇرمۇشىدىن كەلگەن. ئۇلار بارى-يوقى يىگىرمە نەچچە يىللا ياشىدى. بىراق، ئىجادىيەت قىممىتىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ پۇشكىنى، لېرمونتوفى ئىدى . بۇ ئىككى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر چاچما شېئىرلىرىنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىشى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىكى مۇھەببەت، غايە، جاسارەتنىڭ ئەنئەنىۋى مىسرالارغا پاتمىغانلىقىدىن بولغان، ئاساسلىقى ئۇلار كەلگۈسى شېئىرىيەت مەنزىلىنى كۆزدە تۇتقان.

شېئىرىيەت تارىخىدىن قارىغاندا بىزدە «ئۆمەر مۇھەممەدى ئېقىمى-مەكتىپى» ، «ئىسمائىل ساتتارۇۋ ئېقىمى -مەكتىپى» بولۇشقا تېگىشلىك.

بۇ شائىرلار مۇراجىئەت قىلغان شېئىرىي شەكىل ئۇلارنىڭ فولكلور بايلىقىنى تولۇق بىلگەنلىكى ، ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، ئۆز تەجرىبىلىرى بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكى بىلەن ئوناسىۋەتلىك.

ئەمدى مىساللارغا مۇراجىئەت قىلايلى:

بىز تۇزىدۇق،
بىز تۈزىمىز،
بىز تەييار ھەرقاچان يېڭىنى تۇزۇشكە.
بىز ئۆلسەك باللارغا قالار،
بىزنى سېغىنىپ سۆزلەشكە. . .

**- ئۆمەر مۇھەممەدى: «نوروۇق كېتىمغا»**

كۈتمە جېنىم،
زىلۋا ياشلىق بىلەن ساراڭلانغان
بەگۋاش ئۆمەر ئۆلدى ئەمدى. . .
ئۇزاقتىن ئەمدى
مېنىڭ بەگباش ئويلىرىمنى
تاڭدا چېلىنغان گۇدۇك يەڭدى.
بەگباش ئۆمەرنىڭ ئورنىغا
گاڭ مەيدىلىك
يېڭى ئۆمەر بولۇپ تۇغۇلدۇم.
قىزىل كۆڭۈللۈك يىگىت چىقتى،
توشقان قوغلاپ ئۆسكەن ئوغۇلدىن.

**-ئۆمەر مۇھەممەدى: «ئۆمەر ئۆلدى. . .»**

يەنە:

تامارا!
سىز رۇس قىزى،
باغ ئىچىدەك
كۆك كۆزىڭىز بار سىزنىڭكى.
قارا كۆزلۈك يىگىت بولسامۇ مەن،
قېنىمىز بىر سىڭلىم بىزنىڭكى.

**- ئىسمائىل ساتتارۇۋ: «شەپقەتلىك قېرىنداش»**

ئەمدى جېنىم ھەر بىر ئۇچراشقاندا
چېلىش ئوتلىرىنى سېزەرسەن.
بۇلبۇل ئۇنىدىنمۇ مېنىڭ ئېيتقان
ھەر سۆزۈمنى ئارتۇق كۆرەرسەن.
. . .
شۇنداق جېنىم،
ئۇزۇلۇپ سۆيمەن يۈرىكىمدە،
سەن بىللە ئۆسكەن قۇردىشىم،
يولىمىز بىر ،تىلەكىمۇ ھەم شۇ،
سەن چېلىشچان يولدىشىم.

**- ئىسمائىل ساتتارۇۋ: «مۇھەببەت»**

ئۇلارنىڭ شېئىرىي ئەمەلىيىتى بىر خىل ئىدىيە، نەزەرىيىۋىي يۈكسەكلىكنى ،چوڭقۇرلۇقنى ، كەڭلىكنى، شۇنىڭدەك، مۇھىمى روھىدىكى ئىجادىيلىقنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل روھىي تەجرىبە ئۆزىگە ئىشىنىش، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەنئەت جەھەتتە بۇ ئەسەرلەر سېترېئولۇق تۈيغۇ بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر خىل تارىخىي زۆرۈرىيەت ھەم مۇقەررەرلىك ئىدى . ئۇلار شۇ چاغدىلا 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بولغانىدى. بۇئېقىمدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ رولىنى ئاچقۇچلۇق پەيتتە تېخىمۇ جارى قىلدۇرغىلى ، مۇھىمى ،پىكىرنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگىلى ،سەنئەت قانۇنىيىتىگە تېخىمۇ ماسلاشقىلى ،دۇنيا شېئىرىيىتى پەللىسىگە كۆتىرىلگىلى بولىدۇ. ئۇزاق بىر مەزگىل شېئىرىيىتىمىزدە ئارۇز ۋەزنى قانداق ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسا ،قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر شەكلىمۇ شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئاپرىنچۇرتېكىن ،چىسۇيا تۇتۇڭ، پراتياشىرى، كى كى، قالىم كەيشى قاتارلىق مانى، بۇددا مۇھىتىدا ياشىغان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى مۇشۇ ئۇسلۇبتا يېزىلغان .قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قاپىيە ئاساسەن باش قاپىيە بولۇپ، بوغۇملار سانى ئوخشاش بولمايتتى. ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇم-تۇراقلارغا كۆپ ئېتىبار بېرىلمەيتتى .لېكىن بۇ ئەسەرلەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، دەۋر ،تۇر ، ئۇسلۇب جەھەتتە تولىمۇ قىممەتكە ئىگە. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن «دالا ناخشىسى» دىن مىسال كەلتۈرىمىز:

ئالقۇزۇتۇرۇر قات-قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانياتاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىغىن ئۇچداچى قوشقىنالار
تىرىنلىك قوۋراغلىقتا
ئاتقاغىسىرىن مەنگى تەگىنگۈلۈك ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.
(قاتار كەتكەن قات-قات تاغدا
تىنچ - راھەت ئارانياتاندا
قارىغاي، ئارچا ئالدىدا
شارقىراپ ئاققان سۇ بويىدا
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار

يىغىلىدىغان قۇرۇقلۇقتا
غەم ئەندىشىسىز، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان
شۇنداق سورۇنلاردا)

بىز قەدىمكى شېئىرلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ پىشىقلىقىنى، رېئاللىقىنى، تراگېدىيىسىنى، ھادىسىنى، ماھىيەتنى كۆرۈش بىلەن بىللە يەنە ئوبراز تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ كۆپلىكىنى ھېس قىلىمىز. ھېسسىيات ئىپادىسى پەقەتلا مۇشۇ شەكىلنى تاللايدۇ. بىز تېخى خەلق قوشاقلىرىنى تولۇق تەتقىق قىلمىدۇق. مىللەتنىڭ پۈتكۈل قوشاقلىرى جۈملىدىن يەرلىك قوشاقلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، پەقەتلا ئىپادىلىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى: ئاددىيلىقى، ئوبرازچانلىقى، راۋانلىقى، مۇكەممەللىكى، تارىخىيلىقى، چىنلىقىدىن رازى بولۇپ كېتىمىز. يەنە ئايرىم قوشاقلىرىمىزدا مودېرنىزم (گەرچە ئۇنداق ئات قويىلمىغان بولسىمۇ) ئامىللىرى بار. بۇ بىزنىڭ قوملۇقلىرىمىزدا «ياۋروپا شېئىرىيەت پۇرىقى»نىڭ يوق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
قويۇلار ياشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ،
جان قېرىنداشىم.

يەنە:

قېشىڭ قات-قات، كۆزۈڭ قات-قات،
قاش -كۆزۈڭ قات-قات.
قاش-كۆزۈڭنىڭ قاتلىقىدىن
سۆيەرمىز پات-پات.

بىز بۇ قوشاقلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىنى ياكى بەدىئىيلىكىنى شەرھىلەپ ئولتۇرمايمىز. ئىسپانىيە خەلقىدە «سەن ماڭا بىر كۈپلېت خەلق قوشىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا مىللىتىڭنىڭ تارىخىنى ئېيتىپ بېرىمەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

بىر مىللەت ئۆز شېئىرىيىتى تارىخىنى ۋە ئۇسلۇبىنى، ئورنىنى، رولىنى، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇلاپ بەرگۈچى پېشىۋالىرىنى تونۇشى، چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىرىمىز ل. مۇتەللىپ ۋە ئەنۋەر ناسىرى، تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، جۈملىدىن ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ قاتارلىق شائىرلار بۇ شەكىلگە ئاساسسىز مۇئامىلە قىلغانمىدى؟! شائىر ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ «مەن ۋە نىكراسوۋنىڭ يەتتە مۇژىكى» پوئېمىسى پۈتۈنلەي مۇشۇ شەكىلدە يېزىلغان. بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ تامامەن كەڭ بولغان بىر بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز، بىز تېنچ بەدىئىي سۈرەتلەرنى كۆرىمىز، ئىنقىلاب ئوچىقىدا بولىمىز، چۈچەكلەرنى ئاڭلايمىز، بوگۇنكى تراگېدىيە ۋە ئاتوم بالا-قازاسىدىن زىلزىلىگە كېلىمىز. بىزگە بۇ يوللاردا باشتىن ئاخىر نىكراسوۋ، ئۇنىڭ مۇژىكلىرى ۋە «مەن» ھەمراھ بولىدۇ. شائىر بەزى مىسرالارنى يىغلاپ تۇرۇپ يازغان، بۇ كۈچ بىزنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. پوئېمىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مانامەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بۇ، گۈزەللىكتىكى ئاددىيلىق، ئاددىيلىقتىكى گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟

دۇنيا مىللەتلىرى شېئىرىيىتىدىن قارىغاندا ئۇلاردىمۇ قەدىمكى ۋەزىنلەر بولغان. لېكىن تەجرىبىلەر شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرمىغان شېئىرىيەت يۇقىرى دولقۇن ھاسىل قىلالمايدۇ، بەدىئىي نەتىجە يارىتالمايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز مەزمۇن گادايلىقىغىمۇ، ئوخشاشلا شەكىل گادايلىقىغىمۇ ھېچقاچان يول قويالمايدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى ئادەملەر يەۋاتقان ناننى بىزمۇ يەۋاتىمىز، بىزمۇ يەنە ئىزدىنىش ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەدىمكى مول شېئىرىيەت ۋە فولكلور بايلىقى ئاساسىدا ئۆزىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشى، دۇنيا شېئىرىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىشى ھەمدە شېئىرىيەت مەيدانىدا كۈچلۈك پۇت تىرەپ تۇرۇشى كېرەك. تىلىمىزنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدە-قانۇنلىرى بۇنىڭغا تولۇق يول بېرىدۇ. بىز شېئىرىيەت تەتقىقاتى داۋامىدا ھەممىنى ئىنكار قىلىشقا يول قويالمايمىز.

بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەر تۈنۈگۈنكى تەجرىبىلەردىن بارلىققا كەلگەن. ئالدىمىزدا 21-ئەسىرنىڭ شېئىرىيەت داۋىنى تۇرۇپتۇ. ھەر بىر ئەسىرنىڭ رىتىمى شۇ ئەسىرنىڭ شېئىرىي رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ. 21-ئەسىردە شېئىرىيىتىمىز تېما جەھەتتە تەبىئەت، روھ، ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتلەرگە تېخىمۇ يۈزلىنىدۇ. شائىرلىرىمىز مىللەت تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. قەدىمقىنى، ھاياتنى، تارىخنى يېڭىش كۈچىيىپ بارىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش يەنىمۇ ئۆلغىيىدۇ. شېئىرىيىتىمىزدە بۇ چاغدا چاچما شېئىر يەنە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئارۇز ۋەزنىدە، بارماق ۋەزنىدە يازىدىغان شائىرلارمۇ يەنە مەلۇم نىسبەتتە بولىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بولغان دۇنياۋى قىزىقىش يەنە كۈچىيىدۇ. بۇ ئەسىردە دۇنياۋى تىللاردا يازىدىغان شائىرلىرىمىز مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلگىرى سۈرگەندىن تاشقىرى رۇس، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللاردا تەرجىمە ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ھەمدە سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 21-ئەسىر تەرەققىياتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر بارغانسېرى قەدىمقىغا قايتىدۇ، رىۋايەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتلەرنى، يادىكارلىقلارنى، خاراكتېر، ۋاقەلەرنى، شەخسلەرنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئىجادىيەتتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇنى ئالغا ئىلگىرلەش يولىدا بىر خىل ئېنېرگىيىلىك كۈچ قىلىدۇ. پانتازىيىلىك ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كېلىدۇ.

20-ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم شەكىللىنىش، مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت ئەسىر بولدى. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، بۇ ئەسىردە مىللىي چېگرىدىن ھالقىغان مىللىي شائىرنى يارىتالماي قالدۇق. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، بابارەھىم مەشرەپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلالغا ئوخشاش. شائىر بىرى ئۆزىنى ئۆزى يۈكسەك پەللىگە كۆتىرىدۇ، بۇ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق، يەنە بىرى خەلق ئۆزى ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىدۇ، بۇ ھەممىدىن مۇھىم تەرەپ. مىللىي شائىرنى يارىتىدىغانمۇ خەلق، ئۇنى يارىتالمايدىغانمۇ خەلق. بىر مىللەت بىر نەچچە شائىرنى تىكلىشى كېرەك، ئۇنىڭسىز تەپەككۇرنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن ئۆمەر مۇھەممىدى، ئىسمائىل ساتتاروۋ ئاساس سالغان چاچما شېئىر شەكلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چاچما شەكىلگە تايانغان، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ شەكىل ئۆزلەشمەيتتى ھەمدە ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلالمايتتى. (M2)



# «كونا پاختا» پاجىئەسى

تۇرسۇن مەخمۇت

-ئەختەم ئۆمەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 4-سانىغا بېسىلغان «كونا پاختا» ناملىق ھېكايىسىدىن تەسىرات

مېنىڭچە پالتابەگ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگەندىمۇ شۇقە-دەر ئېچىنىشلىق، پەريادلىق، كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەزگۈدەك ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تېخى قورسىقى ئاچ ئىدى. پۇتىغا كىيگۈدەك تۈزۈك ئايىغىمۇ يوق ئىدى. ئۇ، بىر جۈپ ئۆتۈكنى شۇ قەدەر ئارمان قىلغانىدى. بىرۋاق ئوبدان غىزالىنىشنى ئارزۇ قىلىپ، كەچكۈزنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقىدا ئۈمىدلىنىپ، خۇشاللىنىپ كېۋەز تەرگەنىدى.

نامراتلىق -ئۇ ھەرقانداق ئالۋاستىدىنمۇ يامان، ھەر قانداق ۋابادىنمۇ يامان، ئۇ، ئادەمنىڭ روھىنى ۋە جىسمىنى يېگىلىتىۋېتىدۇ. نامراتلىق ئىچىدە ياشىغان ئادەمنىڭ چىرايى خۇنۇك، روھى ئۈمىدسىز، ئىشلىرى پالاكەتلىك بولىدۇ. بىز ئاڭلايدىغان ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرىدە بەزى داڭلىق شەخسلەرنىڭ نامراتلىق ئىچىدە چېنىقىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە قىسمەن ئەھۋال. نامراتلىق ئەۋلادتىن-ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ قالسا، ئادەم ئۆمۈر بويى نامرات ئۆتسە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلىپى، ياشاشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۈمىدلىرىمۇ نامراتلىقنىڭ، خورلىنىشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتسە، ھەتتا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىراۋلاردىن ئۆزىنىڭ ئەمگەك ھەققىنى قەلەندەر نان تىلىگەندەك بويۇن قىسىپ، كۈچۈكلىنىپ تىلىسە، خورلۇق-ئەلەم دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

ئاللاتائالابەندىلەرنى ياراتقاندا ئوخشاش ياراتقان، ئۇنى ئۇلۇغ، بۇنى خەس-خازاڭ قىلىپ ياراتمىغان. بىزنىڭ مىڭلىغان بىغەم، خۇشال، توق يۈرۈيدىغان بالىلىرىمىز قاتارىدا پالتابەگمۇ بالىلىقنىڭ شادىمانلىقىدىن قانغىچە بەھرىمەن بولسا، مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇسا بولاتتى. ئەشۇ مەسۇم بالىلار مۇشتتەك تۇرۇپ قورساقنىڭ غېمىدە قالمىسا، ھېلىتىن قورساق بەندىسى بولۇپ قالمىسا، بولۇپمۇ دۇنيا خۇددى باشقا بىر ئىش بولۇپ كېتىدىغاندەك قىزىقىش ھەم ئۈمىدلىك نەزەردە تىكىلىۋاتقان 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمىسا بولاتتى.

سايىت پوقاق گۇناھكار ئاتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر ئۇگۇناھكار دېسەك، ئۇ، مۇشۇنداق ئۇسال ئەھۋالنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارمىغاچقا، پىكرىمىز ئورۇنسىز بولۇپ قالىدۇ. سايىت پوقاقمۇ دۇنيادىكى مىليونلىغان ئاتىلارغا ئوخشاش ئۆز بالىلىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. لېكىن جاھاننىڭ تۈگىمەس كۈلپەتلىرى، ئازاب - خورلۇقلىرى ئۇنى ئاشۇنداق قوپال، رەھىمسىز ھالغا كەلتۈرگەن، زەئىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

بىزدە سايىت پوقاقتەك ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. ئۆز تاۋۇقىمىزدىكى ئاشنى قورقۇمسىراپ يەيمىز، ئۆز ئەمگەك مېۋىمىزنى مەغرۇرلۇق بىلەن: «بۇماڭا تېگىشلىك، شۇڭا ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك» دېيەلمەيمىز. ئۆزۈڭنىڭ ھالال مېھنىتىدىن ياراتقان بايلىقنى ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئەسلى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىجتىمائىي قانۇنىيەت ئىدى.

ھېكايىدىكى يەنە بىر ئېچىنىشلىق مەنزىرە - تۇرالىنىڭ غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە ئۆز دادىسىغا يېنىشى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق چۈشەنچىمىزدە ئاتا - بالائوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ئەڭ مۇقەددەس، ئۇ، دەخلىسىز ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا بىزدىكى كونىلار دائىم: «ئاتا رازى خۇدا رازى» دېگەن ماقالىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۇنىڭدا ئاتا بىلەن خۇدا ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان. لېكىن لەنىتى نامراتلىق ئەڭ ساپ مېھىر-مۇھەببەتنىمۇ دەپسەندە قىلدى.

ئاتا بىلەن خۇدا ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغانىكەن، ئۇنداقتا ئاتابولماق ھەقىقەتەن تەس، ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك. بىزلەر ئاتا بولۇپ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلالمىساق، بالىلار نەزەرىدىكى «خۇدا» بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە قالىمىز.

ئاتا-ئانا بالىلارنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى، ئائىلە بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەكتىپى. قورقۇنچاق بولۇمىسىز، تايىنى يوق ئاتا-ئانا بولۇپ قالساق بالىلىرىمىز ھەرگىزمۇ مەغرۇر، چەبدەس، راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ چىقالمايدۇ. مەيلى تەربىيىلىنىش جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي تەسىر جەھەتتە بولسۇن، بىزنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز بالىلاردىكى خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

سايىت پوقاقتەكلەرنى ھەم ئۇنداقلارنىڭ سۆيۈملۈك، ئەقىللىق، لېكىن كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ جاپالىق قاينىمىدا بورۇختۇم بولۇپ، بالىلىقنىڭ شادلىقىدىن، بالىلارچە قەلبتىن، بالىلارغا خاس شېرىن، سەبىي، گۈزەل ئارزۇلاردىن مەھرۇم بولغان بەختسىز پەرزەنتلىرىنى سەھرا-قىشلاقلىرىمىزدىن كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.

دوقمۇش ھېساپچىدەك ئادەملەرمۇ بىزدە كۆرمىڭ. ئۇلار تىرناقچىلىق ھوقۇقىنى ئالەمچە بىلىپ، ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدۇ، خەلقنىڭ گۆشىنى شولۇپ يەپ سەمرىيدۇ، باي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا: «بۇلار مېنىڭ قېرىندىشىم، خەلقىم، مەن ئۆلسەم تاۋۇتۇمنى شۇلار كۆتۈرىدۇ، مۇشۇلار يەرلىكىمدە قويىدۇ» دەيدىغان ئەقەللىي ساۋاتمۇ بولمىسا كېرەك. مۇشۇنداقلار كۆپىيىۋەرسە، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن چىقارغان ئاقىلانە سىياسەتلىرى پايمال بولىۋەرسە، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەھۋال.

ئۆزىنىڭ ھالال قان - تەرى، مېھنىتىدىن كەلگەن بايلىقىنى «بۇ مېنىڭ» دېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆزى تىلەپ يەپ كۈن ئۆتكۈزۈش پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئۇزاق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق تارىخىمىزدا يېتەرلىك خېمىر تۇرۇچ بار. «ئاق تاغلىق»، «قاراتاغلىق» زامانىدىن باشلاپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىش ھېسابىغا كەلگەن تۈرلۈك خانىۋەيرانچىلىق، ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللەر، يېغىلىقلار، ئۈزۈلمەس پاجىئەلىك سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋەبۇنىڭ تۇغۇندىسى سۈپىتىدىكى ماددىي ھەم مەنىۋى زەئىپلىك خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى نابۇت قىلىپ، ئاخىر «بۇ مېنىڭ»، «بۇلار بىزنىڭ» دېيىشتىن قورقىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن پىسخىك ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بۈگۈنكى ئازاد زامانىمىزدا سايىت پوقاقتەك نامراتلار- «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» قىلىدىغانلار مەيدانغا كەلگەن.

نامراتلىق نادانلىقنىڭ ئانىسى. ئىزچىل ھالدىكى نامراتلىق كىشىلەرنى شۇنداق بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇكى، ئۇلاردا بىر - بىرىگە نىسبەتەن قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت، ئىشەنچ، ھۆرمەت قالمايدۇ، گۇمانخور، جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۇيۇشالمايدىغان، بىرىنىڭ ئۆلۈمىگە بىرى پەسەنت قىلمايدىغان، ئاچ ئىت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن سۆڭەك تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن بوغۇشۇپ كەتكەندەك، پوچۇق نان ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قان بولۇشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. روھىيىتىنى مۇشۇنداق چىركىنلىكلەر قامال قىلىۋالغان مىللەتنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس.

نېمىلا دېگەنبىلەن كونا پاختىنىڭ ئاچچىق تۈزۈندىلىرىدا بالىلار دىمىقىپ قالمىسا بولاتتى.

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)

## شىنجاڭنىڭ جانلىنىۋاتقان مېيىپلار سەنئىتى

### ئارزۇگۈل تۇرائايوپ

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلاتچانلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مېيىپلار سەنئىتى كۈنسايىن جانلانماقتا.

بۇ نەتىجىلەرنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1991-يىلى ماي ۋە ئىيۇندا تاللانغان بىر قىسىم مېيىپ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار سەنئەت ئۆمىكى جياڭشى، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىدە، شۇ يىلى 6-ئاۋغۇستتىن 16-ئاۋغۇستقىچە شياڭگاڭدا زىيارەت ئويۇنلىرىنى قويۇپ تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، ئۇلاردا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان.

1992-يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار جەمئىيىتى تاللىغان مېيىپ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى جۇڭگو مېيىپلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، شىۋېتسارىيە، گوللاندىيىلەرگە بېرىپ زىيارەت ئويۇنلىرىنى قويۇپ چەتئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1993-يىلى مەملىكەت بويىچە 3-قېتىملىق مېيىپلار سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تاللاپ قاتناشتۇرغان نومۇرلاردىن ئۈچى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بەشى مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا، ئىككىسى ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1997-يىلى مايدىن ئىيۇلغىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 4-قېتىملىق مېيىپلار سەنئەت كۆرىكىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تاللاپ قاتناشتۇرغان نومۇرلاردىن بىرى 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككىسى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچى مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا، ئۈچى ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دىكى مېيىپلارنىڭ سەنئەت تالانتىنى پۈتكۈل مەملىكەتكە نامايەن قىلغان.

ئاپتور: ش ئۇ ئار ئامما سەنئەت يۇرتىدا ئۇسسۇل يېتەكچىسى (M2)

www.uyghurkitap.com



# چېكىنغا چىققان چاقچاق

## — مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەت توغرىسىدا

باتۇر روزى

پروزىمىز ئۆزىنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھاياتنى ئۆلۈمنىڭ مەڭگۈلۈك باليىتقۇسىدا تولغاق يېگۈزۈپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلالايدىغان بىر تالانت بىلەن بىزنى تارتۇقلىدى. خېلىدىن بېرى ئۇ، گېزى كەلسە تاپقان دادىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان، چىرايىدا ئۆلۈمنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئەلەڭگۈپ يۈرىدىغان، بىنورمال پىسخىك ھالەتكە گىرىپتار بولۇپ ئېسىنى يوقاتقان «ساراڭ» لارنى خېلى قاملاشتۇرۇپ مەسخىرە قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. ساراڭنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان تەشۋىشلىرىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مەسخىرىۋاز ئادەم ئاللىبۇرۇنلا بىزگە چاقچاقنى ھامان ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنىدى. «قۇم باسقان شەھەر» دە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى كۇتۇلمىگەن بىر رەۋىشتە چېكىگە چىقىپتۇ. قارىغاندا ئۇ، «ساراڭ» نىڭ خاراكتېر ئەينىكىدە داۋالغۇپ كۆرۈنگەن بىمەنە رېئاللىقنى ئاخىرى چېكىلىپ تۇرۇپ قەي قىلىپ تاشلاپتۇ-دە، بىمەنىلىك باليىتقۇسىدا تىپچەك ئېتىۋاتقان مەنا ئۇچۇن جان-جەھلى بىلەن تولغاق يېيىشكە باشلاپتۇ. مانا ئەمدى ھايات بىلەن ئۆلۈم لىڭگىر تاقتاق قىلىپ ئويناپ كەلگەن تەڭشەك خادىسىنى يۇلۇپ قولىغا ئېلىۋالغان ھالدا مەنا بىلەن بىمەنىلىك ئوتتۇرىسىدا چىڭ تارتىلغان دار ئۈستىدە جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان مەمتىمىن ھوشۇرنى كۆرمەكتىمىز. كۆزلىرىمىز نېمىدېگەن تەلەيلىك، ئۇ بىزنى كۆيۈك ئاپتايتا چاڭقاپ ياتقان باياۋان ئىچىدە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن ئۆرلىگەن قۇيۇنتازغا يۆگىشىپ كېتىۋاتقان يوچۇن بىر خىل رېئاللىقتا ياشاش پۇرسىتى بىلەن تارتۇقلىدى. بۇ خىل رېئاللىق شۇ قەدەر گۈزەل، ئۇ، ۋۇجۇدىمىزدا زىلزىلىلىك سۆيۈنۈش پەيدا قىلىدۇ، شۇ قەدەر خەتەرلىك، ئۇ سىزنى بىراقلا ئوڭشايدۇ ياكى قىپقىزىل ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك توقۇنۇشتا پارتلاۋاتقان ۋولقان. ئۇ، بىر بولسا سىزنى بىراقلا كۆل قىلىپ تاشلايدۇ ياكى قېقىنۇستەك يېڭىباشتىن تىرىلدۈرۈپ پەرۋازغا سالىدۇ، سىزمۇ ئەمدى ئاپتورغا ئوخشاش «دەتتىكام» دېمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز «قۇم باسقان شەھەر» نى ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭدىكى سىزگە يوچۇن بىلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، سىز ھەقىقەتەن بېشىڭىزدىن كەچۈرىۋاتقان ئەنە شۇ رېئاللىققا باشچىلاپ كىرىپ كېتەلەمسىز؟ بۇ ئەسەر سىزدىن ئەنە شۇنداق روھىي تەۋەككۇلچىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەر سىزگە نىسبەتەن كەسكىن تاللاش پۇرسەتلىرىگە تويۇنغان. بۇ ئەسەر بىر تىلسىماتقا ئوخشايدۇ. سىز بۇ تىلسىماتقا كىرىپ كەلگەندە پۈتكۈل سەزگۈرلۈكىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ۋۇجۇدىڭىزنى تىڭشاپ ماڭالىسىڭىز ئاخىرىدا چوقۇم ئۆزىڭىزنى تاپالايسىز. ئۇنىڭ ئىچىدىن تەلىيىڭىز بولسا

، يا شاھقا خەنجەر ئۇرغىلى ئۇردىغا قاراپ كېتىۋاتقان جاھانكەزدى سوپۇرگە، يا ئۆزىنىڭ «ئەڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشىگە كۆچكەن ئالەم» دە «يېڭىباشتىن بىر شەھەر بىنا قىلىش» ئۈچۈن قولىغا پالتا ئالغان چۆل ئوغلى بولۇپ چىقىسىز. ئەكسىچە بولسا، يا بايلىق ۋەسۋەسىسىدە ئېسىنى يوقاتقان بارات بىلەن ئۆمەر، يا ئېرىنىڭ كېيىمىنى ساپقان ئەر بولسىلا زىنا قىلىۋېرىدىغان دەللە ، يا قىبرى، زەئىپ ئېرىنىڭ قوينىدا يېتىپمۇ ئۆز خىيالىدىكى ئالەمدە ياشايدىغان خىيالپەرەس ئايجامال ، يا «ئالدى-قويدى بازىرى» دا سېتىلىدىغان دېدەك، يا ئۆتكەن-كەچكەن يولۇچىلارنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ، خوتۇنىنى سولاپ بېرىدىغان ئىشەك باي بولۇپ چىقىسىز. ھەقىقەت ئەبەدىي مەزمۇن ئۈچۈن دەۋاگەر بولۇپ قىلىۋېرىدىغان بىر خىل شەكىل. يوقلۇق بارلىق ئۈچۈن تولغاق يەۋاتقان مەڭگۈلۈك ئانا. «قۇم باسقان شەھەر» پۈتكۈل قۇرۇلمىسى بىلەن خۇددى يوقلۇقنىڭ پايانسىز دولقۇنلىرىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ سىرلىق بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقان قولۋاققىلا ئوخشايدۇ. ئەسەر شەكلەن مەنا باشاقلىرىنى ياغدۇرىۋاتقان بىر كىرىچ. بۇ كىرىچ بىمەنىلىك ئەگىمىسىگە خويمۇ ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتۇرۇلغان.

ئەسەردىكى زامان ۋە ماكان، تېپىك مۇھىت، شۇنداقلا بۇ مۇھىتتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەپسانىۋى رەۋىشتە سىمۋوللۇق مەنا ئېھتىماللىقلىرىغا ئىگە قىلىنغان.

بۇ خىل ئېھتىماللىق ئەسەرنى قوراشتۇرۇپ تۇرغان بارلىق ئامىللارنى تەرەپ-تەرەپكە مەنا نۇرلىرىنى چېچىپ تۇرىدىغان لامپۇچكىغىلا ئوخشىتىپ قويغان. ئەسەرنى يۇدۇپ ماڭغان تەسەۋۋۇر ئانا ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئىقىملىرىغا قايتىپ كەلگەن ھالدا راۋاجلانغان ، شۇنداقلا ئەدەبىياتىمىزدا تالاي ئەسىر مەنىۋى زەئىپلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ساختا ئەقىلنىڭ قايمۇقتۇرۇشلىرىغا مايمۇن بولۇپ ئويناپ كەلگەن ئەدىبلىرىمىز شاھىد بولۇپ قالغان ئوبرازلىق تەپەككۇر جاڭگاللىرىدىن بىمالال قۇتۇلۇپ چىقالىغان. شەيئىلەر ئارا تەقلىدىي باغلىنىشنى بەلگە قىلغان ئوبرازلىق تەپەككۇر گەرچە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بولسىمۇ ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەدىبلىرىمىز ئۇنى زادىلا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بوتقا ئايلاندۇرۇۋېلىشقانىدى. يازغۇچىلىرىمىزدىن تۇنجى بولۇپ مەمتىمىن ھوشۇر شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ بارالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە سىمۋوللۇق باغلىنىشنى بەلگە قىلغان ئەپسانىۋى تەپەككۇردىن ئىبارەت يۇقۇرى قاتلاملىق بەدىئىي تەپەككۇرغا تەۋە «چەكلەنگەن رايون» غا دادىللىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۆسۈپ كىردى. شۇڭا ئۇ «قۇم باسقان شەھەر» دە سىمۋوللۇق مەنا ئېھتىماللىقلىرىنىڭ ساناقسىز دوقمۇشلىرىدا ئوقۇرمەنلەرنى ئەركىن تاللاش پۇرسىتى بىلەن تارتۇقلايدىغان ئازادە بىر ئېستېتىك دۇنيا يارىتالىدى. بۇنداق ئەركىن تاللاش پەيتىگە دۇچ كېلىپ ، ۋۇجۇدى كەسكىنلىككە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل روھىي ھاياجان بىلەن لەرزىگە كەلگەن ئوقۇرمەن بەلكىم تېڭىرقىغان ھالدا جاھانكەزدى سوپۇرگىنىڭ ئېشىكىگە قىلغان تۆۋەندىكى خىتابىغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ: «بىلەمسەن ، ھاياتلىقنىڭ تېگىگە، ئاللا ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ دۇنيا بەلكىم بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنگەندەكتۇر ، ياكى ئۇنداق ئەمەستۇر ، ياكى ساڭا ئوخشاش ئېشەكلەرنىڭ كۆزىگە باشقىچە، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ كۆزىگە يەنە باشقىچە ، ھېلىقى قۇياش شاھىدەك ئېبلىسلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ باشقىچە كۆرۈنىدىغاندۇر . ياكى بىز ھەممىمىز شۇنداق بىر خىيالىي دۇنيادا ، خاتا تۇيغۇ ئىچىدە ياشاۋاتقاندىمىز. ياكى ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندىمىز . كىم بىلىدۇ ، بەلكىم بىز ئۈچۈن ھەقىقىي چىن ھايات پەقەت ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندىلا باشلىنىدىغاندۇر. . . . »

ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئەسەردە باشتىن - ئاخىر گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل يوقالماس روھ - تۈگىمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان جاھانكەزدى سوپۇرگىنىڭ ھەرىكىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار مەنتىقە بىلەن مەنتىقىسىزلىق، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى تېنىمتاپماس توقۇنۇشلارغا دۇچ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇراقلىق ھالىتىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، ئۆزگىرىشچان ھالەتكە كىرىدۇ-دە، سىمۋوللۇق مەنا ئېھتىماللىقلىرى بوشلۇقىدا ئەلەڭگۈشكە باشلايدۇ. ئەسەردىكى پۈتكۈل سىيوژىت «سەپىرىنىڭ تېزگىنىنى كۆڭلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىۋەتكەن » جاھانكەزدى سوپۇرگىگە ئەگىشىپ ئەركىن راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئەركىن سىيوژىت راۋاجى ھەرىكەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئەگەشكەن مەركىزىي قۇتۇپقا خاس ئالامەتلەرگە - «ئەركىنلىك ئىزدەپ يۈرگەن سەيياھ» قا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلاردىكى مۇقىم ماھىيەت تاسادىپىيلىق قىلىچلىرىدا توختاۋسىز بوغۇزلىنىپ ھۆكۈم سىرتماقلىرىدىن قۇتۇلغان مۇجمەل ۋە قىياسەن ماھىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئايلىنىش ئۇلاردىكى بىر ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆپ ياقلىمىلىققا، تۇراقلىق كەيپىياتنى تۇراقسىز كەيپىياتقا ئۆزگەرتىدۇ-دە، نەتىجىدە ھەممىلا نەرسە بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا «جان تالىشىۋاتقان» سىمۋوللۇق كۆلەڭگە بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار مۇقىملىق ۋە تۇراقسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى كېرىلىش كۈچىدە لەرزىگە كەلگەن ھالدا ئەپسانىۋى پارتلاش ھاسىل قىلىپ قايتا تۇراقلىشىشقا ئىنتىلىسىمۇ ، بىراق ئۇلار باشتىن-ئاخىر بارلىق بىلەن يوقلۇقنى بىر-بىرىگە چېگىپ كېلىۋاتقان تراگېدىك مەركەزنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن قايتا تۇراقلىشىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا سىزگە جاھانكەزدى زادى نېمىگە سىمۋول قىلىنغان ؟ «قۇياش شەھىرى» ۋە «بىغەملەر شەھىرى» دېگىنى زادى قايەر؟ قۇملۇق زادى نېمىگە سىمۋول قىلىنغان ؟ ئۇ قانداقسىگە دېڭىز بىلەن بىر تۇغقان بولۇپ قالىدۇ؟ بىر تەرىپىگە يالىڭاچ ئايالنىڭ سۈرىتى، بىر تەرىپىگە چۈشىنىكسىز يېزىق ئويۇلغان تىللا زادى نېمە؟ تىللا تۇغىدىغان چۆچەكچۇ؟ . . . دېگەندەك سوئاللار بېرىلسە، سىز ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيسىز. چۈنكى ئەسەر سىزگە بۇلار ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. سىز پەقەت پەرەزلا قىلالايسىز، خالاس. چۈنكى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تومۇرىدا ھۆكۈملەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدىغان، قىياسلار يايلىقىدا ئەركىن قىيغىتىشقىلا ئادەتلەنگەن باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيدۇ. ئەسەردە باشتىن-ئاخىر تېشىغا تېپىپ تۇرغان ئىچكى رىتىمدىن ئەنە شۇنداق بىر خىل شاش قاننىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ پۈتكۈل

www.uyghurkitap.com

سېيوژىتى ھۆكۈم بىلەن پەرەز ئوتتۇرىسىدىكى قىسىلچاقتا چەكسىز بىر ئېستېتىك دۇنياغا قاراپ ئەركىن سويلاپ كېتىۋاتقان يىلانغىلا ئوخشايدۇ. ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىدىكى ئەسەرگە بولغان ئېستېتىك قاراتمىلىقمۇ پەقەت ئەنە شۇ قىسىلچاقتىلا ئاندىن ھەقىقىي ئەركىن كەيپىياتقا يۈزلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە خۇددى قان تومۇردەك تاراپ بارغان بۇ «قىسىلچاق» دەل ئەسەردىكى تراگېدىك مەركەزدىن ئىبارەت. ئەسەردىكى ھەممە نەرسە دەل ئەنە شۇ قىسىلچاقتا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتىنى يوقىتىپ، ئاندىن يېڭى قىممەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ.

ھۆكۈم ئەركىنلىكنى چەتكە قاقىدۇ، پەرەز ئەركىنلىكنى مۇتلەقلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بىراق بۇ خىل ئۇرۇنۇش مەڭگۈ روياپقا چىقمايدىغان ئۇرۇنۇش. سىز مۇتلەق ئەركىنلىكنى قاچان كۆرگەن؟ ئۇنى ئەبەدىي كۆرەلمەيسىز. چۈنكى مۇتلەقلىشىپ قالغان ھەرقانداق نەرسە تەبىئىيلا ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى مەڭگۈلۈك تراگېدىيە. ئاتالمىش «مۇتلەق ئەركىنلىك» قانداقتۇر غايىۋى، ئۆلۈك ئەركىنلىك. پەقەت تراگېدىيە تۈسىنى ئالغان ئەركىنلىكلا ھەقىقىي تىرىك ئەركىنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېپى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، غايە، رومانتىكا ئىنساننىڭ مەنىۋى زەئىپلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان بىر خىل سەپسەتە تۈسىنى ئالغان بۈيۈك يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھاياتتىكى مەڭگۈلۈك تراگېدىيىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان مەزلۇملارچە تەپەككۇر ئىگىلىرىگە خاس ساختا پسىخىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ، كىشىنى رېئاللىقنى بۇرمىلاشقا ياكى ئۇنى چۈشەنمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بۇ خىل ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان كەيپىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئەجەللىك پاجىئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات ئادەملىرىمىزنى رېئاللىققا دادىللىق ۋە جىددىي مۇئامىلە قىلالمايدىغان ئەركەكلەرچە پوزىتسىيىدىن يىراقلاشتۇرىۋەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» دىكى ئۆيگە كىرگەن ئوغرىغا مەھبۇب سۈپىتىدە قۇچاق ئاچقان خىيالپەرەس ئايجامالدىن نېمە پەرقى بار؟ مۇئەييەن غايىۋى دۇنيانىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان قۇرۇق لايىھىلىرى بىلەن پەردازلانغان قىڭغىر-قىيسىق پەلسەپە (ماھىيەتتە سەپسەتە) لىرىنىڭ قوماندانلىقىغا رايىشلارچە باش ئېگىپ تۇرۇپ، ئاتالمىش رېئالىزمغا دەۋاگەر بولۇپ قەلەم تەۋرىتىپ كەلگەن ئەدىبلىرىمىز-نىڭ قايسىبىرى رېئاللىقنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشىنەلىدى؟ كېسىپ ئېيتىمىزكى، مەمتىمىن ھوشۇر ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رېئالىست يازغۇچى. چۈنكى ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى مەڭگۈلۈك تراگېدىيىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. «قۇم باسقان شەھەر» باشتىن-ئاخىر ئەنە شۇنداق تراگېدىك ھېسسىيات بالاغەتلىرى ئەۋجىدە لەڭ ئۇرۇپ تۇرىدۇ: «قۇياش شەھىرى» بىلەن «بىغەملەر شەھىرى» ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ئېلىشىش، بىر تال تىللا بىلەن 99 تال تىللا ئوتتۇرىسىدىكى جۇدالىق، تىللانىڭ بىر يۈزىدىكى يالىڭاچ ئايال بىلەن يەنە بىر يۈزىدىكى چۈشىنىكسىز يېزىق، تىللا تۇغىدىغان سىرلىق چۆچەك بىلەن قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئاجرالماس مۇناسىۋەت، تۈگىمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان جاھانكەزدى سۇپۇرگە، قۇللارچە رايىشلىق بىلەن ئوغرىلىقچە قېچىش ئوتتۇرىسىدا ئېزىپ يۈرگەن بارات ۋە ئۆمەر، «ئۆزىنى پاك تۇتۇش ئازابى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى خالاش ئىستىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتا ھالسىزلىنىۋاتقان» ئايىم، شوتا يېنىدا يەنە «ئۆز خىيالىدىكى شاھزادىسى (ئەمەلىيەتتە ئوغرى) بىلەن سۆيۈپ خوشلىشىۋاتقان» ئايجامال، ئەسكى تۈگمەندىكى «بىر تەرەپتىن قارىساڭ كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدىغان» سەتەڭ، ئادەملەرنى جۇۋازغا قېتىپ جازالاۋاتقان توختى قىزىق، كۆزىگە ياغلىق تېڭىۋېلىپ بىكار تۇرماي پىرقىرايدىغان بولۇپ قالغان ئىمام، يالىڭاچ قىزغا تاشلىنىۋاتقان چۆل ئوغلى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تراگېدىيە پۇراپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ جېنى ئەسەردە باشتىن-ئاخىر خۇددى يۈرەككە ئوخشاش سوقۇپ تۇرغان ھالدا ئىزچىل بىر خىل ئىچكى رېتىمنى شەكىللەندۈرۈپ بارغان تراگېدىك مەركەزگە يىغىنچاقلانغان. ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىمۇ دەل ئەنە شۇ تراگېدىك مەركەزدىن قاچقان كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇياش شەھىرى بىلەن بىغەملەر شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش ماھىيەتتە ئىنساننى مۇئەييەن بىرەر سىستېمىغا مۇقىملاشتۇرۇشنى كۆزلەيدىغان غەيرىي تراگېدىك تەپەككۇر بىلەن، ئىنساننى چەكسىز ئېچىۋېتىلگەن ئىمكانىيەت دۇنياسىدا ئەركىن پەرۋازغا قويۇپ بېرىدىغان تراگېدىك تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتىن ئىبارەت.

ئەركىنلىكنى قوغلىشىپ سەيياھ بولۇپ كەتكەن جاھانكەزدى سۇپۇرگە بېشىغا نېپىز بۆك كىيگەن، يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان، ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ بىر پېشىنى بېلىدىكى پوتىسىغا قىستۇرىۋالغان غەلىتە ئادەم. سەپىرىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتكەن، تۈگىمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان بۇ ئادەم تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن سۈرۈن تەلەت قۇياش شەھىرى بىلەن خوشلاشماقتا. قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان بۇ ھەيۋەتلىك شەھەر پادىشاھلىققا قاراشلىق بارلىق ئۆلكىلەردىن بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلار بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە قۇياش شاھىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى...

شۇنىڭدىن كېيىنلا روماندا ئەسلىگە قايتىش بىلەن قايتا باشلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىك توقۇنۇش قانات يايىدۇ.

بۈگۈن تاپقىنىنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمايدىغان جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئېغىلدا بىر كۈن ئۇششۇقراق باغلاقلىق تۇرۇپ قالسا زېرىكىشتىن ھاڭراپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان ئېشىكىگە مىنىپ، ئادەم ئۈنلۈكرەك گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدىغان قۇياش شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. قورۇقچىلار دەرۋازىدىن كىرىش ھەققىگە ھېسابلاپ ئۇنىڭ ئېشىكىنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. ئېشەك دۆڭنى تۈزگە، تۈزنى دۆڭگە تارتىۋاتقان ھاشارچىلارغا قوشۇلۇپ بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەيدۇ. ئاردا سۇپۇرگە شەھەر سىرتىدىكى «ھەممە يېرى كۆيۈك ئاپتاپتا چاڭقاپ ياتقان» دىۋانىلار مەھەللىسىگە بېرىپ، «ئوغرى كەلسىمۇ ئىگىسى ئويغىتىپ قويمىغىچە قاۋىمايدىغان»، «تۈكلىرى چۈشۈپ قوتۇرلىشىپ كەتكەن» ئىتلارنى ئارىلاپ، «قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان» قەلەندەرلەر شاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ «قارىداپ كەتكەن يىرتىق بورىنىڭ

ئۇستىدە » ، «گىژىلدىشىپ تۇرغان چىۋىنلار» ئارىسىدا ئولتۇرغان، «چىشلىرى قارىداپ، چاچ-ساقاللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن» قەلەندەرلەر شاھى بىلەن كۆرۈشىدۇ. بىر تىللانى يەرگە تاشلاپ ئىككى قىلىپ ، ئىككى لەشكەرگە ئۈلەشتۈرۈپ ، ئۇلار ھەيدەپ كېتىۋاتقان «تام تېشەر» لەقەملىك بىر مەھبۇسنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ.

«قۇم باسقان شەھەر» يۇقىرىقى تەپسىلاتلار بىلەن باشلىنىدۇ، ئىنتايىن ئىخچام قۇرۇلما ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى پايانسىز كەڭلىككە چىچىۋېتىدىغان غايەت زور مەزمۇننى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ ماڭىدۇ. رومان قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى سىغىمچانلىق رومان قۇرۇلمىسىنىڭ مۇئەييەن پەلسەپىۋى قىممەت يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

رومانىدىكى پۈتكۈل قۇرۇلما ئالدى بىلەن مۇكەممەل بىر پەلسەپىۋى قۇرۇلما. رومانىدىكى زامان پەلسەپىۋى زامان. ئۇ، داۋاملىشىپ بولغان، داۋاملىشىۋاتقان شۇنداقلا داۋاملىشىدىغان چەكسىز زامان. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە تارىخ سەھىپىسىدىكى بىرلا لەھزىدىن ئىبارەت ، خالاس. چۈنكى ئۇ مۇئەييەن تارىخي ئېنىقلىققا ئىگە بولمىغان ، پەقەت سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكىلا ئىگە بولغان ، تارىخنىڭ ھەر قانداق بىر باسقۇچىدا ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ، شۇنداقلا تېخى تارىخقا ئايلانمىغان ، ھازىرغىمۇ تەۋە بولمىغان ، كەلگۈسىنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىغا ئىگە قىلىنغان زامان. رومانىدىكى كونكرېتنى سيوژېت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئاپتور ئەپسانىۋى يوسۇندا چۈش كۆرۈپ ئۆتكەن بىرلا لەھزىگىلا ئوخشايدىغان ، بار-يوقى جاھانكەزدى سوپۇرگىدىن باشلىنىپ ، يەنە شۇ جاھانكەزدى سوپۇرگە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان قىسقىغىنا بىر زامان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ، «بار بىلەن يوق » نىڭ ئارىلىقىدىكى زامانىدىنلا ئىبارەت . رومان قۇرۇلمىسىدىكى زامان ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەت (زامان چەكسىزلىكى بىلەن زاماننىڭ بىر لەھزىلىكى) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك كىرىلىش كۈچى رومانىدىكى پۈتكۈل تراگېدىك خۇسۇسىيەتنى يۇدۇپ ماڭغان تراگېدىك مەركەزدىن ئىبارەت.

رومان قۇرۇلمىسىدىكى ماكانمۇ پەلسەپىۋى ماكان . چۈنكى ئۇ مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك ئېنىقلىققا ئىگە بولمىغان ، دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە بۇرۇنمۇ ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن بولغان ماكان . ئالايلۇق، پايانسىز چۆل، بىغەملەر شەھىرى ، قۇياش شەھىرى ، بارات بىلەن ئۆمەر تاسادىپىي ئولتۇراقلىشىپ قالغان نامسىز شەھەر، ئالدى-قويدى بازىرى . . . ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك سىمۋول ئېھتىماللىقلىرىغا ئىگەقىلىنغان مەۋھۇم ماكاندۇر . چۆل گويا دولقۇنلاپ تۇرغان پايانسىز ئاقلىق ، گويا پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەسلى ھالىتى ، ئۇ، ھاياتلىقنىڭ پايانى يوق سەھنىسى، ھاياتلىق ئۇچۇن بولغان كەسكىن ئېلىشىشلارنىڭ سۈكۈتكە تولغان جەڭگاھى. قۇياش شەھىرى ، بىغەملەر شەھىرى ۋە باشقا ماكان خۇسۇسىيەتلىك تىپىك شارائىتلارنىڭ ھەممىسى گويا چۆلدىن ئىبارەت بۇ پايانسىز ئاقلىقتا دەم يوقاپ، دەم پەيدا بولۇپ تۇرغان ساناقسىز چېكىتلەر. . بىغەملەر شەھىرى تەبىئىيلىككە ، دېموكراتىيىگە، ھېسسىياتقا ، ساددىلىققا، مۇقەررەرلىككە يەنە قانداقتۇر باشقا پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەرگە تەققاسلانغان بولۇشى مۇمكىن .بۇ، رومانىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تراگېدىك توقۇنۇشنىڭ بىر. زىددىيەت قۇتۇپى. قۇياش شەھىرى بولسا ساختىلىققا، مۇستەبىتلىككە، دىكتاتورىغا، ئەقىلغە، ھىيلىگەرلىككە، تاسادىپىيلىققا، يەنە قانداقتۇ باشقا پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەرگە تەققاسلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ، رومانىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تراگېدىك توقۇنۇشنىڭ يەنە بىر زىددىيەت قۇتۇپى. ئۇنداق بولمىسا، نېمىشقا بىغەملەر شەھىرى بىلەن قۇياش شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلار تەبىئىيلىك بىلەن ساختىلىق ، ئەركىنلىك بىلەن مۇستەبىتلىك، دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتورا، ھېسسىيات بىلەن ئەقىل ، ساددىيلىق بىلەن ھىيلىگەرلىك، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئەجەب ئوخشاپ كېتىدۇ؟ ئارىلىقتىكى بارات بىلەن ئۆمەر تاسادىپىي جايلىشىپ قالغان نامسىز شەھەر بولسا، زىددىيەتنىڭ يۇقىرىقى ئىككى قۇتۇپى كېسىشكەن مەركىزىي نۇقتا ياكى قارىمۇ قارشى پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەر كەسكىن توقۇنۇشقان ئاساسلىق دراماتىك سەھنە. چۆلدىن ئىبارەت چەكسىز ماكانغا ئۈستىمۇ ئۈست چۈشكەن چەكلىك ئۈچ قۇتۇپلۇق ماكان مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي پەيدا بولغان چەك ۋە چەكسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك كىرىلىش كۈچى رومان قۇرۇلمىسىدىكى ماكان خۇسۇسىيەتلىك يەنە بىر يانداش تراگېدىك مەركەز. بۇ يانداش تراگېدىك مەركەز رومانىدىكى ئۈچ قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت قۇرغان چەكلىك ماكاندىن ئىبارەت بۇ تەختىنى چۆلگە تىمسال قىلىنغان چەكسىز ماكاندىن ئىبارەت «پارتلاشقا تەيي تۇرغان ۋۇلقان» نىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، رومانىدىكى ھەممە نەرسە «بار بىلەن يوق» نى ئارىلىقىدا ھەركەت قىلىدىغان ئەپسانىۋى كۆلەڭگ ئايلىنىدۇ. «قۇم باسقان شەھەر» پەلسەپىۋى رومانغ خاس بارلىق ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە جەملىگەن بولۇپ، ئاپتور مەزكۇر رومان ئارقىلىق پروزىمىزدا ئۆزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پەلسەپە نامراتلىقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خاتىمە بەرگەن. ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر ئېلېمېنت بىر مۇكەممەل ھېكمەت مۇنارى. رومان قۇرۇلمىسىنى ئۆزەك قىلغان ھېكمەت ئېقىنى روماننىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگە قاندەك تاراپ بارىدۇ . ھېكمەتلەر ئەۋجىدە دولقۇن ئاتقان كەسكىن تراگېدىك توقۇنۇشلار ئىچىدە ئېلىشىۋاتقان پېرسوناژلار روماندا باشتىن-ئاخىر بىر-بىرى بىلەن مۇئەييەن پەلسەپىۋى يۇكسەكلىكتە ئۇچرىشىدۇ . ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار روماندا باشتىن-ئاخىر بىر-بىرىگە مۇئەييەن پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقتا يىلتىز تارتقان ھالدا باغلىنىپ بارىدۇ. بۈگۈن تاپقىنىنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمايدىغان جاھانكەزدى سوپۇرگە ، ئوغرى كەلسىمۇ ئىگىسى ئويغىتىپ قويمىغىچە قاۋىمايدىغان ئىت، ئۆزىنىڭ قەلەندەرلىكىنى شاھلىقتىن ئۈستۈن بىلىدىغان قەلەندەرلەر شاھى، قۇتقۇزغۇچىغا كىملىكىنى دەپ بېرىشكىمۇ ۋاقتى يەتمەيدىغان «تام تېشەر» ، ئېغىلدا بىر كۈن ئارتۇقراق تۇرۇپ قالسا ، زېرىكىشتىن ھاڭراپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان ئېشەك، ئىسمىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەمنى تىترەك باسىدىغان قۇياش شاھى ، تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن قۇياش شەھىرى ، ئۆلۈمنى سېغىنغان توختى ئاشىق، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ جىنايەت مەنبەسىنى

www.uyghurkitap.com

توگىتىش كويىدا يۈرگەن قان ئىچكۈر تەلۋە، قانلىق قىرغىنغا دۇچ كەلگەن قاچقۇن شاھزادە، «پادىشاھ بولغۇچىنى كۆتۈرۈشكىلا بەلگىلەنگەن» ئىنىكئانا، «نە ئەترابىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئېگىز سېپىل، نە ئادەملىرىگە دەھشەت سېلىپ تۇرىدىغان پادىشاھ يوق» بىغەملەر شەھىرى، دۇنيادا ئىگىسىز نەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويماقچى بولغان قۇياشتىن ئۇلۇغ، ئەرۋاھلارنى جۇۋاز بىلەن جازالاۋاتقان توختى قىزىق، يالىڭاچ قىزغا تاشلانغان چۆل ئوغلى. . . تىللا تۇغىدىغان چۆچەك. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋايىغا يەتكەن ئوبرازلاردۇر. بىغەملەر شەھىرىنى. چۆرىدىگەن تەپسىلاتلاردا ئىنچىكە تۇردە دېموكراتىيە مارشى ياڭراپ تۇرسا، ئەكسىچە، قۇياش شەھىرىنى چۆرىدىگەن تەپسىلاتلاردا تەھدىت ۋە زوراۋانلىقنى بەلگە قىلغان مۇستەبىتلىكنىڭ بۇس-بوغىناقلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. پايانسىز چۆللۈكلەرنىڭ تەسۋىرىدە دولقۇنلاپ تۇرغان بىر خىل ئاقىلىقنى كۆرىمىز. تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن قۇياش شەھىرىدە ھەممە نەرسە قۇياش شاھىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلسا، بىغەملەر شەھىرىدە ھەممە ئادەم ئۆزىگە ئۆزى پادىشاھ. ئۇلارنىڭ تېخى قانلىق قىرغىنغا دۇچ كەلگۈچە پادىشاھ دېگەنگە ھاجىتىمۇ چۈشۈپ باقمىغان . ئەسەردە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قەلەندەر قەلەندەرگە، قاتىل قاتىلغا، ئاشىق ئاشىققا، جاھانكەزدى جاھانكەزدىگە، پادىشاھ پادىشاھقا، قۇل قۇلغا ئوخشىغان. قەلەندەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قەلەندەرچىلىك پەلسەپىسى بار ! ئۇ، سوپۇرگىگە قەلەندەرچىلىك پەلسەپىسى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ : ئۇلۇغ تەڭرى ئالدىدا ھەممىلا ئادەم تىلەمچى. . . بايلار، ئەمەلدارلار خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى كۈچ ۋە زورلۇق ، ھىيلە-مىكىرگە تايىنىپ تارتىۋالىدۇ. قەلەندەرلەر بولسا، باشقىلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىپات قىلغان نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ. . . بىز باشقىلارنى جىنايەت يولىدىن قايتۇرغۇچىلارمىز. مىسالەن، بىر كىشىنىڭ يانچۇقىدا ئۆز ھاجىتىدىن ئوشۇق بىر تەڭگە تۇرۇپتۇ ، دەيلى. بۇ ئوشۇقچە نەرسە چوقۇم ئۇنى يامان خىياللارغا سالىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئاشۇ ئوشۇقچە پۇلىنى تىلىۋالىمىز، ھېلىقى كىشى يامان يوللارغا مېڭىپ قېلىشتىن ئامان قالىدۇ ھەمدە كۆپ ساۋاب تاپىدۇ. . قەلەندەر سېپى ئۆزىدىن قەلەندەرگە ئوخشىغان بولۇپ ، قۇياش شاھىنىڭ ئوردىسىغا بىمالال كىرىپ -چىقالايدىغانلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. توختى ئاشىق: «ياراتقان ئىگەمنىڭ نەزەرىدە باي نېمە، گاداي نېمە ؟ ئادەم نېمە، چۈمۈلە نېمە، ھەممىسى ئوخشاش. خۇدا ھەممىنى يارىتىدۇ، ھەممىنى يوقىتىدۇ. ئالەمدە پەقەت ئاشىقلىقلا ئۆلمەيدۇ» دەپ پۈتكۈل ھاياتىنى ئاشىقلىق پەلسەپىسىگە ئاتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە خاراكتېرغا ئىگە بولغان قان ئىچكۈر تەلۋە «ئادەم -بارلىق جىنايەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ مەنبەسى بولغاچقا» ، «ئاللا ياراتقان بۇ كەڭ ئالەمنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى ، جۈملىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرۈش» قارارىغا كېلىدۇ . ئۆتكۈنچى تەشنالىق قىيناپ شەھۋانىي ھەۋەسنى باسالماي قالغان چېغىدىمۇ سوپۇرگىنىڭ قۇچىقىغا يەنىلا ئۆزىگە ئاللىبۇرۇن ئەركىنلىك بېرىۋەتكەن خوجايىنىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆمىلەپ كىرگەن ۋە ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي ئۆز قولىدا بولسىمۇ، يەنىلا سوپۇرگىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتكەن ئىنىكئانا تىپىك قۇللۇق خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولسا، «جەننەتكە كىرگۈدەك بولسىمۇ ، شاھلىق كىبىرىسى بىلەن قەدەم قويۇپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىشتىن يانمايدىغان » قۇياش شاھى ۋە بۇزۇقچىلىقتا ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرىغا چېقىلىشتىنمۇ يانمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇچىغا چىققان، «جاھاندا ئىگىسىز نەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى» ئىسپاتلاپ قويماقچى بولغان قۇياشتىن ئۇلۇغ قاتارلىقلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى پۈتۈنلەي زوراۋانلىق پەلسەپىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان . قۇللۇق بىلەن قۇلدارلىقنىڭ ئارىسى بىر غېرىچ. ئىنىكئانىدەك قۇللارمۇ، قۇياش شاھى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىدەك زورلۇق كۈچىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئوخشاشلا دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك ھېسابلانغان باش زىندانىدىكى مەھبۇسلاردۇر، شۇنداقلا ئۇلار تىپىك غەيرىي تراگېدىك پېرسوناژلاردۇر. «تومۇرىدا توت تام ئىچىگە بەنت بولۇپ ياشاشنى زۇلۇم بىلىدىغان ، باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيدىغان» ، «بۈگۈن تاپقىنىنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمايدىغان » ، پەقەت ئاللاغىلا تەۋەككۇل قىلىپ ياشايدىغان ، ئاللادىن ئۆزگە ھەممىلا نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ، «ئەركىنلىكنى قوغلىشىپ سەيياھ بولۇپ كەتكەن» ، «توگىمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان» سوپۇرگە ۋە سوپۇرگە خاراكتېرىنىڭ دەۋرلىنىشى ھېسابلانغان چۆل ئوغلى روماندىكى تىپىك تراگېدىك باش قەھرىمانلاردۇر. ئۇلار روماندا باشتىن -ئاخىر يۈرەككە ئوخشاش سوقۇپ تۇرغان تراگېدىك مەركەزنىلا چۆرگىلەپ ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ناگاندا بىر تراگېدىك مەركەزنىڭ دەل ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىش بىلەن ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىپ، دۇنيا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. ئادەم تراگېدىك يۈكسەكلىكتە ياشىيالىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئادەمگە ئوخشىغان بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋايىغا يەتكەن سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇچىغا چىققان قاراملىق غەيرىي نورمال ھالەتتە بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى دار ئۈستىدە كېتىۋاتقان دارۋازدەك ھاياتىنىڭ ھەر ۋاقىت قىل ئۈستىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ بارغان ۋە دائىمىي قاراملىق تۈسىنى ئالغان بىر خىل سوزۇلۇشچان تەشۋىش ئىچىدە ھەر دەقىقە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسىگە كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل بىلەن قارايدۇ. يەنى ئۇلاردا ئەقىل ھېسسىيات شارابىدا خۇش كەيىپ بولغان ھالدا تەبىئىي تۇيغۇغا ئايلانغان ، ھېسسىيات بولسا ئەقلىنىڭ ئوت-ئاتەش ئوچاقلىرىدا ئەڭ يۇقۇرى چەكتە تاۋلىنىپ ، ئېرىگەن پېتى ئەقلىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېرىتىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھالدا قەلب كەڭلىكىدە ھەر ۋاقىت يېيىلىپ ، تولۇق ئاقالايدىغان سۆيگۈ لاۋاسىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ناگان - ناگاندا خۇددى چاقماق بولۇپ چېقىلغان تراگېدىك مەركەزدە كۆرگەن ۋە ئۆزلىرىمۇ چېقىلىپ ، پارلىنىپ، تراگېدىيىنىڭ دەل ئۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق دەقىقىلەردە ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ، خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ ، روھ بىلەن تەننىڭ ، ماكان بىلەن زاماننىڭ ، بارلىق بىلەن يوقلۇقنىڭ ، بىرلىك بىلەن كۆپلۈكنىڭ ، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ ، ئىمكانىيەت بىلەن مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ پەرقى يوقايدۇ. روھ تەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ ، يەنى تەندە يۈز

بەرگەن جىمى ئۆزگۈرۈشلەردە روھتىكى «مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىش» سىمان ئۆزگىرىشلەر تولۇق نامايەن قىلىنغان بولىدۇ. ئۆلۈم ئەڭ زور ئېھتىماللىققا ئايلانغان ۋە ھايات ئەنە شۇ ئېھتىماللىقنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان بولىدۇ. تراگېدىك ئىنسان بۇنداق لەھزىلەردە ئۆزىگە مەنسۇپ بولماي قالغاندەك ۋە ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ، خۇدا ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تراگېدىك ئىنساننىڭ نەزەرىدە مۇقەررەر يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتەك تۇيۇلغىنى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە پۈتۈنلەي تاسادىپىلىق شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. تراگېدىك توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىدە چېقىلىۋاتقان تراگېدىك ئىنسان ئەينى رېئال زامان، ماكان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن يوقىتىپ، بىر لەھزە ئۆزىگە خاس پەۋقۇلئاددە زامان ۋە ماكاندىن پۈتكەن ئۆزگىچە بىر دۇنيادا ياشايدۇ. بۇنداق دۇنيا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ماكان ۋە زامان بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەينى رېئال زامان، ماكان ئۇ ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ تاشقىرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بەخىرامان ئېقىپ يۈرگەن بولىدۇ. تراگېدىك ئىنساننىڭ بارلىقى بىلەن يوقلۇقى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈۋاتقان ھالەتتە بولىدۇ، چۈنكى تراگېدىك ئىنسان بۇنداق لەھزىلەردە بار بىلەن يوقنىڭ ئايرىلىقىدىكى خەتەرلىك دەقىقىدە تۇرغان بولىدۇ. تراگېدىك ئىنسان ئۆزىنى دۇنياغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى پارچە-پارچە بولۇپ چېقىلىپ، بىرلىكىنى رەڭدار ئادەملىكتىن پۈتكەن كۆپلۈك دۇنياسىغا چېچىۋېتىپ بارغاندەك سېزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلغان ئىشمۇ تەۋەككۇلچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان تاسادىپىلىق تۈپەيلى مۇمكىن بولغان ئىشقا ئايلىنىدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تراگېدىك ھالەتنى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ھامىلە ئۈچۈن جىددىي تولغاق يەۋاتقان ۋە جان-جەھلى بىلەن ئىچىنى تىڭشاۋاتقان سەزگۈر ئانىلارنىڭ، يالىڭاچلانغان ھالدا بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن پېتى شەھۋانىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەۋجىدە تۇرىۋاتقان نازۇك تەبىئەتلىك ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ كەيپىياتىغىلا تەققاسلاش مۇمكىن. تراگېدىك ھالەتتىكى ئىنساننىڭ ئازابى جېنى چىقىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ ياتقان سەكراتتىكى ئادەمنىڭ ئازابىدىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەر ۋاقىت پەۋقۇلئاددە سەزگۈر ۋە جىددىي تۈس ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كېلىشتەك ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھاياتنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ ياشايدۇ. لېكىن بۇ ئەسەبىيلىك يۈكسەك ئەقىلنىڭ ھامىيلىقىدىن ئايرىلمىغان ئەسەبىيلىكتۇر.

«سوپۇرگە ئادەتتە ئېشىكىنى ساتقاندا ھەرگىزمۇ چۇلۋۇرىنى قوشۇپ بېرىۋەتمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئېشەكنى چۇلۋۇر، ئۇستىدىكى ئۇچۇلۇق بىلەنلا قوشۇپ بېرىۋەتتى. ھەي ۋاپادار جانىۋار، - دېدى ئۇ ئېشىكىنىڭ بېشىنى سىلاپ، - ئەمدى سەن مېنى ئىزدەپ يۈرگۈچى بولما. ئۇقامسەن، شۇ تاپتا ئىگەڭ توپتوغرا ئوردىغا، شاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. بەلكىم بۈگۈن مەن شۇ يەردىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلارمەن. ئۇ دۇنيادا بولسا ئېشەكنىڭمۇ، ئىگەر-توقۇمنىڭمۇ لازىمى يوق!

سوپۇرگە مال بازىرىدىن ئارقىسىغىمۇ قارىماي قايتىپ چىقىپ چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئۇدۇل شاھ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئوردىغا بارىدىغان دەرەخلىك كەڭ يولدا ئەمەلدارلارنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ياسىداق مەپىلەر، ئېغىر قوراللىرىنى شاراقشىتىپ ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە يوق ئىدى. ئۇ گويا ھاۋادا لەيلەپ كېتىپ بارغاندەك خىيالىي بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. سوپۇرگىنىڭ روھى ئۆمرىدە مۇنداق كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا شاھ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ كېتىپ بارغان ئەلچىدەك، غەلىبە تۇغىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا كېتىپ بارغان قوماندانىدەك مەغرۇر كېتىپ باراتتى. . . . سوپۇرگە تەمتىرىمەي، خۇددى ئوردىغا دائىم كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان خىزمەتچىلەردەك مېڭىپ بىرىنچى، ئىككىنچى جىسەكچىلەردىن ئۆتۈپ كەتتى. . . . ئۆي ئىچىدە سوپۇرگە بىلەن شاھلا قالدى. . . . سوپۇرگە قوينىدىن تۇمارنى ئېلىپ شاھقا ئىككى قوللاپ سۇندى. شاھ تۇمارنى ئالماقچى بولۇپ ئالدىغا ئېگىلىشى بىلەن ئۇنى كۈچ بىلەن بىر تارتىپلا تەختتىن تۆۋەنگە سۆرەپ چۈشتى-دە، ئۇنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر ئۇردى. «مانا بۇ بىغەملەر شەھىرىدە بىگۇناھ قىرىلغان پۇقرالار ئۈچۈن!»، دېدى ئۇ. ئىككىنچى پىچاقنى شاھنىڭ نەق يۈرىكىگە ئۇردى. «مانا بۇ ئەرلىرىدىن ئايرىلغان مەزلۇملار ئۈچۈن!»، دېدى ئۇ. ئۈچىنچى پىچاق بىلەن شاھنىڭ قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. «مانا بۇ گۇناھسىز ئۆلگەن نارەسىدىلەر ئۈچۈن!»، دېدى ئۇ. شاھنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، سوپۇرگىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. . . .»

مانا بۇ بايانلاردا سوپۇرگە روماندىكى تراگېدىك مەركەزنىڭ دەل ئۇستىدىن چۈشكەن تراگېدىك باش قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى بۇ بايانلاردا سوپۇرگىنىڭ خاراكتېرىدىكى ۋايىغا يەتكەن سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇچىغا چىققان قارامىلىق بىرلىشىپ، سوپۇرگىگە ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدىغان دۇنيا- بىغەملەر شەھىرىنىڭ پاجىئەسى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئېشىكىگە دائىم: «خەتەر يۈز بەرگەن جايدىن يىراق بولماق دۇرۇس!» دەپ پىچىرلايدىغان سەزگۈر سوپۇرگىنىڭ خاراكتېرىدا ئەكسىچە خەتەرگە باشچىلاپ كىرىپ كېتىشتەك ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىش يۈز بېرىدۇ. سوپۇرگىنى ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىشتىن ئىبارەت غەنىيمەت پۇرسەت بىلەن تارتۇقلىغان كۈچ ئۇنىڭ ئادەملەرگە ۋە ئادىمىي ئەركىنلىككە بولغان ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالەتتىكى مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا زىددىيەتلىك بولغان ۋە سوپۇرگىگە دائىم ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان سەزگۈرلۈكتىن ئىبارەت. دېمەك، بۇ يەردە قارامىلىق بىلەن سەزگۈرلۈك ئارا، شۇنداقلا ئۆزىنى ئۇنتۇش بىلەن ئۆزىنى سۆيۈش ئارا چېقىلىش يۈز بېرىپ، باش قەھرىمان بۇ چېقىلىشتا تراگېدىك بوشلۇققا ئايلىنىدۇ. سوپۇرگە روماندا باشتىن-ئاخىر، ئالدى بىلەن ناھايىتى سەزگۈر بىر ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. «كۆپنى كۆرگەن سوپۇرگە. . . مۇھىمراق نەرسىلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قاراقچىلارنىڭ قولىغا چىقمىدىغان يەردە قويمايدۇ». قەلەندەرلەرنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىمۇ قەلەندەر قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ ۋە ئارقىدىنلا ئۆزىنى تېخى قەلەندەرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاقساقىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، «بىز تەرەپتە ئىشىكى يوق قەلەندەر ھېسابلانمايدۇ» دەپ لاپ ئۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىدىن ئەيمىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مەھبۇسلار ھەيدەپ كېتىۋاتقان «تام تېشەر»نى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنى «ئۆز قېرىندىشىم» دەپ ئاتايدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈش خوماري بار تەلۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «بىر شىلتىسا نەچچەگەز ئۆزىرايدىغان، يەنە بىر شىلتىغاندا قىسقىراپ غىلاپقا چۈشۈدىغان قىلىچ» ھەققىدە «خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ ۋە ئاشۇ قىلىچتىن ئالغاچ كېلىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ «ۋەھىمىلىك ماكان» دىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ، قاراڭغۇ كېچىدە يىراقلارغا كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇلارنىڭ قايسى يۇرتنىڭ كارۋىنى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ قاياققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. بايلىققا يولۇققاندا ئىنساب ۋە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا تۇپراققا كۆمۈلۈپ قالاي دېگەن تۇمارنى ئىشەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەممىدىن بالدۇر بايقىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئېلىۋالىدۇ. كېيىن ئەنە شۇ تۇمارنى دەستەك قىلىپ شاھ بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشقا ۋە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بىغەملەر شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىدا سىياسىي سەزگۈرلۈكنىڭ كەملىكىنى ھەممىدىن بالدۇر ھېس قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ياناتاق ئاقساقالنى كۆپ قېتىم ئەسكەرتىدۇ. بىغەملەر شەھىرىگە كېچىدە كەلگەن دۈشمەنلەرنىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن تۇيۇپ قالىدۇ ۋە قانلىق قىرغىنغا دۇچ كەلگىننى تۇيماي بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بىغەملەرنى بىرىنچى بولۇپ ئويغىتىدۇ. بىغەملەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شاھ ئوردىسىغا كىرگىچىمۇ ئاجايىپ ساھىب تەدبىرلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى تولۇق ئەقلىي باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، سىياسىي سەزگۈرلۈك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. سۇپۇرگە زىيادە سەزگۈر بولغاچقا، ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ ۋە ئەركىن پىكىر قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا بىخەستەلىك قىلىپ، ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قېلىشىنىمۇ خالىمايدۇ. تارىخقىمۇ ئىشەنمەيدۇ ۋە «تارىخنىڭ يېزىلغان قىسىملىرىدىن يېزىلمىغان ياكى يېزىپ ئۆچۈرۈلگەن قىسىملىرى چىنراق بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. تراگېدىك سەزگۈرلۈكتە تۇرۇپ دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىينىڭ مۇتلەق ئۆزگىرىشچان ھالەت ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگە بىرەر مۇقىم ماھىيەتنى يوقىتىۋالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھالدا: «ھەر قانداق پادىشاھنىڭ تەختى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ۋولقاننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. . . .» دېيەلەيدۇ. تەقدىرنىڭ «مىڭلاپ قوشۇن قوغداشقا تېگىشلىك بىر شاھزادىنى ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بىر ئاجىزەنىڭ قوينىغا تاشلاپ» قويغانلىقىدىن ئەجەبلەنمەيدۇ. ھاياتنى سەپەرگە ئوخشاش ئۆزگىرىشچان ۋە تاسادىپىيلىقلارغا تولغان دەپ قارايدۇ. «ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار» نىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشى ئىچىدە «ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتەلەيدىغانلىقى» غا ئىشىنىدۇ ۋە ئىشەككە: «نېمىشكە سەن مەڭگۈ ئىشەك پېتىڭچە قالىسەن؟» دەپ سوئال قويىدۇ. دۇنيانىڭ قانداقتۇر بىر خىل تراگېدىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى كۈچ مەركىزى قىلغان ھالدا داۋالغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە «قان تۆكۈلگەنىكەن ئۇنىڭ قىساسى بولىدۇ. زورايغانلارنىڭ ئاجىزلىمايدىغىنى يوق، سەلتەنەت ھېچكىم ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئەمەس. . . .» دەپ خىتاب قىلالايدۇ. ھاياتنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى ئىچىدىلا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە: «ئالەمدىكى ئىشلار ئېقىن سۇدەك بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ۋەقەنىڭ داۋامى ھامان ئىككىنچى بىر ۋەقەنىڭ بېشى بولۇپ چىقىدۇ» دەپ پىچىرلايدۇ. دۇنيانىڭ چەك ۋە چەكسىزلىك، ئايدىڭلىق ۋە سىرلىقلىق ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىك تىتىلىشتا توختاۋسىز يىمىرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھالدا: «كۆرگەنلىرىمىزدىن كۆرمىگەنلىرىمىز، بىلگەنلىرىمىزدىن بىلمىگەنلىرىمىز تولا» دەپ خىتاب قىلىدۇ. شۇنداقلا بىلمەسلىك ئازابىغا پاتقان ھالدا: «چۆلنىڭ چېكى بولمايدۇ» دەپ غودۇڭشىيدۇ. ئۆز نەزەرىدە دۇنيانىڭ تىمسالىغا ئايلانغان چۆلنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭدا ھەر قانداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. سۇپۇرگە ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئېڭى تولۇق ئويغانغان بىر ئىنسان سۈپىتىدە رومانىنىڭ بېشىدىلا تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن قۇياش شەھىرىگە لەنەت ياغدۇرسا، ئوتتۇرىدا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىككە گۆر قېزىۋاتقان قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنى ئۆلتۈرۈپ توختايدۇ.

سۇپۇرگىنىڭ خاراكتېرى تىپىك تەبىئەتتىن ئەندىز ئالغان خاراكتېر. ئۇ، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارا باراۋەرلىكنىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئارا باراۋەرلىكنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. سۇپۇرگىنىڭ ئىشىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش تۇيغۇسىنىڭ ئىنچام كارتىنىسىدۇر. رومانىنىڭ بېشىدىلا قورۇقچىلار ئىشەكنىڭ بېقىنىغا قاتتىق ئۆتۈكى بىلەن بىر نەچچىنى تېپىۋەتكەندە، «ئىشەك سۇپۇرگىگە قۇياش شاھىدىنمۇ قىممەتلىكرەك» بولغاچقا، «ئىشەككە تەگكەن تاياق خۇددى ئۆزىگە تەگكەندەك بولۇپ دۈمبىلىرى قىمىلداپ كېتىدۇ» ۋە ئىشەكنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەشكىمۇ رازى بولىدۇ. ئىشەكى بىلەن سۇپۇرگە ئوتتۇرىسىدا «ئالاھىدە بىر دوستلۇق مەۋجۇد». «سۇپۇرگە بەزىدە ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە، موھتاجلىققا چۈشۈپ قېلىپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ سادىق ئىشىكىنى سېتىۋېتىشكىمۇ مەجبۇر» بولىدۇ. «بۇ ئاجايىپ مەخلۇقتىن بىر سائەت بولسىمۇ ئايرىلىش ئۆزىگە قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئىشىكىنى جاھاندىكى بارلىق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ باھا» تالىشىدۇ. «. . بىر-ئىككى كۈن ئۆتمەيلا تۇن يېرىمىدا ياكى تاڭ سەھەردە» (ئۇنىڭ باشقىلارغا سېتىۋېتىلگەن) «ئىشىكى ئىشىك ئالدىدا» پەيدا بولىدۇ. «چۈنكى ھېچكىم بۇ ئىشەكنى سۇپۇرگىدەك قەدىرلەشنى بىلمەيتتى . . . سۇپۇرگە ئۈچۈن بولسا، بۇ ئىشەك سادىق ھەمراھ، ئىشەنچلىك دوست ئىدى. . . .» سۇپۇرگە گەرچە ئىشەكنى دوستى قاتارىدا كۆرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت يادىدىن چىقارمايدۇ. «سۇپۇرگە ئېغىر يۈك ئارتقاندا سۆزسىز ئۆزى پىيادە» ماڭىدۇ. «ئىشەكنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭغا كۆمۈلۈپ مېڭىشنى ئۇ ئۆزىگە ھاقارەت» دەپ بىلىدۇ. بىغەملەر شەھىرىدە قىرغىنچىلىق بولغان كېچىسى ئۇ تۇنجى قېتىم ئىشىكىدىن رەنجىپ قالىدۇ. «شەھەردە قىرغىنچىلىق بولىۋاتسىمۇ، سەن ئەقىلسىز تېزەك پۇراپ، ئېغىلمۇ ئېغىل تۇغقانلىرىڭنى يوقلاپ يۈرۈ. بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئىشىكى بولغاندىكىن ھېچ بولمىغاندا بىر-

ئىككى دۈشمەننى بولسىمۇ چىشلەپ يىقىتىشى كېرەكتى-دە! ... توختا، سەن قاياققا قاراپ كېتىۋاتىسەن؟ ... ئۆزۈڭ شاپاق يېگەن يەرنى ئەجەب ئۇنتۇمايدىكەنسەن-ھە! ... بېشىڭنى مانا بۇ تەرەپكە -قۇياشتىن ئۇلۇغ دەپ ئاتىلىدىغان ھىلىقى قانخور شاھنىڭ پايتەختىگە قاراپ بۇر! ... يانتاق ئاقساقالنى ئىزدەيمىز. ۋەيران بولغان يۇرتىمىزنى قايتا دەس تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەلنىڭ ياراملىق بىر بېشى بولۇشى كېرەكتە! ... ئەلگە باش بولماق ھەققەتەن تەس ئوخشايدۇ. بىز بىر بوۋاقنى شاھلىققا كۆرسىتىۋىدۇق، دۈشمەنلەر ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ، يۈزلىگەن نارەسىدىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ پەلەك قانداقسىگە چۆرگىلىگىلى تۇردى- ھە؟! ئەجەب بىز ئۆزىمىزگە پادىشاھ كۆرسەتسەك بولمىغۇدەكمۇ؟ ...»

مانا بۇ بايانلاردا سۈپۈرگە نوقۇل تراگېدىيىنى بايقىغۇچى ۋە ئۇنىڭدا ياشىيالىغۇچى سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالماي، بەلكى تراگېدىك ئىنسانغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى يەنە ئەقىلگە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن دانىشمەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن بۇ دانىشمەنلىك ئىپتىدائىي باسقۇچتىلا خۇيمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر رەۋىشتە توختىتىپ قويۇلغان. ئىنسان تەبىئەتتىن ئەنداز ئالغان ھالەتتە ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ تەبىئىي رەۋىشتە ناگاندا بىر يۈز بېرىپ قالىدىغان تراگېدىيىنى ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى چەكلىك ئاشكارىلانما ھالىتىدىن ئەسلىدىكى چەكسىز يوشۇرۇن ھالىتىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ. بۇنى «تراگېدىيىنىڭ سوزۇلۇشى» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. «تراگېدىيىنىڭ سوزۇلۇشى» ئىنساننىڭ تەبىئەتنى ئىنسانىي تەبىئەتكە ئايلاندۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان، يۈكسەك ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ۋە نازۇك بىر جەريان. ئەسلىدە ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ باشتىن -ئاخىر ئۆلۈم ۋە ھايات بىر-بىرىگە توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ تۇرغان تراگېدىك تىنىق ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. كۆرۈنۈشتە يۈز بەرگەن بىر لەھزىلىك تراگېدىك چېقىلىش پەقەت پايانى يوق تراگېدىيىنىڭ سەگەكلىكىمىزگە قايتىپ قالغان قىسقىغىنا بىر لەھزىنى تاللاپ ئاسادىپىلىق شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. پايانى يوق تراگېدىيە پايانى يوق سەزگۈرلۈكنى، يەنى يۈكسەك ئەقىلنى تەلەپ قىلىدۇ. سۈپۈرگىنى ئەنە شۇنداق بىر جەريانغا قويۇپ كۆزەتكىنىمىزدە، ھەتتا رومانىدىكى بىردىنبىر باش تراگېدىك پېرسوناژ ھېسابلانغان سۈپۈرگىنىڭ ئوبرازىمۇ خىرەلىشىپ قالىدۇ ۋە بىز كۈتكەن جاۋابنى بېرەلمەيدۇ. سۈپۈرگە خاراكتېرىدىكى بۇ خىل چەكلىمىلىكنى بايقىغان چېغىمىزدا نېمىشقىدۇ ئاپتورنىڭ تراگېدىك دۇنياسىنىڭ تېخى بىخ ھالەتتە تورۇۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ تازا ۋايىغا يېتىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. مەسىلەن، بىغەملەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «غەلىتە سايلام» دا، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي روھىي ھالەت سۈپىتىدە. باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئۆزىنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت قارغىشتەگكۈر، چۈشكۈن روھىي ھالەتكە چۈشۈپ قالغان سۈپۈرگە بىغەملەر شەھىرىگە پادىشاھ بولۇشتىن باش تارتىدۇ. گەرچە بۇخىل باش تارتىش سۈپۈرگىنىڭ رومانىدا ئوتتۇرىغا چىققان خاراكتېر ئىزچىللىقىغا ماس كەلسىمۇ، لېكىن رومانىنىڭ ئۆزىدە تەبىئىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە كۆمۈلۈپ ياتقان، بىغەملەرگە چىقىش يولى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن خېلىلا يىراقتا قالىدۇ. بىز بىغەملەرنىڭ ھەممىسى سۈپۈرگىدەك بولغان بولسا، بىغەملەر شەھىرىنى قوم باسالمايتتى دېيەلەيمىزمۇ؟ ياق، دېيەلمەيمىز. سۈپۈرگە ئەلنىڭ بىر بېشى بولۇشى كېرەكلىكىنى توغرا قىياس قىلىدۇ. لېكىن بۇ باش زادى قانداق باش؟ نېمىشقا رومانىدا ھەتتا سۈپۈرگىنىڭ ئۆزىمۇ باش بولۇش تەلپىدىن يىراقتا قالدۇرۇلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئەلگە باش بولغىدەك ئەقىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ؟ رومانىدىن نېمىشقا بىغەملەرگە چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدۇ؟ رومان ئۆزىگە يوشۇرۇپ كەلگەن تەبىئىي زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىمىز ھەرگىز ئارتۇقچە ئەمەس. ئاپتورنىڭ رومانىنى يېزىش جەريانىدا خۇددى دار ئۈستىدە تەڭشەك خادىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن دارۋازدەك دەلدۈگۈنۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئوقۇرمەنلەرنى باشتا تراگېدىك كەيپىياتقا چۆمۈلدۈرۈپ قويۇپ، ئاخىرىدا يەنە تۇيۇق يولدا قالدۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا مىلىگەن پېتى تاشلىۋەتكەن ئاپتورنى ۋىجدانەن ئەيىبلەشكە تىلىمىز بارمىسىمۇ، لېكىن يېقىن ئادىمىمىزنى ئەيىبلىگەن چاغدا پەيدا بولىدىغان تەڭقىسلىقتا قېلىشتەك بىر خىل ئازابلىق روھىي كەيپىيات ئىچىدە، ئۆزى كۆتۈرۈپ چىققان تېمىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمىغانلىقى بىلەن ئەسكەرتىشكە مەجبۇر بولماي تۇرالمايمىز. سۈپۈرگە بۇگۈن تاپقىنىنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمىغىدەك دەرىجىدە قارام. بۇ خىل قاراملىق ئاخىر ئۇنى شاھ ئوردىسىغا باشلاپ كىرىد ۋە ئۇنى ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىتىپ تراگېدىك باش قەھرىمانغا ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىكى قاراملىق يەنىلا ساددا ۋە يەككە قاراملىق. ئۇنىڭدا بىغەملەر دۇچ كەلگەن پاجىئەنىڭ تولۇق ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك ئەقىل يوق. بىغەملەر دۇچ كەلگەن خىرىس بىر پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەنلا يوققا چىقمايدۇ. بىغەملەر دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ئۇنتۇغاقلىق، بىغەملىك، ئەقىلسىزلىق، بېپەرۋالىق، بېكىنمىچىلىك قاتارلىق ئەجەللىك ئىللەتلەردىن ئىبارەت. سۈپۈرگىنىڭ قەھرىمانلىقىمۇ پادىشاھقىلا قارشى تۇرالايدىغان چەكلىك قەھرىمانلىقلا ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ ئەجەللىك ئىللەتلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان قەھرىمانلىق بولۇشى كېرەك. ئاپتور بۇ مەسىلىدە ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە ھېسسىياتنى ئەقىلنىڭ گەجگىسىگە مىندۈرۈپ قويىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان دائىمىي ئاجىزلىقنى تەكرارلاپ قويىدۇ.

سۈپۈرگىدىن كېيىن رومانىدا خاراكتېر جەھەتتىن سۈپۈرگىگە تارتقان، سۈپۈرگە روھىنىڭ دەۋرلىنىشى ۋە راۋاجى بولغان چۆل ئوغلىمۇ ئەنە شۇنداق تراگېدىك مەركەزنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ.

«... چۆل يىگىت كەپە ئالدىغا باردى-دە، توختاپ قالدى. بۇ چۈشىمىدۇ، ئوڭىمىدۇ؟ ... كەپە ئىچىدە يۇمشاق قومنىڭ ئۈستىدە چاچلىرىنى ئەتراپىغا يېيىپ، ھېلىقى جاڭگالدا ئۇچراشقان، ئۆگزىدە ئۇنىڭغا تۇنجى سۆيۈشنى ھەدىيە قىلغان قىز ياتاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا قىپيالىڭاچ ئىدى. ... چۆل

www.uyghurkitap.com

يىگىت ئۇنچىقماي، بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز چۆكتى. ئۇنىڭ قوياش نۇرىدا مىستەك تاۋلانغان بەدەنلىرىنى سىلىدى. قىزمۇ يىگىتنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بىر-بىرلەپ سېلىپ تاشلىدى... ئۇلار ئۇنچىقماي مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كۆپكۆك ئاسمان، سارغۇچ قۇملۇق ۋە يېشىل ياپراق، ياخشىلىق، يامانلىق، بايلىق، گادايلىق ۋە شۇ قېيسىق كەپە... ھەممە نېمە غايىب بولۇپ، ئالەم ئۆزىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانام ئۇچراشقان چاغدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشىگە كۆچتى...»

يالىڭاچ قىز-مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەسلى ھالىتى ياكى تەبىئەتنىڭ پەردازلانمىغان قىياپىتى، شۇنداقلا ئۇ يەنە كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ يېڭىپ بولماس كۈچ-قۇدرىتىگە ۋە ئەبەدىيلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۆل يىگىت سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭدا ئۆزىنى يوقىتىدۇ ۋە «قۇم باسقان شەھەر» دىكى «ئەتراپىنى قۇم باسقانسېرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان» بوۋاقلار قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىدا قولىغا پالتا ئالغان چاغدا يېڭىباشتىن تىرىلىدۇ. ئۇنىڭ تىرىلىشى ئوقۇرمەنلەردە پەقەت خىرە ئۈمىدنىلا پەيدا قىلالايدۇ. مېنىڭچە، روماندىكى سيوژېت ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، چۆل يىگىت شىقچىرەك تىرىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ سوپۇرگە خاراكتېرىنىڭ ئەينەن دېگۈدەك كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى سوپۇرگە خاراكتېرىدىكى چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىپ چىققان، سوپۇرگىدىن كەم دېگەندە بىر پەللە راۋاجلانغان ئوقۇرمەنلەرگە بىغەملەرنىڭ يارقىن كېلەچىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. چۆل يىگىت، خۇددى ئاپتور سوپۇرگىدەك ئادەملەر قايتا دۇنياغا كەلمىسە بىغەملەرنىڭ [illegible] خاتىمە بەرگىلى بولمايدىغاندەك بىر خىل زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىپ، چېكىنىپ تۇرۇپ ئەتەي توقۇپ چىققان ۋە رومانغا زورمۇ-زور چاپلاپ قويۇلغاندەك بولۇپ قالغان. ئەگەر ئۇنىڭ خاراكتېرى سوپۇرگىگە ئوپئوخشاش بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆزگىچىرەك تۈس ئالغان بولسا ۋە سوپۇرگە خاراكتېرى ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان بىغەملەر پاجىئەسى تەلەپ قىلغان جىددىي زۆرۈرىيەتنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئالغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقالىغان بولسا، بىزگە بۇنداق تۇيغۇ بەرمىگەن بولاتتى. سوپۇرگىنىڭ رومانىنىڭ ئاخىرىدا رەممال قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ خۇددى چۆل يىگىتكە ئۇنىڭ «كۈچلۈك يولباشچى بولۇشقا لايىق يىگىت» ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇش ئۈچۈنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغاندەكلا قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، «ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئايلىنىپ يۈرۈدىغانلىقىنى»، «نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنىمۇ» بىلمەي يۈرگەن بىر يىگىت قانداقمۇ كۈچلۈك يولباشچى بولۇشقا لايىق بولالىسۇن؟ گەرچە بۇ يەردە سوپۇرگە روھىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىش ئاقىلانە تاللىنىش بولسىمۇ، لېكىن سوپۇرگە بىلەن چۆل يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى دېئالوگلار بۇ خىل تاللىنىشنىڭ ئاقىلانە بولغانلىقىنى يوققا چىقىرىپ تاشلىغان. شۇڭا بۇ تەپسىلاتلار روماندىكى ئەركىن ئۇلانما تەسەۋۋۇر دولقۇنىغا تەبىئىي كىرىشىپ كېتەلمەي، سۇنئىي تۈس ئېلىپ قالغان ۋە كىيىمگە رەڭ جەھەتتىن ئوخشىماي قالغان ياماقتەك خۇيمۇ ياراشماي قالغان. ئاپتور بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئانچىكىم بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى روماندىكى ئاساسلىق تېندېنسىيىگە ھاقارەت كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە سۇنئىي توقۇلما پەيدا قىلىپ «پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغاندەك» بىر خىل سەۋەنلىك سادىر قىلغان. ئاپتورنىڭ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم «دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقى» نى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

روماندىكى پېرسوناژلار سوپۇرگە ۋە چۆل ئوغلىنى بەلگە قىلغان تراگېدىك رېتىمغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قايىنمىدا تىنىمسىز پىرقىرايدۇ. بۇ تراگېدىك رېتىمنىڭ كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقىدىن قوياش شاھى ۋە قوياشتىن ئۇلۇغ ئورۇن ئالىدۇ. خۇددى روماندا سوپۇرگە «شاھلاردىن شاپائەت كۈتۈش ئەخمەقنىڭ ئىشى» دېگەندەك، بىزمۇ ئۇلاردىن تراگېدىك رېتىمغا يېقىنلىششنى تەلەپ قىلالمايمىز. ئۇلار زورلۇق كۈچنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىنساندىكى تراگېدىك ماھىيەتنى بوغۇزلاپ تاشلايدىغان جاللاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە - تراگېدىك رېتىمنىڭ يەنە بىر كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقىدا سوپۇرگە ھامىلىقىغا ئالغان قاچقۇن شاھزادە، بىغەملەر سايلىغان بوۋاق پادىشاھ ۋە باشقا بوۋاقلار تۇرىدۇ. ئۇلار تەبىئەتتەك پاك، بىراق ئەقىلدىن مەھرۇملۇقى تۈپەيلى تراگېدىك ھالەتتە پەيدا بولىدۇ ۋە جاللاتلار قوزغىغان قانلىق قىرغىنغا دۇچ كېلىدۇ. روماندا «تام تېشەر» زورلۇق كۈچكە قارشى ئوغرىلىق شەكلىدە ئاقىلانە ئىسيان كۆتۈرۈپ، توختى ئاشىق ئەقلىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئىشقىنى يوقاتمىغان ھالدا ئۆلۈمنى سېغىنىپ، سوپۇرگىنىڭ ئېشىكى ئەقىلدىن مەھرۇم بولسىمۇ، ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولمىغان ھالدا «ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدىغان شەھەر» دە قاراملىق بىلەن «بولىشىغا ھاڭراپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ»، ئىنىكئانا قاچقۇن شاھزادىگە «يىغلاپ تۇرۇپ ئەمچەك سېلىپ» ۋە سوپۇرگىگە: «سېنىڭ دىنىڭدا ئۆيلىنىشكە بولمامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سەن ئۇنداق يارىماس دىنىڭدىن چىقىپ كەت!» دەپ خىتاب قىلىپ، بىغەملەر «قىلىچ ئاسقان تىلەمچىلەر» نى مەسخىرە قىلىپ ۋە قوياش شاھىنىڭ باسقۇنچى لەشكەرلىرى بىلەن «قىزىقچىلىقتا بىر ئۇرۇشۇپ باققۇسى» كېلىپ، شالاڭ ساقال: «بىز نېمىنى دەستەك قىلىپ تېنچ ياتقان خەلقنىڭ ئۈستىگە قىلىچىمىزنى يالىڭاچلاپ بارىمىز؟» دەپ خىتاب قىلىپ، مەدداھ: «بەدنىيەتلەرگە ئىشىك ئاچما» دەپ ھېكايە سۆزلەپ، بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ھاكىمغا: «باج-سېلىق لازىم بولسا، ئۆزۈڭ چىقىپ يىغىۋال» دەپ دوق قىلىپ، بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئاياللىرى «ئاياللارنىڭ ئاۋازى چىققان ئۆيلەرگە ئالدىراپ كەتكىنىدىن ئىشتىنىنىڭ بېغىنى بوشىتىۋېتىپلا كىرىپ كېلىشكەن» لەشكەرلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىغەملەر شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى: «بىزنى نېمىدەپ باشقىلار ئەۋەتكەن ھاكىم باشقۇرغىدەك» دەپ «غەلىتە سايلام» غا كىرىشىپ، بىغەملەر شەھىرىدىكى يىگىتلەر «ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، قېپقىزىل قان ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ»، قەلەندەرلەر شاھى مىس پۇتۇكچىنى سوپۇرگىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن سۇنۇۋېتىپ، ياتتاق ئاقساقال «قاغىلىق باغ» دا: «ئاجايىپ شەھىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا

سىپىل سوقۇشنى، ئادەملىرىمىزگە قورال-ياراق تۇتقۇزۇشنى ئويلاشمىغانكەنمىز. . . » دەپ پۇشايمان قىلىپ، ئوتتۇنچى بوۋاي كىچىك سەپەرنى «خۇدا بەرگەن ھەمراھ» بىلىپ قۇتقۇزىۋېلىپ، ئايىم سىرىۋاتقان تەسۋىدىن پات-پات ئىزىپ كېتىپ ۋە «يىگىتنىڭ قولى بەدىنىگە تېگىشى بىلەنلا ئۆزىدىكى بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى يوقىتىپ»، خىيالپەرەس ئايجامال «ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ» كۆڭلەرنىڭ بىرىدە «ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىدىغان» غايىۋانە يىگىتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن «كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ»، توختى قىزىق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى جوۋازغا قىتىپ جازالاپ، زەرگەر نۇرىدىن ھاجى تىللانىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالغانلاردىن بىزار بولۇپ ئاغرىپ يېتىپ، ئۆمەر بىلەن بارات يالىڭاچلىنىپ قالغاندا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ ۋە بىغەملەر شەھىرىگە سوغا چۆمۈلگىلى ئاتلىنىپ تراگېدىك رېتىمغا يېقىنلىشىدۇ. روماندا يەنە قەلەندەرلەر شاھى ئۆزىنىڭ قەلەندەر ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، توختى ئاشىق ئەقلىدىن ئېزىپ، قان ئىچكۈر تەلۋە ئادەملەرنىڭ جان تالاشقانلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئىنىكئانا «كېلىپ-كېتىدىغان ئۆتكۈنچى تەشنالىقىنى» قاندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن «ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تۆكۈشنى خالىماۋاتقان» سۆپۈرگىنىڭ قوينىغا «ئۆمىلەپ دېگۈدەك كىرىپ كېلىپ»، قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار قاچقۇن شاھزادىنى قىرغىن قىلىپ، ئەزەلدىن پادىشاھقا ھاجىتى چۈشۈپ باقمىغان بىغەملەر «مەسچىتلەردە قۇرئاندىكى ھەققەتلەر ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ بىر-بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشىپ»، بىغەملەر شەھىرىنىڭ سودىگەرلىرى ۋە مۆتىۋەرلەر «قۇياش شاھى شەھىرىمىزنى ئۆزىنىڭ شەھىرىگە قوشۇپ تىزىملىسا تىزىملىۋالمىدۇ» دەپ بىپەرۋالىق قىلىپ، بىغەملەر شەھىرىدىكى سايلىغۇچىلار بۈگۈن سايلىغان پادىشاھنى ئەتىسىلا ئۇنتۇپ قېلىپ، شالاڭ ساقال ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان ھالدا بىغەملەر شەھىرىگە لەشكەر باشلاپ كېلىپ، قۇياش شەھىرىدىكى ئۆلىمالار ئوردىدىكى كېڭەشتە «ئۇشۇقچە ئەقلىنىڭ كېرىكى يوق» پۇقرالارنى مەڭگۈ گۆدەك ھالەتتە قالدۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «ئالتۇن دېگەن سېرىق نىجىس ئۆز يالتىراشلىرى بىلەن. . . ئەقلىنى بۇلغاپ، ۋىجدانىنى خىرەلەشتۈرگەن» بارات بىلەن ئۆمەر «قىلماقچى بولغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىنى ئالدايدىغان» پەتىۋالارنى توقۇپ ئىنىسىنى چۆلدە تاشلاپ كېتىپ ۋە بايلىق ۋەسۋەسىسىدە ئېسىنى يوقىتىپ، ئايىم ئېرىنى ئالداپ، «بۇلاڭچىلاردىن قورقۇپ ئەسكى كېيىملەرگە ئورىنىۋالغان ھارامزەدىلەرنى كۆپ كۆرگەن» دىۋانە ئەسلىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان باراتتىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەلەپ قىلىپ، ئاقساق سودىگەر خىيالپەرەس ئايجامالنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، ئايجامال ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنغا كۆلۈپ تۇرۇپ قۇچاق ئېچىپ، «قاغدالما دەللە باراتقا سالجىدەك يېپىشىپ»، يوتقان ئىچىدە «ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان غەلىتە قىلىقلىرى»، «نازلىنىپ غەلىتە ئىڭراشلىرى» بىلەن باراتنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، «بىر ئاخۇنۇم» قېرى دەللىدىن ئۈن تىللا ئېلىپ: «تۇل خوتۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ كىيىمىنى ساپقان ئەر كىشى بىلەن زىنا قىلسا ھالال بولىدۇ» دەپ پەتىۋا بېرىپ، بىغەملەر شەھىرىنىڭ قالدۇق پۇقرالىرى ئادەملىك تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ جىن-ئالۋاستى ۋە ئىزىتقۇلارغا ئايلىنىپ، ئېشىكنى چوقۇر خوتۇنغا تارتقۇزۇپ قويغان ھېكايىچىنىڭ پاجىئەسىدەك ئەرلەر ئاياللىشىپ ۋە ئاياللار ئەرلىشىپ، باخشى جىنلار بىلەن ھەپىلىشىۋېرىپ ئېشەككە ئايلىنىپ، كېچىچە جوۋاز چۆرۈپ ھالى قالمىغان ئىمام دۇنيانىڭ سىرلىقلىقىغا ئىشەنمەسلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىپ «بىكار تۇرماي پىرقىرايدىغان» بولۇپ قېلىپ، ئىنساني مۇھەببەتتىن ئايرىلغان «سودىگەر سۈپەت ئادەم» ئەرسىراپ ئۆلەي دېگەن چىرايلىق خوتۇننى «ئالدى-قويدى» بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، «بىغەملەر شەھىرىدە ئاخىرقى جەڭ بولغان كېچىسى بۇلۇڭ-پۇچقاقتا قېپقالغانلار» «ئەتراپىدا قايىنامدەك پىرقىراۋاتقان رەھىمسىز قوم ئېقىمىغا پەرۋا قىلماي، نە قۇياش، نە يۇلتۇز، نە ئاي، نە ئۆزلىرىنىڭ ھايات-ماماتلىقى. . . ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان ھالەتتە بورىنىڭ ھۇۋلىشى، كېچىدە چىققان بوراننىڭ گۈركىرىشى، ئانىنىڭ پەريادى، نارەسىدىلەرنىڭ يىغىسى، نائىلاجلارنىڭ نالىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۈينىڭ لەرزىدە ئەسەبىيلەرچە سەكرىشىپ، باشلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىشىپ» تراگېدىك رېتىمدىن يىراقلىشىدۇ.

يۇقىرىقى باياتلىرىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرغا ئىگە. ئۇلار ھېلى تراگېدىك رېتىمغا يېقىنلاپ كەلسە، ھېلى يەنە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەت تراگېدىك ماھىيەتنى مەركىزي لىنىيە قىلغان ھالدىكى پەلسەپىۋى تۈيۈنۈشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىلەن مەتىمىن ھوشۇر، ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى قۇتۇپقىلا بۆلۈۋېتىلگەن ھالدا ياغاچچىنىڭ قىرىندىسىدەك ياپىلاقلىشىپ قالغان جانسىز پېرسوناژلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۇيغۇر پروزىسىنى قېنى بار، ئۇستىخىنى بار، رېئاللىقتىكى ئادەملەرگە خېيمۇ ئوخشايدىغان بىر تۈركۈم يۇمىلاق پېرسوناژلار بىلەن تارتۇقلىدى. پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىزگە ئۆزىگە خاس رەڭدار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇنتۇلماس تەسىرات بېرەلەيدۇ.

ئىلاھىي كارامەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئادەملەرنىڭ چىراي، ئوي - پىكىر، خاراكتېر ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا بولسا كېرەك. ئىنسانىيەت رەڭدار ئادەملىكتىن تۈزۈلگەن كۈيلەرنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ۋە يارقىن گارمونىيىسى، دۇنيا - رەڭدار ئادەملىككە چېچىۋېتىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ گارمونىيىلىك پۈتۈنلۈكىدە بىرلىككە كەلگەن ھالدا تېنىمسىز ئۆرەنلەپ تۇرغان بەھەيۋەت دۇنيا. رەڭدارلىق بىلەن پۈتۈنلۈك ئوتتۇرىسىدا توختاۋسىز تىتما - تالاڭ بولۇۋاتقان تىنجىماس يۈرەك-دەل گارمونىيىدۇر. گارمونىيە - ئالەمشۇمۇل تراگېدىيىنىڭ گۈلدۈرمىسى. دۇنيا - گارمونىيىلىك رەڭدارلىقنىڭ گۈلگۈن دالاسى. ئۈچۈر ۋە سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلى بارغانسېرى «كىچىكلەپ» قېلىۋاتقان بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ چوڭ بوھران ئادەملەرنىڭ مېخانىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقى بولسا كېرەك. شۇڭا، ھازىر ئادەملەرنى بىر خىل مۇقامدا سۆزلەشكە، بىر خىل سەنەمگە دەسسەشكە زورلاشتىنمۇ ئۆتە بىمەنىلىك ۋە جىنايى

مۇتەئەسسىپلىك بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇر پەلسەپىسىمۇ تىپىك تەبىئەتنى ئەنداز قىلغان پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇ، ئوت، هاۋا ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تەبىئەتنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاناتادۇنىڭ باراۋەر هالەتتىكى گارمۇنىيىلىك تەڭكەشلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان تۆت پۇتلۇق پەلسەپە. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە يۇقىرىقى تۆت ئاناتادۇ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭداش مۇناسىۋەت ئاساسىدا ئەلمىساقتىن بىرى تەندىن روهقىچە، ئەقىلدىن هېسسىياتقىچە، ئىجتىمائىي ئومۇملۇقتىن تاكى يەككە شەخسلەرنىڭ رەڭدار خاسلىقلىرىغىچە هەممە نەرسىگە تەڭداشلىق ۋە باراۋەرلىك ئۆلچىمى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ خۇداسى «تەڭرى» يەنى «باراۋەرلەشتۇرگۇچى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلار تارىختا هېسسىياتقا قانچە ئەهمىيەت بەرگەن بولسا، ئوخشاشلا ئەقىل-پاراسەتكىمۇ شۇنچە ئەهمىيەت بېرىپ كەلگەن. جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردا هەتتا ئەقلىيلىك خاهىشى تارىخنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە، مىللىي ئويغىنىش شەكلىدە ئومۇميۈزلۈك باش كۆتۈرۈپ چىققانمۇ بولدى. ئۇيغۇرلار ئەقىل-پاراسەتنى بەخت-سائادەت ۋە دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ چۈشەندى. ئۇيغۇرلار ئەقىل پاراسەتتە سىياسىي سەزگۈرلۈك باسقۇچىغا يېتىپ ارالىغانلىقى سەۋەبلىك دۆلەتنى چىن مەنىسى بىلەن بەخت-سائادەتنىڭ ئۇلى دەپ بىلدى ۋە بەخت-سائادەتنى دۆلەت دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرىمۇ ئەقىل بىلەن هېسسىيات، تەن بىلەن روھ، ئىجتىمائىي ئومۇملۇق بىلەن رەڭدار خاسلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭداش مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تراگېدىك تىنىق بىلەن يېمىرىلىپ تۇرغان بۇ خىل گارمونىيىلىك رېتىم هېلىهەم مەتتىمىن هوشۇردەك تراگېدىك تۇيغۇغا ئىگە ئەدىبلەر بىلەن بىزنى تارتۇقلاپ تۇرىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تىلى بىلەن دۇنياغا: «كۆكتىكى سانىسىز يۇلتۇزلار بىلەن زېمىندىكى هەر بىر تاش، سۇسىز قۇملۇقلار بىلەن ئۆركەشلەپ تۇرغان. دېڭىز ئەسلىدە بىر تۇغقاندۇر. . . .» دەپ تەكرار-تەكرار خىتاب قىلىۋاتىدۇ. تراگېدىك تىنىق بىلەن يېمىرىلىپ تۇرغان گارمۇنىيىلىك رېتىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي رېتىمى، ئاساسىي تەڭشىكى. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ئالمىشىشى ئۆكسۈپ بېكىنمىچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە گارمۇنىيە سۇسلاشتى، ئۇيغۇرلار ئەقىل-پاراسەتكە، هېكمەتلىك تەپەككۇرغا ئېتىبارسىز قاراش بىلەن چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا باشچىلاپ پاتتى.

توپان بالاسىغا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان نوهنىڭ كېمىسىنى يەنىلا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىدىن ئارتۇقى بىلەن تاپالايدۇ. هازىر ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز قايتا ئويلىنىشقا زىيادە تەقەززا بولۇپ تۇرماقتا. مەتتىمىن هوشۇر تىپىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىزگە تۇغۇپ بەرگەن بىباها تالانت. «قۇم باسقان شەهەر» رومانى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ چالىراق تۇغۇلۇپ قالغان بەدىئىي كارتىنىسى.

بىراق، مەتتىمىن هوشۇرمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە كېيىنكى دەۋرلەردە خەتەرلىك ئۆسمىدەك پەيدا بولغان ئەجەللىك ئاجىزلىقلاردىن تازا قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىدىن توپان بالاسىدا قالغان هازىرقى مەدەنىيىتىمىزگە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئېسىل ئەڭگۈشتەرلەرنى تولۇقراق سۈزۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. مېنىڭچە، مەتتىمىن هوشۇر جان ئالغۇر كېسەللىكلەرنى ئۆزىگە يوشۇرغان هازىرقى چۈشكۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزلۈكسىز خوشلاشقان ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت بىلەن تويۇنغان هالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىغا باشچىلاپ شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى يىگانە ئەۋزەللىكلەرنى يېتەرلىك بايقاپ ئۆلگۈرەلەيدىغان ماهىر غەۋۋاسقا ئايلىنىشى كېرەك. مېنىڭچە، مەتتىمىن هوشۇر بۇنداق ئېغىر تەلەپنى كۆتۈرەلەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تالانت «قۇم باسقان شەهەر» رومانى ئارقىلىق هەممىگە تۇزغا ئوخشاش تېتىيدىغان تالانت ئىكەنلىكى بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆلگۈرەلىدى. «قۇم باسقان شەهەر» هەقىقەتەن چېكىگە چىققان بىر چاقچاق. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى چېكىگە چىقالىغانلىقىدا — تراگېدىك تىنىقتا ئىگە بولالىغانلىقىدا. ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ يەنىلا چاقچاق بولۇپ قالغانلىقىدا — بىغەملەرگە ئاقىلانە يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلىكىدە. بىزگە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەدەبىيات كېرەك. ۋەهالەنكى، بۇنداق ئەدەبىيات بىزدە تېخى هامىلە سۈپىتىدە تولغاق ئۈستىدە تۇرىۋاتىدۇكى، تۇغۇلغىنى يوق. بىمەزگىل تۇغۇلۇپ قالغانلىرىنى بولسا، خۇددى غەلىتە تۇرەلمىدەك كۆزىمىزگە سىغدۇرالماي هاپىلا-شاپىلا بوغۇپ تاشلىدۇق. ئارقىدىن ئۇنىڭ قىساسىنى تارتىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي بەخىرامان ئۆتۈپ كېتىۋەردۇق. هەقىقەتەن بۇگۈنى سايلىغان پادىشاهنى ئەتىسى ئۆلتۈرۈپ قالىدىغان بىغەملەردەك ئىش قىلدۇق. مەتتىمىن هوشۇر تۇنجى داۋاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاشتى. بىر-بىرىدىن ئېگىز، تالاي داۋانلار تېخى ئۇنى ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. نېمىشقىدۇر توغۇرغىنى جىق سالغان خېمىردەك بالدۇر ۋە ئارتۇقچە بولدۇر ۋۇۋېتىلگەن، ئالدىراڭغۇ ئاشىق-مەشۇقلار تۇنجى ئۇچراشقاندا ئۆتكۈزگەن مۇناسىۋەتتەك تېزلا ئاخىرلىشىپ قالغان بۇ ئەسەر يەنىلا ماڭا مەتتىمىن هوشۇرنىڭ ئالدىدىكى داۋانلاردىنمۇ ئەزىمەتلەرگە خاس غالىب قەدەملەر بىلەن بىمالال ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا گۇۋاهلىق بەرگەندەك قىلىۋاتىدۇ. نەزەرىمدە، پىروزىمىزنىڭ كېيىنكى ئۈمىدىنى ئۈستىگە يۈكلىگەن بۇ ئەدىبنىڭ «دەلدۈگۈنۈپ كەتمەي» قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىسام، كۆيۈك ئاپتاپتا چاڭقاپ ياتقان، چۆلدە چاڭقاپ ئۆلەي دېگەن كارۋان تويۇقسىز بۇلاققا ئۇچراپ قالغاندەك ياپراپ كەتكەن بولاتتىم. ئاڭلىسام، ئىمانلىق ئادەمدىن بىرسىلا بولسا، يەر يۈزىدە قىيامەت قايىم بولمىغۇدەك. خۇدا ئۇيغۇرلارنى هەممىدىن ئايرىسىمۇ ئىمانى بار يازغۇچىسىدىن ئايرىمىسۇن! (M1)



# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ئىمىن تۇرسۇن

## 6-باب. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھايات

ئىقتىسادىي ھايات قايسى دەرىجىدە بولسا، مەدەنىيەتمۇ شۇ دەرىجىدە بولىدۇ. چۈنكى ئىقتىساد ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئۇستقۇرۇلما، جۈملىدىن مەدەنىيەت تايىنىدىغان ئاساس. ھەر دەۋرنىڭ، ھەتتا ھەر قەۋمنىڭ ئۆز شارائىتىغا يارىشا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولىدۇ. ئەنە شۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ دەۋر ياكى شۇ قەۋمنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى - ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ماددىي ئامىلى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى يەنى ئەمگەك قوراللىرى - ئادەملەرنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىدىغان ۋاسىتىلىرىدۇر؛ بەك قەدىمكى زاماندا تاش قوراللار، مىس قوراللار، ئاندىن كېيىن تۆمۈر قوراللار؛ مۇشۇنداق ئەمگەك قوراللىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلىتىش - ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكى، ئەمگەك قوراللىرىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى كونترول قىلىش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئاغۇش - قەبىلە تەشكىل قىلىنغان دەۋرد ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلىلا راۋاجلانغان ئارخېئولوگلارنىڭ ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىشىچە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئىشلىنىش سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن؛ بۇ، ماگدالىن مەدەنىيىتىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلانغان. ماگدالىن مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلىپى (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 10مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋر) گە توغرا كېلىدۇ. ئارخېئولوگلارنىڭ پىكىرلىرىچە، ئاۋۋال، ئادەملەر قېيىن ياغىچىنىڭ شاخلىرىنىڭ ئېگىلىپ قايتا تۈزلەنگىنىدە، ئىلىنىپ قالغان نەرسىنىڭ قاڭقىغىنىنى كۆرۈپ شاخنى ئېگىپ غولىغا چېگىپ، ئۇنىڭغا توقماق قىستۇرۇپ قاڭقىتقان. كېيىنچە، ھايۋان تېرىلىرىدىن كىرىچ تەييارلاپ، يا ياسىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنىمۇ كۆپەيتكەن. ئوقيانىڭ كەشپ قىلىنىشى ئەمگەك قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى چوڭ سەكرەشتۇر. ماگدالىن مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئىنتايىن مۇكەممەل قورال ھېسابلانغان قورال - ئوقيا كەشپ قىلىنغان. ئەمما ئالىملار شۇ كەمگىچە، ئوقيانى نەدە ۋە قاچان، كىملەرنىڭ كەشپ قىلغانلىقىنى تەھقىقلەپ چىقالمىدى. چۈنكى ئوقيا ياغاچتا ياسالغانلىقى ئۈچۈن، تاسادىپىي ئەھۋالدا ساقلىنىپ قالمىسا، مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلىشى تەس. پەقەت ساپال قاچىلارغا چۈشۈرۈلگەن بەلگىلەر ۋە يارداڭلارغا ئويۇلغان ئالامەتلەر ئىچىدە، ئوقيانىڭ شەكلىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن. فرىدرىخ ئېنگېلس ئوقيا، ساپال قاچىلاردىن خېلىلا بۇرۇن پەيدا بولغان، دەيدۇ. ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە، ئادەملەر ئوقيانى ساپال قاچىلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بىرقانچە مىڭ يىل ئىشلەتكەن. چۈنكى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە تېخى ساپال قاچىلار ئىشلەنمىگەنىدى.

مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

uyghurkitap.com

ئوقيانىڭ كەشپ قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئوقيا ئوۋچىلىق تېخنىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئادەملەرنى ياۋا هايۋانلارنى ئىلىكدەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى. ئادەملەر بىرىنچى قېتىم شاخ-شۇمبىنىڭ ئېلاستىكلىقى بىلەن ئادەمنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرگەن.

## 1. ئىقتىسادىي تۇرمۇش

قەدىمكى زاماندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئاساسەن مۇنۇ تۆت ساهەدىن ئىبارەت ئىدى: ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېهقانچىلىق، قول هۈنەرۋەنلىك. بۇ ساهەلەر بىرىدىن بىرى ئۆسۈپ چىقىپ، بەزى قەبىلىلەردە بىرى ئاساسىي تۇرمۇش ۋاستىسى بولسا، باشقىلىرى قوشۇمچە ئىگىلىك هېسابلانغان؛ بەزى قەبىلىلەر ناهايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئوۋچىلىق بىلەنلا هايات كەچۈرگەن. بۇنداق هايات ئۇلارنىڭ ياشىغان تەبىئىي شارائىتى بىلەن باغلىق بولغان؛ بەزى قەبىلىلەر يېقىنقى زامانلارغىچە هەتتا هازىرقى زامانغىچە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. دەرۋەقە ئىگىلىكتە قوللىنىدىغان هۈنەر - تېخنىكا ۋاستىلىرى پەرقلەنگەن.

### ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق ئورمان-جاڭگال جانۋارلىرىنى ئوۋلاش، سۇ جانۋارلىرىنى ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى»غا بۆلۈنگەن. قەدىمكى اماندا، ئاغۇش - قەبىلىلەر بىرەر دەريا بويى ياكى ۋە تاغ ئېتىكىگە ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاغ جاڭگاللىرى ۋە دەريا ئېرماقلىرى ئۇلارنىڭ ئوۋلاش مەيدانلىرى بولغان.

ئېتمولوگىيىلىك لۇغەتلەردە ئىزاهلىنىشىچە: ئوۋ ئەڭ دەسلەپتە «ئاب» دېيىلىپ، كېيىن «ئاۋ» دەپ ئۆزگەرگەن. «ئاۋ» - تور، تۇزاق؛ «ئاۋلاماق» - 1. ئوۋلىماق؛ 2. قورشىماق، ئولاشماق، ئايلانماق. مەسىلەن، «ئاۋ ئاۋلاماق» - ئوۋ ئوۋلىماق؛ «ئاڭا كىشى ئاۋلادى» - ئاڭا كىشى ئولاشتى.

بالدۇر هەرقانداق ياۋايى نەرسە «كىيىك» دېيىلگەن. «بۇ سۆز گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان كىيىك، ئىلىك، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق هايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ. كەيىك كىشى - ياۋا ئادەم، كەيىك سۇگەت - ياۋا سۇگەت. هەرقانداق بىقىپ ئۆستۈرۈلگەن نەرسىنىڭ ياۋىسى كەيىك دېيىلىدۇ.» («تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ جىلد). كېيىكنىڭ ئەركىكى «بۇغا»، چىشىسى «باغىش -مارال» دېيىلەتتى.

بەزى قەبىلىلەر «ئاۋ» نى «ئاڭ» دەيدۇ. ئەسلىدە «ئاڭ» پېيىگە چۈشمەك، ماراپ يۈرمەك دېگەن سۆز. مەسىلەن، «ئاۋچى كەيىكنى ئاڭدىدى - ئوۋچى كېيىكنىڭ پېيىگە چۈشتى، يەنى ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ماراپ يۈردى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد).

ئوقيانىڭ ئىشلىتىلىشى ئوۋنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئادەملەر بۇ دەۋردە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن تور - تۇزاقلارنى كەشپ قىلغان. ئوۋ هاسىلاتلىرى ئىستېمال هاجەتلىرىدىن ئېشىپ قېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئادەملەردە يېمەكلىكلەرنى ساقلاپ قويۇشنىڭ بىخلىرى شەكىللەنگەن. ئوۋچىلىق قوراللىرىنىڭ خىللىرى كۆپەيگەن: تاش - ياغاچلاردىن باشاق (ئوق باشىقى)، سۇڭگۇ (نەيزە)، پالتا، چاڭغاق، پىچاق، بېگىز-تۇمۇنە ۋە باشقىلارنى ياساپ ئىشلەتكەن؛ ئوۋ هايۋانلىرىنى پەم بىلەن تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاقنىڭ هەرخىل شەكىللىرى (چانقا، قىسماق، ئورەك) نى ئويلاپ تاپقان. دەريا - كۆللەردىن ئوۋلاش ئۈچۈن تور-چاڭغاق ۋە ئارغامچا (بېلىق تۇتىدىغان قارماق) دىن باشقا «ئىزدەك» نى كەشپ قىلغان. «ئىزدەك - بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل تور؛ چىۋىقلار سۇغا قاتار تىزىلىپ توسما ياسىلىدۇ، توسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېغىز قالدۇرۇلىدۇ، تور شۇ ئېغىزغا ئورنىتىلىدۇ، بېلىقلار تورغا كىرىشى بىلەنلا تور تارتىۋېلىنىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد). تۇتۇلغان بېلىقلار يېمەك ئېهتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئۇنى ساقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بېلىقلارنىڭ قارنىنى يېرىپلا، كېرىپ قۇرۇتۇپ، ئوۋچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

**ئىپتىدائىي قاتناش قوراللىرى** - قىش كۈنلىرى ئادەملەر قار ئۈستىدە يۈرۈش ئۈچۈن چاڭغا - چانا، سۇدا قاتناش ئۈچۈن قولۋاق - چاناق، ئۈچان (يەلكەنلىك كېمە)، تۇلۇق (پۇۋدەلگەن تۇلۇم) كەشپ قىلغان. ئوقيانىڭ ئوقلىرىنى هەرخىل ياسىغاندىن باشقا، قەرۋىيا (ئىككى ئۇچى ئەگمەچ يا)، سالغا-كۆۋلۈك (لاي ياكى تاش ساقا)، تۇپەك ۋە كارزۇ (لاي قۇمۇلاق)، قۇرۇغلۇق-ساداق (ئوقدان) لارنى ئويلاپ تاپقان.

مۇبادا، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى 2مىليون يىل هېسابلانسا، ئىنسانلار 1 مىليون 990 مىڭ يىلنى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق بالدۇر ئادەملەرنىڭ مۇهىم تىرىكچىلىك - ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغان-بولسا، ئىقتىسادىي - مەدەنىي تۇرمۇش يۈكسىلىپ، ئىگىلىكنىڭ باشقا ساهەلىرى تارماقلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاغۇش-ئەل ئىچىدە ئوۋچىلىقنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇش قىممىتى تۆۋەنلىگەن. بارا-بارا دىنىي ئوۋ، ئات قويىدى ئوۋى، كۆڭۈل ئېچىش ئوۋى، تاۋار ئوۋى كېلىپ چىققان ۋە ئوۋچىلار تۈدىسى شەكىللەنگەن.

**دىنىي ئوۋ.** هەربىر ئۇرۇغ-تارىغ ۋە ئاغۇشنىڭ ئونغۇنلىرى ئۈچۈن يىلنىڭ تۆت پەسلىدە سۇرگۈن ئوۋى قىلىنغان. ئەمما توتېم قىلىنغان جانۋارلارنى ئوۋلىمايتتى ۋە هۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆلتۈرمەيتتى، ئەتلىرىنى يېمەيتتى. ئادەتتە تۆت تەرەپنىڭ تەڭرىلىرىگە ياكى توتېملىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تەرەپلەرگە خاسلانغان هايۋانلارنى ئوۋلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاغۇش ۋە ئەل بويىچە كاتتا سورۇن تەييارلاپ، زىياپەتتە يېيىلەتتى. دەرۋەقە، دىنىي ئوۋنىڭ هاسىلاتلىرىنى زىياپەتتە يېيىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تويىن ياكى شامان باشچىلىقىدا تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەڭ چوڭ قۇربانلىق «كالا-قوتاز» بولغىنى ئۈچۈن، دىنىي ئوۋدا قوتاز ئوۋلىناتتى. قوتازنىڭ قۇيرۇقى توغ قىلىنىپ، سورۇندا خادىغا ئېسىپ قويۇلاتتى.

**ئات قويدى ئوۋى.** قەدىمكى زاماندا ئوۋچىلىق ئەرلەرنىڭ ئىشى بولغاچقا، ئوغۇللار 15ياشقا تولغاندا ئۇنىڭغا ئات قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئوۋ ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئوۋچىلارنىڭ باشلامچىسى ئېتى قويۇلىدىغان ئوغۇل بولۇپ، دەسلەپ قىلىپ ئوۋلىغان جانۋارنىڭ نامى ئۇنىڭغا يەر - سۇ تەڭرىسىنىڭ ئاتا قىلغان ئېتى بولۇپ قالاتتى. مۇنداق ئوۋدا كۈچلۈك يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئەركىكىنى ئوۋلاش نىشان

قىلىناتتى. باللارنى بەش يېشىدىن باشلاپلا كىچىك سالغا، توفەك، ئوقيا بىلەن كىچىك قۇشلار، چاشقان، توشقانلارنى ئوۋلاشقا سالاتتى. 15 ياشقا توشقىچە رەسمىي ئوۋچى بولۇپ يېتىلەتتى.

**سۈرگۈن ئوۋى.** ئوۋچىلىق مۇھىم ئىگىلىك ۋاستىسى بولۇش ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئوۋ- ئادەملەرنىڭ بولۇپمۇ بەگ- ئاقساقاللارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ قالغان. بەگ - خانلارنىڭ بۇنداق ئوۋلىرى «سىغىر» دەپ ئاتالغان. بۇ «خانلارنىڭ كۆپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل ئوۋى. بۇنىڭدا، خاننىڭ ئادەملىرى ئورمانلارغا ۋە تاغلارغا تارقىلىپ، ياۋا ھايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. خان ئالدىغا كەلگەن ھايۋانلارنى ھېچ ئاۋارە بولمايلا ئوۋلاۋېرىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد). «قاغان سۈسى ئاۋغا چىقدى، سىغىر ئىچىگە كىيىك كىردى - قاغاننىڭ قوشۇنى ئوۋغا چىقتى، سىغىر ئىچىگە ئوۋ ھايۋانلىرى كىردى» («ئىرق بىتىگ»).

**تاۋار ئوۋى.** گۆشلىرى ئىستېمال قىلىنمايدىغان گۆشخور ھايۋانلارنىڭ تېرە-موي لىرىنى بارا -بارا تاشلىۋەتمەي، ئادەملەر ئۆزلىرىگە كىيىم - كېچەك قىلىدىغان بولغان. ئاندىن، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرىنى ئەيلەپ - ئاشلاپ قوشنا قەۋملەرگە باشقا نەرسىلەر (ئاساسەن قورال-ياراغ، قاچا -قۇچا) بىلەن ئالماشتۇرىدىغان بولغان. بولۇپمۇ ئەرس (ئاق سۆسەر)، قۇندۇز، سەرسال (بۆلغۈننىڭ بىر خىلى)، ئەسرى (قاپلان)، توڭا، دولداي (سىرتلان)، قىزىل تۈلكە ۋە شۇنىڭدەك ئاز ئۇچرايدىغان موينلارنى تاۋار مال سۈپىتىدە ئوۋلاشمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىگە ئايلانغان.

**ئوۋچى قۇشلار.** ئادەملەر ئوۋچىلىق قوراللىرىنى پەيدىنپەي كەشپ قىلىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەندىن باشقا، يىرتقۇچ قۇشلارنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، ئوۋچىلىقتا ئۇلاردىنمۇ كەڭ پايدىلانغان. ئۇلار قارچىغا، لاچىن، بۈركۈت- قارا قۇش، چاغىر (قارچىغىنىڭ چوڭراق بىر خىلى)، شۇڭقار، تۇغرۇل (شۇڭقاردىن چوڭراق قۇش، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان قۇش) قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرى ئىدى. ئۇلار بۇ قۇشلارنى ئۆگىتىپ، ئۆردەك- ھاڭغىت، توشقان، تۈلكە، جەرەن، قاشقالداقلارنى ئوۋلىغان. بۇ قۇشلارنىڭ پەر-ماموقلىرىنى بۆكلىرىگە بېزەكلىك قىلغان.

## چارۋىچىلىق

ئوۋچىلار قولغا چۈشۈرگەن ئوۋنىڭ تاپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. بالدۇر ياۋا ھايۋان كۈچۈكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋەتكەن بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زورراق بولغان ئوۋچىلار تۇدىسى بارا-بارا ئۇلارنى قالدۇرۇپ بېقىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆيلىرىنىڭ يانلىرىغا «قاسى» (چىۋىقلاردىن توقۇلغان، مال سولايدىغان قاشا - قوتان)لارنى ياساشنى ئۆگەنگەن. مۇنداق بېقىلغان ياۋا ھايۋان كۈچۈكلىرىنى زاپاس يېمەكلىك قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ دەسلەپكى ئۆي ھايۋانلىرى بارلىققا كەلگەن.

چارۋىچىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئارخېئولوگىيە ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىشتا، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان سۆڭەكلەر بىردىنبىر يىپ ئۇچى قىلىنىدۇ. ئۇ دەۋردە ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئېنىق پەرقى يوق ئىدى. بىر قانچە مىڭ يىللىق جەريان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەرقى بىلىنگەن. زوئولوگىيە تەتقىقاتىدا ئىتنى تاشقى قىياپىتى جەھەتتە ئۆزگە جىنسداش كېلىدىغان ياۋا ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئۆي ھايۋىنى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەپسانىگە ئايلانغان «باراق» ئەڭ بالدۇر كۆندۈرۈلگەن ئىت دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ياۋا ھايۋانلارنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇنۇلار ئۆلچەم قىلىنغان:

1. ياۋا ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئىچىدە قېرى ھايۋانلارنىڭ بار، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يوق؛
2. ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرى بىلەن چىشىلىرىنىڭ سانى ئاساسەن ئوخشاش نىسبەتتە، ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدە چىشىلىرىنىڭ سانى كۆپ؛
3. ياۋا ھايۋانلار ھازىرقى ياۋا ھايۋانلارغا يېقىن، ئۆي ھايۋانلىرىمۇ ھازىرقى ئۆي ھايۋانلىرىغا يېقىن كېلىدۇ.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000_4000-يىللاردا چارۋىچىلىقنىڭ شەكىللىنىپ، مەخسۇس چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئايرىلىپ چىققانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قولدا بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرىنى «ئىگتۇ» دەپ ئاتىغان. «بەدۋىيلىك دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى شۇكى، ھايۋانلارنى ئۆگىتىش، كۆپەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېپىش»؛ «بەزى ئىلغار قەبىلىلەر - ئارىيانلار، سېمىتلەر شۇنىڭدەك تۇرانىيلارنىڭ ئاساسىي يېتەكچى تارماقلىرى دەسلەپتە چارۋا ماللارنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. .. چارۋىچى قەبىلىلەر قالغان بەدۋىيلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىققان. بۇ، ئەمگەكنىڭ بىرىنچى چوڭ ئىجتىمائىي تەقسىماتى ئىدى» (ف. ئېنگېلس).

ئەمگەك قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىپ، يۈكسىلىپ بېرىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھال، ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئاساسەن چارۋىچىلىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن «كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەندەك پەقەت ئوۋچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغان خەلقلەر. . . ھېچقاچان مەۋجۇد بولمىغان» (ف. ئېنگېلس).

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋال ئىت، قوي، توڭغۇزنى، ئاندىن قوتاز (كالا) ۋە ئاتنى قولغا ئۆگەتكەن. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان تېپىندىلەر (قىيا تاش رەسىملىرى ۋە قومغان - ساپال نەقىشلىرى) شۇنى ئىسپاتلىغان. ئەجدادلىرىمىز ئاتنى ئۆگىتىپ «ئىگدۇ» قىلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا سەكرەپ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتى كېلىپ چىققان. بالدۇر ھەممە ئۆي ھايۋانلىرىنى «يىلقا» ۋە ئاتنى «يۇند» دەپ ئاتىغان؛ كېيىنچىرەك قوي توپىنى «سۈرۈك» (قوتان)، كالا توپىنى «پادا»، يىلقا (ئات) توپىنى «ئۇيۇر»، سۇ ھايۋانلىرىنى «يوقاق» دەپ خاس ئىسىملار بىلەن ئاتىغان. چارۋا مال كۆپەيگەندىن كېيىن تەبىئىي ئوتلاقلاردىلا بېقىش ئىمكانىيىتى تارايغان. ياشاۋاتقان رايونلاردىكى تەبىئىي شارائىتتا، چارۋا مالنى سۈنئىي يول بىلەن بېقىش يولىنى تاپقان. «تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت - خەشەك تەييارلىماي تۇرۇپ چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇڭا چارۋا مال ئۆچۈن ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە دانلىق زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ قالغان» (ف. ئېنگېلس). نەتىجىدە چارۋىچىلىق بىلەن بىللە دېھقانچىلىق كېلىپ چىققان.

## دېھقانچىلىق

ھەممىگە مەلۇم، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىقتىن راۋاجلىنىپ چىققان. دېھقانچىلىق بولسا، خوتۇنلار شۇغۇللانغان يىغىمچىلىق (ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ قۇرۇتۇش ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى يىغىش) تىن تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن. خوتۇنلار ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشقان ئوچاقلاردا ۋە مەرئا ئېتىزلاردا تېرىقچىلىق قىلغان. ئۇلار ئاۋۋال قاتتىق شاكاللىق ياۋا مېۋىلەر، شىرنىلىك مېۋىلەر ۋە تۈگۈنچە يىلتىزلارنى يىغقان؛ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ياندۇرقى يىلى ئۈنگەنلىكىنى بايقاپ، ئۇرۇقلىرىنى يىغىپ تېرىشكە باشلىغان. بالدۇر، تۇرالغۇلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئەككەن بولسا، بارا-بارا كېڭىيىپ يىراقراق يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن. يەرنى ئوغۇتلاش ۋە ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كونا يەرنى تاشلاپ يېڭى يەرنى ئاچقان. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان دانلىق زىرائەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزلەشتۈرگەن ئانلىق زىرائەت - ئارپا، بۇغداي، تېرىق، پۇرچاق، ئاندىن كېيىن «يۇرىنچىغا» (بېدە)، «يىتىم» (زىغىر ئۇرۇقى) ئىكەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، بارىكۆلدىكى بالباللىق (شىرىنزى) دىن بۇغداي قاچىلانغان كومزەك، قۇمۇل لاپچۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېرىق كاكچا ۋە ئارپا قاسراقلىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ تەخمىن قىلىنغان.

دېمەك، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەجدادلىرىمىز قۇرغاق ئوتلاقلار زونىلىرى، ئېقىن بويى ئورمانلىقلىرى ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ياشاپ، بارا-بارا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشىپ، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق شەكىللەنگەن. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، بەزى ئاغۇشلار دېھقانچىلىق ئوتلاق زونىلىرىدىن شىمالغا - ئورمان-ئوتلاق زونىسىغا ۋە ئورمانلىق زونىلىرى (تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە شەرقى) غا كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇ باسقۇچتىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۇنئىي سۇغۇرۇش، رەڭلىك ساپال، ئۆگزىسى تەكشى بولغان تاش، توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر، ھەر خىل تالالىق ئۆسۈملۈكلەردىن تىكىلگەن ئېگىنلەر، ئاساسىي يېمەكلىكى - ئۆسۈملۈك ئوزۇقلۇقى بولغان

ئەجدادلىرىمىز ياشىغان يەرلەردىن تېپىلغان ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا قاراپ، بۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدا ياشىغان بىر قىسىم خەلقلەر ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن بىللە دېھقانچىلىقنىمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلغان؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى ئاھالە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان. چۈنكى بۇ رايوندا ئادەملەر سىپتە تاش قوراللار دەۋرىگە ئۆتكەن ۋە مەھەللە ھالىتىدە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا قورغان - قەلئە تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان. بارا-بارا دېھقانچىلىق يېزىلىرى شەكىللەنگەن ۋە يېزىلارنىڭ مەركەزلىرىدە كەنتلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن.

## سانائەت

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى - تېرىچىلىك، ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق ئىدى.

دەرۋەقە، ئادەملەر ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە بەدۆۋىلىك دەۋرىنىڭ بېشىدىلا قول ھۈنەر قىلىشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ زامانلاردا ئادەملەر ئالدى بىلەن ياغاچتىن ۋە ھايۋان تېرىلىرىدىن تۈرلۈك تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئىشلەشنى بىلگەن. ياغاچتىن تۈرلۈك تۇرمۇش بويۇملىرىنى ياساش سىپتە ۋە نازۇك قوراللارنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، لاغون (ئىچى چوڭقۇر ياغاچ قاچا)، ئاغاچ (ياغاچ ئاياق)، سۈسۈق (ياغاچ چۆمۈچ) كە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياق)، سۇسىق (ياغاچ چىلەك)، چاناق (ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۈزلۈق ۋە شۇنىڭدەك قاچا)، ساغراق (كاسا)، قوشۇق ۋە باشقىلار. ئىلگىرى تۆگىنىڭ ئاياق سۆڭىكىنى، تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزىنى قاچا ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. شۇڭا، سۇيۇقلۇق قويۇپ ئىچىدىغان قاچىنى «ئاياق» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

**تېرىچىلىك.** كېيىنرەك بۇ كەسىپ كۆنچىلىك دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە بۇ كەسىپنى خوتۇنلار كەشىپ قىلغان. ئەرلەر سويۇپ بەرگەن تېرىلەرنى قۇرۇتۇش ۋە كېيىنچىرەك ئاشلاش، تېرىلەردىن ئىگىن - ئاياغ تىكىش؛ تېرىلەرنىڭ قېلىن - نېپىزلىكىگە بېقىپ كۆن - قىرىم، بىشۇلارنى ئەيلەش، يۇڭلىرىنى قىرقىپ ئىگىرىش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنىڭ تولىسىنى دەسلەپتە خوتۇنلار ئىشلىگەن. ئاندىن يەنە قىيىش، كىرىچ، ساغرى، قوغۇش (ئاشلانمىغان تېرە، ئەيلەپ يۇمشىتىلغان تېرە)، تاتىرغا (ئاشلانغان ئاق تېرە)، قاسۇق (ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم)، پۇتىق (ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇمچە) قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىگەن.

**ساپالچىلىق.** يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە تۈرلۈك ئەمگەك قوراللىرىدىن باشقا، ئادەملەر ساپالچىلىقنى كەشىپ قىلغان. قەدىمكى تىلىمىزدا ساپال قاچىلار «بۇقاچ» دەپ ئاتالغان. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قۇمغان - ساپال قاچىلارنىڭ تۈۋى كۆپىنچە تۆۋرۈك، يۇملاق. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە، مۇنداق قاچىلار (خۇمدان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى) يەرگە كۆمۈلۈپ ياكى ئوچاقنىڭ ئىچىگە تىزىلغان تاشلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ چىڭداپ پىشۇرۇلغان. مۇنداق قاچىلار ئۈچ خىل بولغان: بىر خىلى، نەرسە ساقلايدىغان يوغان قۇمغانلار، كوزىلار؛ ئىككىنچى خىلى، يېمەك قويىدىغان ئۇششاق قاچىلار؛ يەنە بىر خىلى، يېمەكلىك پىشۇرىدىغان ئوتتۇرىچە قاچىلار. قاچىلار تۈرلۈك سېغىز توپىلاردىن ياسالغان، يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سېغىزغا مەرمەر - گرانىت تاشلارنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ئارىلاشتۇرغان. ئېتنولوگلار-نىڭ تەتقىقلىرىگە ۋە قاچىلاردىكى بارماق ئىزلىرىنى كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساپالچىلىق بىلەن ئاساسەن خوتۇنلار شۇغۇللانغان. ساپال قاچىلارغا تۈرلۈك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن؛ بەزىلىرى ھەرە چىشلىق نەقىشلەر، تىرىگونومېتىرىك ۋە گېئومېتىرىك سىزىقلار، ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكىللىرى، يۈگەم گۈل ۋە باشقىلار. دەسلەپتە بارماقلار ۋە تىرناقلار بىلەن قاچىنىڭ لاي شەكلىگە سىزىلغان

بولسا، كېيىنچىرەك مەخسۇس نەقىش قېلىپلىرى ـ باسقاقلارنى ئىشلەتكەن.

ساپالچىلىق ئولتۇراقلىشىشنى مۇستەھكەملىگەن ۋە ئادەملەرنىڭ تۇراقسىز قونالغۇلارغا كۆچۈپ يۈرۈشتىن مەھەللە بولۇپ ياشاش جەريانىغا ئۆتۈشىنى تېزلەتكەن. مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە قول سانائەت تەرەققىي قىلغان. تەكلىماكاننىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ساپال بۇيۇملار، بولۇپمۇ رەڭدار ساپاللارنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقى بۇزۇندا ئاھالىنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

فرانسوز ئارخېئولوگلىرىدىن ف. گرېنارد ئىلچى (خوتەن) شەھىرىنىڭ غەربىگە 9 كىلومېتىر كېلىدىغان بورازان يېزىسىدىكى «يوتقان» مەدەنىيەت ئىزىدىن 1890-يىلى تاپقان تېپىندىلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «بۇ خارابىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى باشقا جايلاردىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭكىدىن ناھايىتى يۇقىرى، يىل-دەۋرىمۇ ناھايىتى قەدىمىي. بۇلار: يۇرۇن قاش، يېشىل قاش... ساپال قاچىلار ئارىسىدا قارا رەڭلىك، بەك پۇختىلىرى بار... قىزىل ساپال پارچىلىرىمۇ بار... خۇمداندا پىشۇرۇلغان كىچىك ھەيكەل ئىنتايىن يۇقىرى سەنئەتلىك، ئىلغار تېخنىكىلىق بولۇپ، جۇڭگودىن كەلگەن ئەمەس، ھىندىستاندىنمۇ كەلگەن ئەمەس... بۇلاردىن بىرى Meduse (مەجۇسى) نىڭ باش ھەيكىلى گرېك ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغاندەك تۇرىدۇ؛ بۇ يەردىن تاپقان باشقا نەرسىلەر ئىچىدە پەقەت موم تامغىنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان بىر تېپىندى ـ ئاپوللون (ApollonCitha—rede) نىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدۇ، ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، بۇ قەدىمكى نەرسىلەردە ھېچقانداق بۇددا دىنىنىڭ ئىزى يوق.»

**تۆرمۇش ۋە ئىككىنچى ئىش تەقسىماتى.** دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي تارماقلارغا ئايلانغاندا، ساپالچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە قول ھۈنەرنىڭ باشقا ساھەلىرىمۇ راۋاجلانغان. بۇ، مەدەنىنىڭ تېپىلىشى ۋە تۆرمۇشتا ئىشلىتىلىشى بىلەنمۇ باغلىق. ئىنسانلار يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەن ـ تاش دەۋرى ـ ئېنېئولىت (لاتىنچە aeneus— مەدەن) ياكى كونكرېت مەدەن نامى بىلەن ئېيتقاندا، خالكولىت (لاتىنچە xalkos ـ مىس) ـ مىس ـ تاش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ دەۋرلەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. تەخمىنەن، بۇ دەۋرلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ 3000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. برونزا دەۋرى بولسا، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك، چۈنكى برونزا مىس بىلەن قەلەينىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە برونزىنى تۇچ دەيمىز. مىس يۇمشاق بولغاچقا، بۇيۇملارنى ياساشتا قاتتىق تاشتىن ئىشلەنگەن قورالغا يەتمەيتتى. لېكىن ياغاچ ۋە تاشلار دۇنياسىدا مەدەنىنىڭ تېپىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن برونزا دەۋرى گىرەلەشكەن مەزگىلدە، ئىشلەپچىقىرىش تېز راۋاجلانغان.

تۆمۈرنىڭ تېپىلىشى پۈتكۈل ماددىي مەدەنىيەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنىڭدەك يېقىنقى 3000 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ بەرگەن. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك تۆمۈر «تارىختا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان». مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى تۆمۈر كەمرەك ئۇچرىغان بولسا، مىڭ يىل ئىلگىرى تۆمۈر ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۈرۈمچى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىلىرىدا، قۇمۇل مورىگودا، تاشقورغاننىڭ شامبابا رايونىدا، ياركەنتتە تۆمۈردە ئىشلەنگەن قورال-ياراغلار بارلىقىنى «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە» نىڭ «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنغان (مۇتيەنزى يەنى جۇ سۇلالىسىدىن مۇۋاڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 1001 ـ 987 ـ يىللىرى ئۆتكەنلىكى مەلۇم). شۇنىڭدەك ئالتۇنتاغ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، جۇملىدىن چەرچەن، نىيە خارابىلىرىدا تۆمۈر تاۋلاش ئوچاقلىرى تېپىلدى. قەدىمكى زاماندا تۆمۈر قوراللار سوقۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، تۇچ قوراللار بولسا، قۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان.

مىس-تۆمۈر قوراللىرى كونا ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا زور تۈرتكە بولغان. تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ساپالچىلىق سانائەتلىرى بالدۇرقىدىن ئۇچقۇشلۇق تەرەققىي قىلغان، مىس ۋە تۆمۈردىن تۈرلۈك ياراغلار ـ قىلىچ، شەمشەر، نەيزە، پىچاق، خەنجەر ياساش ـ سوقۇش ئومۇملاشقان.

ئىشلەپچىقىرىش بارغانسېرى مۇرەككەپلەشكەن، 2-قېتىمقى چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كېلىپ چىققان، يەنى قول ھۈنەرۋەنلىك دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقى بولغان دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭ ئايرىلىشى نەتىجىسىدە، ئالماشتۇرۇشنى كۆزلىگەن بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ـ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىلگىرىكى تەڭ قىممەتلىك بۇيۇم ـ چارۋا مال ۋە ئۇنىڭ موينلىرىنى باھا ئۆلچىمى قىلىش ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن؛ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ۋە مەدەن (ئاۋۋال مىس، كېيىنرەك قىممەتلىك مېتال) ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن سودا-تىجارەت بارا-بارا شەكىللىنىپ، ئىككى ئارىدا مال ئالماشتۇرغۇچىلار ئايرىلىپ چىققان. تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇ ساھەدە ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايەن قىلغان.

**يۇڭ توقۇمىچىلىق.** يارىش يازىقى ۋە تۇرۇم ساي (جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىسى) ئاھالىسىنىڭ چېدىر-ئۆيلىرى، كۆرپە-تۆشەكلىرى ۋە ئىگىن-ئاياغلىرى ئاساسەن يۇڭ توقۇلمىلار بولغانىدى. بۇنى قۇمۇل لايچۇق، لوپنۇر، چارقىلىق، مىرەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان زىلچا-پالازلار، گىلەم پارچىلىرى، يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم-كېچەكلەر، شۇنىڭدەك تارىخىي يازما مەنبەلەردىكى بايانلار ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، لوپنۇر ۋە نىيىلەردىن تېپىلغان گىلەم پارچىلىرى ئالتە خىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن رومبا شەكلىدە گۈل چىقىرىپ توقۇلغان. «قەدىمنامە» نىڭ بىر قىسمى بولغان «يۈيگۇڭ» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، تارىم ئاھالىسى زىلچا-گىلەم توقۇش ھۈنىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلغان. قۇمۇل لايچۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆلدە قالغان قەبرىلەر (ئارخېئولوگلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، باشلانغۇچ

جامائەنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى قېرىنداش مىللەت قەبرىلىرى) دىن تېپىلغان كېيىم-كېچەكلەر مۇنداق: مۇردىغا كىيگۈزۈلگەن ئىگىن قىزىل، قوڭۇر، يېشىل، قارايۇڭدا رەڭلىك قىلىپ، چوڭ-كىچىك كاتەكچە، .رەڭدار يوللۇق توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن؛ ئايال مۇردىنىڭ ئۈچىسىدىكى ئىگىن قىزىل تەگلىككە تىرىگېنومېتىرىك شەكىلدە يامىرتىپ، سېرىق يۇڭدا كەشتىلەنگەن. مىرەندىن تېپىلغان قاتقان مۇردىلارنىڭ ئىگىنلىرىمۇ رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار ئىكەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان كۆزگەزمىگە «تارىخىي دەۋرلەردىكى توقۇلما ماللار» قويۇلغان. بۇ تېپىندىلەر بۇنىڭدىن 3 ـ 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق ياغاچ، مىس، سۆڭەكلەردىن ياسالغان چەچكە، كۆرەك، چىغرىق، تومۇنە، يىگ، ئۇرچۇق ۋە توقۇلما رەختلەر؛ بۇ تېپىندىلەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ قىرقىش، ساۋاش-ئېتىش، ئىگىرىش، توقۇش ۋە ئىگىن تىكىشتەك ئىلغار تېخنىكىنى ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، مەيلى قۇمتۇلدىكى لاپچۇقتىن، توقسۇندىكى ئالغۇيدىن ياكى چارقىلىقتىكى مىرەندىن بولسۇن، تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى ۋە چىقىرىلغان گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن ئوخشاش. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يۇڭ توقۇلمىلارنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى گۈللۈك كىگىز، پالاز، زىلچا، چەكمەنلەرنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ، مالغا ئالماشتۇرغانلىقىنى تارىخىي يازما مەنبەلەر دەلىللەيدۇ.

**قاشتاشچىلىق.** يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا تەئەللۇق دەپ مۆلچەرلەنگەن (گەنسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان) خوتەن قاشتېشى، ئەنياڭدىكى «يىن خارابىسى» قەبرىستانلىقىنىڭ 5-قەبرىسىدىن چىققان قاشتاش بۇيۇملار، جېجياڭنىڭ مودو خارابىسىدىن، گۇاڭدۇڭنىڭ شىشا قەبرىستانلىقىدىن، شەندۇڭنىڭ لۇڭشەن خارابىسىدىن، خېنەننىڭ سولى خارابىسىدىن تېپىلغان قاشتاش بويۇملار كەم دېگەندە شاڭ دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 18-11-ئەسىرلەر) دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم. «گۇەنزى» كىتابىدا، «قاشتاش گۈزلەر يېنىدىكى تاغدىن چىقىدۇ» («ئۆلچەم»، «ئەل خەزىنىسى»، «مىزان» دېگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ شۇنداق قەيت قىلىنغان) ۋە «قاشتاش چىقىدىغان دىيار بىلەن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقى 7800 يول كېلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغىنىغا قارىغاندا) رايوندىن چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاشتېشىنى قېزىش ۋە قاشتېشىدىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئىشلەش ناھايىتى قاتتىق قوراللارنىڭ بولۇشىنى ۋە ئىنچىكە ھۈنەر-سەنئەتنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا قاشتاشچىلىق ھۈنىرىنى كەشپ قىلغان.

قول ھۈنەرۋەنلىك ئۆز ئالدىغا مۇھىم بىر ئىقتىسادىي تارماق بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، قول ھۈنەرۋەنلىكمۇ تۈرلۈك كەسىپلەرگە بۆلۈنگەن: كوزىچىلىق، مىسكەرلىك، كۆنچىلىك، تۆمۈرچىلىك، خالۋاپلىق، ياغاچچىلىق (جۇملىدىن قىرغۇچلىق)، تاشچىلىق، تامچىلىق (بىناكارلىق)، زەرگەرلىك ۋە باشقىلار.

بىناكارلىقنى ئالساق، ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدا مۇھىم كەسىپ بولۇپ، ئىلى بورۇن راۋاجلانغان. ئادەملەر مەھەللە-كەنت بولۇپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن، مەھەللىلەرنى ئىھاتىگە ئېلىش يولى بىلەن قوغدىنىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، كىچىك قورغانلار برونزا ـ تۆچ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان. تۆمۈر قورال دەۋرىدە بولسا، قورغان بىنا قىلىش ئومۇملاشقان. مۇنداق قورغانلار دەسلەپتە تولاراق ئېگىز دۆڭلەرگە، دەريانىڭ ئېگىز قاشلىرىغا تاش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ بىنا قىلىنغان. تۈزلەڭلەردە بولسا، سوقما تاملار بىلەن بىنا قىلىنغان. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ ئادەملەر ماكانلاشقان يەرلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا بېقىپ ھەر خىل بولغان. كىچىك قورغانلار كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە «بالىق» ياكى «كەنت» (شەھەر) لەرگە ئاساس بولغان. خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن، بارا ـ باراشەھەر دۆلەتلىرى ـ «كىچىك ئەل» ۋۇجۇدقا كەلگەن. تارىم ئويمانلىقىدا بولسا، مۇنداق دۆلەتلەر تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا پەيدا بولغانلىقىنى تارىخىي مەنبەلەر دەلىللەيدۇ.

## 2. مەدەنىي ھايات

مەدەنىي ھايات دېگەندە مەنىۋى مەدەنىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە كەشپىياتچىلىق ئىقتىدارى تارىخنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىدا بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە نامايەن بولغان.

دەرۋەقە، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بىز قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر ـ چۈشەنچىلىرى، دىنىي ھەم مەنتىقىي قاراشلىرى توغرىسىدا قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزدۇق. ئەمدى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە نەزەر ئاغدۇرايلى.

ئادەتتە، دۇنيا تارىخشۇناسلىرى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر توغرىسىدا تەھرىر ياكى تەقرىز قىلغاندا: قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنى يېزىق، دىن، ئەدەبىيات، بىناكارلىق، ئويمىكارلىق ۋە رەسساملىق، ئىلىم-پەندىن ئىبارەت دەيدۇ؛ سۇمىر-بابىل مەدەنىيىتىنى يېزىق، دىن، ئەدەبىيات، ئىلىم-پەندىن ئىبارەت؛ يۇناننىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە، ئىلىم-پەن، تارىخشۇناسلىقتىن ئىبارەت دەيدۇ؛ رىم مەدەنىيىتىنىمۇ ئەدەبىيات، بىناكارلىق ۋە سەنئەت، تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە، ئىلىم-پەندىن ئىبارەت دەيدۇ. ئەمما، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا دائىر يازما مەنبەلەر ناھايىتى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش تەس. پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەرگە ئاساسەن، يازما مەنبەلەردە ياندىشىپ يېزىلغانلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ، قىياسەن پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن.

### بېزەك

تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن كېيىن ئىنسانلاردا گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئامىللىرى پەيدا بولغان. ئالدى بىلەن ئادەملەر ئۆز

تەنلىرىنى بېزەشكە كۆڭۈل بۆلگەن. مىنېرال بوياقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان بوياقلارنى ئادەملەر ئۆزلىرىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا، بوياقلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئاڭ-پىكرىدە ئوت، قۇياش، كۈن-تۈن قاتارلىق سىمۋوللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەقلىي چۈشەنچىلەر بىلەنمۇ گىرەلىشىپ كەتكەن. ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتقا ۋە ئەقلىي چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، بوياقلارنى تاللىغان. ئۇلار ئىلگىرى ئۆسۈملۈكلەردىن بوياق ئالغان. مەسىلەن، «چاۋژۇ» دېگەن چاتقالدىن قىزىل بوياق چىقارغان؛ تاغ جىنسلىرىدىن «قاراغۇ» (بىر خىل زاك) نى تاپقان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن ھېسابلانغان قىزىل دىلار بەدەنلىرىنى بېزەشتە قىزىل رەڭنى ئىشلەتكەچكە، قوشنا قەۋملەر ئۇلارنى «قىزىل دىلار» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئىنسانلار ئادەتتە جەڭ ۋاقتىدا ياكى تەنتەنىلىك سورۇنلاردا تەنلىرىنى قىزىل رەڭدە تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن بېزىگەن. مەسىلەن، سىبىرىيىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان «ھىندىيان» لارنىڭ يۈز ۋە كۆكرەك، ئۇچىلىرىغا قىزىل-ئاق رەڭلەردە يول-يول سىزىقلار، تۈرلۈك بېزەك شەكىللەرنى سىزىۋېلىشىدىن ئۇلارنىڭ قەدىمكى يۇرتىدا ياشىغان قەۋملەر مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇنداق بېزەشنى ئەجدادلىرىمىز «بود بېزەك» (بوي-بەدەن زىننىتى) دەپ ئاتىغان، بۇنى يەڭگۈشلەپ تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، يۈز ۋە تەن ھەم بىلەك ئەتلىرىگە رەڭلىك نەشتەر ياكى تىكىنەك بىلەن گۈل - شەكىللەر چېكىپ بېزەش ئادىتىمۇ بولغان. بۇ كۆپىنچە خوتۇنلار قىلىدىغان بېزەك ئىكەن. بۇنى «تۇكۈن» دەپ ئاتىغان.

رۇس ساياھەتچىسى مىكلوخوماكلاينىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، پاپۇئاسلار (يېڭى گىۋىنېيە خەلقى) باللارغا چاچ چىقىشى بىلەنلا قارا بوياپ قويىدىكەن؛ بالا ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندە چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن. باللارنىڭ چاچلىرىدا پارازىتلارنىڭ پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ھۆل كۆلنى چاچلىرىغا سۈرتۈپ قويىدىكەن. بالا 10-14ياشقا يەتكەندە قۇمۇش تارغاق بىلەن كۈنگە بىر قانچە قېتىم تارايدىكەن. ھىندىيانلارنىڭ ئادەتلىرىدىن قىياس قىلغاندا، قىزىل دى ۋە گۈزەلەردە چاچ ئۆرۈش ئومۇملاشقانىكەن. يىگىت-قىزلار ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندا، ئەرلەر چېكە چاچلىرىنى ئىككى تال ئۆرۈپ، ئۇچىنى ئارقا چېچىغا قوشۇپ سېلىنىدۇرۇپ قويىدىكەن. بۇ «جۇپلۇك» نىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك. قىزلار بولسا چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈيدىكەن، ئوغۇللار ئۆرمەيدىكەن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىلا چاچلىرىنى بېزەشكە ئەھمىيەت بەرگەنىكەن. جىگدە يېلىمىنى چاچقا سۈرۈش قەدىمدىن قالغان ئادەت ئىكەن. جىگدەيېلىمى بىرىنچىدىن چاچنى پارقىرىتىدىكەن ۋە چاچقا قۇۋۋەت بولىدىكەن، ئىككىنچىدىن، چاچنى پارازىتلاردىن ساقلايدىكەن.

رۇس ساياھەتچىلىرىدىن پرژېۋالسكىي مۇنداق يازغان: «ھازىر چەرچەن ئاھالىسى بەزى قەبرە ساندۇقلىرىنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭدىكى قاتقان مۇردىلار چىرىمەي ساقلانغان. . . ئەرنىڭ بويى ئېگىز ھەم ئۇزۇن چېچى بار؛ ئايالنىڭ چېچى ئۆرۈلگەن. قەبرىدە 12دانە ئەر مۇردا بولۇپ، ئولتۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىنغان. . . كىيىملىرى يۇڭ توقۇلما؛ ئۇششاق نوقۇتتەك ئالتۇن مۇنچاقلار بىلەن جىيەكلەنگەن. بەزىدە، مۇردىلارنىڭ يېنىدىن ئات-قوي سۆڭەكلىرى تېپىلدى. چەرچەنلىكلەر تارىم دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئاقتارما كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى «شەھىرى كۆتەك» (ئالتۇن كۆتەك شەھىرى) دىنمۇ يادىكارلىقلارنى كۆپ ئۇچرىتىدىكەن».

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن «ئات پاچاقلىقلار» دەپ ئاتالغان دىڭلىن قەۋمى ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن دەپتىن قىلىپ، چاچلىرىغا كىيىۋالىدىكەن. بۇ بىرىنچىدىن، قىشتا سوغۇقتىن ساقلىسا، ئىككىنچىدىن، چاتقاللىقلاردا شاخ-شۇمبا، تىكەنلەردىن ساقلايدىكەن. خوتۇن-قىزلار باشلىرىغا تەبىئىي گۈل-چېچەكلەردىن بېزەكلەر تاقىغان؛ ھازىرقى چاغدىمۇ چېكىگە گۈل قىسىش، مەشرەپلەردە گۈل ئويۇنى قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ گۈل خۇمار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك؛ ئاندىن دوپپا-تەلپەكلىرىگە بالدۇر سۆڭەك-چىشلاردىن، كېيىن مىس - تۆچلاردىن ياسالغان جىيەك-قاداقلار، پەر-مامۇقلاردىن ئوتۇغاتلار تاقىسا، ئەرلەر يازلىق-قىشلىق قالپاق-تۇماقلىرىغا چاغىر-تۇغرۇل قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قادىۋالىدىكەن. تارىخىي يازما مەنبەلەردە، دى~ دىڭلىنلار باشلىرىغا لاچىن قاناتلىرىنى قادىۋالىدۇ؛ ناھايىتى جەبدەس-جەسۇر، ئۇستا چەۋەنداز ھەم تىيرەندازدەپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئەنە شۇنداق بېزەككە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## سەنئەت

ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا ئارخېئولوگلار ۋە ئېتنولوگلار تۈرلۈك پىكىرلەرنى بايان قىلغان. تارىخشۇناسلار دۇنيا قەۋملىرىنىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا كىتابلار يازغاندا، كۆپىنچە قەدىمكى مىسىر، بابىل-ئاسۇرىيە، يۇنان-ھىندىستاننىڭ، ئاندىن قالسا ئىران - ئوتتۇرا ئاسىيا.تۈزلەڭلىكىنىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىشىدۇ. ئۇزاق زامانلارغىچە تەبىئىي-ئىجتىمائىي شارائىتلار تۈپەيلىدىن يېرىم كۆچمەن ھالىتىدە قالغان ياكى ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ لېكىن بېكىنمە-توسۇق شارائىت ئىچىدە ياشىغان قەۋملەرنىڭ سەنئەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا يوق دېيەرلىك سۆزلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئالتاي-تەڭرىتاغ، يارىش يازىقى، تۇرۇم سايلىقىدا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەرنىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا قىياتاش رەسىملىرى، مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن قېزىلغان تېپىندىلاردىكى نەقىش-شەكىللەر ۋە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر تەتقىق قىلىنسا، مەزكۇر سەنئەت ئىجادكارلىرىنىڭ قانچىلىك ماھىر سەنئەتكار ئىكەنلىكى گەۋدىلىنىدۇ.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئىپتىدائىي سەنئەت توغرىسىدا، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر ئارخېئولوگلىرىمىزدىن ئابدۇقەييۇم خوجا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» دېگەن تارىخىي - ئىلمىي ئەسىرىدە مەخسۇس بايان قىلىنغان. شۇڭا، مەن بۇ تەسنىپىمدە ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ ئايرىم ساھەلىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمەن.

سەنئەت ئەسەرلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا رەسمىي پەيدا بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان رېئال رەسىملەر، ئويمىكارلىق

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىنى يارىتالىلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەر كەينى-كەينىدىن ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. بۇنداق تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ خىل، ئۇسلۇبلىرىمۇ خىلمۇ خىل بولۇپ، تاشلارغا ۋە سۆڭەكلەرگە، ساپال قاچىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئەسەرلەردە رېئالىستىك روھ ۋە تۇرمۇش بوياقلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنىڭدەك گۈزەللىكتە خېلى يۇكسەك سەۋىيە ئىپادىلەنگەن. مەزمۇنلىرىمۇ مول-كۆل بولۇپ، هايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە چەررەندە-پەررەندىلەر، ئوۋچىلار، جەڭچىلەر، ئېكىنچىلەر، چارۋىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، سازچىلار، سېرىكچىلەر جانلىق تەسۋىرلەنگەن. بەزى رەسىملەر ناهايىتى يۇقىرى ماهارەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، گۈزەللىك دەرىجىسى هازىرقى زامان كىشىلىرىنىمۇ هەيران قالدۇرىدۇ. ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ياراتقان رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتتى بولماي، ئادەملەرنىڭ هېس-تۇيغۇ ۋە كەيپى-هاللىرى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بەزى قەبىلىلەر ئوۋ ياكى جەڭدىن ئىلگىرى يەرلەرگە شەكىللەر سىزىپ، سىزىقلار ئۈستىدە تۇرلۇك نىقابلانغان هالدا ئۇسسۇل هەرىكەتلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق قىلماقچى بولغان ئوۋ-جەڭ پائالىيەتلىرىگە ئۇتۇقلار تىلىسە، بەزى قەبىلىلەر ئۇنداق پائالىيەتلەردىن كېيىن ئاشۇنداق ئويۇن - تاماشا بىلەن غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغان.

**نەغمە ۋە ئۇسسۇل.** سەنئەتنىڭ مۇهىم بىر ساهەسى بولغان كۈي-چالغۇنى ئالساق، مۇزىكا سەنئىتى ئىنسانلاردا ئەمگەك بىلەن تەڭ يارىتىلغان. ئىنسانلاردا رىتىم تۇيغۇسى پەيدابولۇپ، مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن تەكرارلانغان ئاۋازلار گۇرۇپپىسىنى ياكى ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئاۋازلارنى سېزىش قابىلىيىتى تۇغۇلغان. لېكىن ئىنسانلاردىكى بۇ خۇسۇسىيەت سەزگۈ ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە پەيدا بولغان. بۇ هەقتە ماركس مۇنداق دېگەن: «سوبيېكتىپ جەهەتتە ئىنسانلارنىڭ هېسسىي بايلىقى ئېرىشكەنلىكى، مۇزىكىدىن هوزۇرلىنىدىغان قۇلاققا، شەكلىي گۈزەللىكنى پەرق ئېتىدىغان كۆزگە ئېرىشكەنلىكى پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ سۈرەتتە كېڭىيىپ بارغان ماهىيەتلىك بايلىقىدۇر، خالاس».

ئالىملارنىڭ بەزى رايونلاردىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇزىكا تونلىرى ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، la دىن mi غىچىلا بولغان. رىتىملىق ئاۋازلار بارا-بارا مۇرەككەپلەشكەن. تارىخىي يازما مەنبەلەردە، ئورال-ئالتاي، تەڭرىتاغ-تارىم قەۋملىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىغا هەۋەسلىك ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەڭ بۇرۇن ئەمگەك-تەنتەنە مۇزىكىسى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن دالا-ئورمان ۋە ئېتىز-خامان ناخشىلىرى ئادەتتە سوزۇلۇپ ئېيتىلىدۇ ۋە سادالىرى ئۇزاقلارغا كېتىدۇ. «ۋېينامە»نىڭ «گاۋچې» (ئېگىز هارۋىلىقلار ياكى قاڭقىللار ياكى ,توخرىلار) دېگەن ماۋزۇسىدا: «بۇ ئادەملەر خۇددى بۆرە هۇۋلىغاندەك ئۈنلىرىنى سوزۇپ ناخشا ئېيتىدۇ» دەپ يېزىلغانلىقى قەدىمكى ناخشىلىرىمىزنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرگەن.

ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى هەققىدە ئالىملار تۈرلۈك پىكىر بايان قىلىشقان. بەزىلەر ئاۋۋال «دۇمباق» ئىجاد قىلىنغان، ئاندىن پۇۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ (مەسىلەن، نەي تېپىدىكى) ئىجاد قىلىنغان دەيدۇ. ئالىملار ئۆزلىرى تەكشۈرگەن «ئىپتىدائىي قەبىلىلەر»نىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىگە قاراپ، ئاشۇنداق هەر خىل پىكىر قىلىشقان. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش تەرزىگە ۋە مۇهىتىغا ئاساسلانغاندا، ئالدى بىلەن پۇۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، كېيىك، ئارقار مۈڭگۈزلىرىدىن «بۇرغا»، قومۇش بوغۇملىرىدىن «سىبىزغا»، كېيىنچە «بالىمان»، ئاندىن كېيىن تاش-تاياقلاردىن «چاكىلداق»، ئۆچكە-موزاي تېرىلىرىدىن «دۇمباق» ئىجاد قىلىنغان دېگەن پىكىر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىغا ئۇلارنى چالغاندا چىققان ئاۋازنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ نام قويغان. مەسىلەن، «دۇمباق» - «دۇم-دۇم-پاق» دېگەن ئاۋازدىن، «بۇرغا» - بۇۋ... قىلىپ بۇرقىغان ئاۋازدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە دۇمباقلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن: چېكىپ ياكى سوقۇپ چالىدىغان هەرخىل دۇمباقلار ياسالغان. «داپ» - «داپپۇر-داپ» دېگەن ئاۋازدىن ئېلىنغان (بەزى مۇزىكا تارىخچىلىرى «داپ» قەدىمكى كۇچا تىلى «داپ-لاپ» نىڭ قىسقارتىلمىسى دەيدۇ). تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بولسا، كېيىنچىرەك پەيدا بولغان، مۇنداق چالغۇلارنىڭ بوۋىسى «تاراڭ-بىر» بولۇپ، كېيىن «تامبىر» بولۇپ ئۆزگەرگەن، بۇ دەسلەپتە جۈپ تارلىق (ئۈچەيدىن ئىشلەنگەن تار) چالغۇ بولۇپ، بارا-بارا «دومبىر»، «ئۈچتار»، «جۈپتار» قاتارلىق چالغۇلار كېلىپ چىققان دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلىرى دەسلەپتە تۇرمۇش ئېهتىياجىدىن (ئوۋچىلار بىر-بىرىنى خەۋەردار قىلىش، چارۋىچىلار يىراقتا يايلاپ كەتكەن ماللارنى يىغىش ئۈچۈن بۇرغىنى، ئوۋ هايۋانلىرىنى ئۈركىتىش ئۈچۈن دۇمباقنى) ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇسسۇلمۇ مۇزىكىغا باغلىق هالدا پەيدا بولغان. بەزى ئۇسسۇللار ئادەملەرنىڭ ياشاش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەسىلەن، ئوۋچىلىق، جەڭ هەرىكەتلىرى ياكى كۆڭۈل ئېچىش-قىزىقچىلىق هەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇللار. قەدىمكى زاماندا ئەڭ ئومۇملاشقىنى هايۋان ياكى ئۆسۈملۈككە تەقلىد قىلىپ ئورۇندىغان ئۇسسۇللاردۇر. دىنىي ئەقىدىلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، بەزى ئۇسسۇل هەرىكەتلىرى سېهىرگەرلىك-پىرخۇنلۇق (ئېنىقراقى شامانلىق) بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك. ئومۇمەن، ئىپتىدائىي ئادەملەر تۇرمۇشتا بىرەر مۇهىم ۋەقە، هادىسە يۈز بەرگەن هامان نەغمە-ناۋا (ناخشا-ئۇسسۇل ۋە چالغۇ پائالىيەتلىرى) ئۆتكۈزگەن. مەسىلەن، زەپەر تەنتەنىسى، توي مۇراسىمى (ئات قويدى تويى، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق تويى)، ئۆلۈم تەزىيىسى بولغاندا نەغمە-ناۋا قىلىشقان. يېقىنقى زامانغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈشتىن هاسىل قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئادەملەر بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىدىن ئېپىزوتلارنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئويۇشتۇرىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا مۇنداق مۇزىكىلىق پائالىيەتلەردىن تىياتىرچىلىق (دىراماۋە تراگېدىيە) كېلىپ چىققان.

**ئېغىز ئەدەبىياتى.** ئەمگەككە ماسلاشقان رىتىملىق

ئاۋازلارنىڭ بوغۇم-بوغۇم بولۇپ چىقىشى ئارقىسىدا، ئاۋۋال يەككە بوغۇملۇق سۆزلەر پەيدا بولغىنىدەك، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا قوشاقلارنى توقۇش قەدىمكى ئادەملەرنىڭ بىر خىل تىل سەنئىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەملەر ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگەندە، ھەممە ئادەمنىڭ تەڭكەش ھالدا كۈچ چىقىرىشى ۋە ئۇز ئارا مەدەت بېرىشى ئۈچۈن «ھە-ھۇ» دېگەن رېتىملىق ئاۋازلار دەسلەپكى كۈي شەكلىگە كىرگەن. بۇ بارا-بارا مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك، قوشاق ئەمگەك بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. تىل ۋە ئەقلىي چۈشەنچىلەرنىڭ يۈكسىلىشى ۋە خىلمۇ خىل مەزمۇنلۇق بولۇشى ئارقىسىدا ئادەملەر، بولۇپمۇ «قام» ۋە «تويىن» لار تەڭرى ۋە ئاغۇنلار توغرىسىدا، ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلگەن توتېملىرى توغرىسىدا تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى توقۇغان. بۇلار بارا-بارا رىۋايەتلەرگە ئايلانغان. بەزى قەبىلىلەر ئۆزلىرى ئىخلاس قىلغان توتېملىرى (ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك) نى ئىلگىرى ئادەم ئىكەن دەپ بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈككە ئادەم خاراكتېرىنى بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇلارنىڭ ئەجدادى ھون پادىشاھسىنىڭ قىزى بىلەن بۆرىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە، ياكى ئوغۇزخانغا يايلىلىق كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە، ياكى بولمىسا ئۇيغۇلار خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ پورەكلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان بەش ئوغۇلنىڭ ئەۋلادى ئىكەن دېيىلگەن ئەپسانە ۋە باشقىلار. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئەپسانىلەرمۇ ئاددىي بولغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلىم توغرىسىدىكى ساۋاتنىڭ ئېشىشى ۋە ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى كونتروللۇق قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا ئەپسانىلەرمۇ ئۆزگىرىپ - مۇرەككەپلىشىپ بارغان. تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئادەملەر ئۆتمۈشتىكى ھاياتنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرىنى توقۇپ چىقارغان. بۇنداق ئەپسانىلەردە بەزى ئۆرۈپ-ئادەتلەر، قائىدە-يوسۇنلار ياكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بىرەر مۇھىم ۋاقىئەلەرنى مەلۇم بىر قەھرىمان شەخس يارىتقان؛ ياكى ئاتا-بوۋىلىرىنى تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن مەلۇم بىر تەدبىرلىك باتۇر قۇتقۇزۇپ قالغان دېگەندەك ئەقىدىلەر سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇاشيالاردىكى پەنگۇ بىلەن نۈيۋا توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ئۇزاق قەدىمكى زاماندا دۇنيا بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا دائىر چۈشەنچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كېيىنرەك قەۋملەر ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئەپسانىلەرمۇ دىنىي تۈس ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالىپ ئەرتوڭا» (ئەفراسىياپ) توغرىسىدىكى رىۋايىتى ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن باشلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىڭ ياشقا كىرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. كېيىنرەك تۈزىتىلگەن نۇسخىلىرىدا بۇ قەھرىماننى نوھ پەيغەمبەرنىڭ دىنىدا دېيىلسە، بەزى نۇسخىلىرىدا مەجۇسى دىنىدا، ھەتتا ئىسلام دىنىدا دەپ سۆزلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، قەدىمكى ئېغىز ئەدەبىياتىمىز نەمۇنىلىرىنىڭ يازما نۇسخىلىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بىزگىچە ئەينەن يېتىپ كېلەلمىگەن.

## يېزىق

يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى، مەنىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان بولىدۇ. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئۆسۈپ، ئۇرۇغ-تارىغلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇرۇغ-تارىغلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى، شەخسى قورال-ياراغلىرىنى، ئەسۋابلىرىنى پەرق ئېتىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ؛ ئەنە شۇ نەرسىلەرگە، ئۆي ھايۋانلىرىغا تۈرلۈك ئۇرۇغ-تارىغلارنىڭ ناملىرى (ۋە بەزى ئۇرۇغ-قەۋملەرنىڭ توتېملىرى) بىلەن ئالاھىدە بەلگە قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئوغۇزلارنىڭ ھەربىر ئۇرۇغىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان ئايرىم تامغىسى بارلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن پوكروۋىسكىي «دۇنيانىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى» دا، بۇرياتلاردا ئۇرۇغ ئاقساقىلىنىڭ مۈلكىگە ئىشلەتكەن بەلگىلەر (↓ قۇشنىڭ پۇتى، ↑ ئوت ياكى تىرناق، ⌒ ئوقيا، ⊞ چانىنى بىلدۈرىدۇ دېگەنگە ئوخشاش) نى، نىكولىسكىي «ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مەدەنىيىتى» دە، كۆچمەنچى قەۋملەردە ئاتلارغا ئىگىلىرىنىڭ تامغىلىرى بېسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئەنە شۇنداق ئىدېئوگرافىك بەلگىلەر ئەمەلىيەتتە رەسىملىك يېزىقنىڭ ئىخچاملاشقانلىقى بولۇپ، مەلۇم شەكىل ۋە مەنىلەرنى بىلدۈرگەن؛ شۇنىڭدەك مۇنداق بەلگىلەر كۆپەيگەن ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى بارغانچە كېڭەيگەن.

دەسلەپتە، بەزى قەبىلىلەر تۈگۈن يېزىقىنى قوللانغان. يەنى ئۇلار تانىلارغا ئالاھىدە تۈگۈنلەرنى تۈگۈپ مەلۇم نەرسىنى ئىپادىلىگەن؛ تۈگۈنلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، سانى، تانىنىڭ باش-ئۇچى يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ مەلۇم ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. بەزى تۈگۈنلەرنى ئايرىم مەنىلىك رەڭلەر بىلەن بوياپ قويغان (سېرىق تۈگۈن - پۇل-مالنى، يېشىل تۈگۈن - ئاشلىق ۋە مېۋە-چېۋىنى، ئاق تۈگۈن - ئامان-ئېسەنلىكنى بىلدۈرگەن). يەنە جىسىم يېزىق دېگەن ئالاھىدە بىر خىل يېزىق ۋاستىسى بولغان. يەنى مەلۇم بىر جىسىم ئارقىلىق بىرەر كىمگە مەلۇم ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن ياكى مەلۇم بىر نەرسىنى ئېسىگە سالغان. قەدىمكى ئاخمانىيلەردىن پادىشاھ دارىي ساقلارغا تەسلىم بولمىسا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ساقلار پادىشاھى جىسىم يېزىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. يەنى بۇ يېزىق پاقا، چاشقان، قۇش ۋە ئوقتىن تەركىب تاپقان جىسىم يېزىق ئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىكەن: ھەي دارىي، قۇشتەك تېز ئۇچۇپ كەت، پاقىدەك كۆلگە كىرىۋال ياكى چاشقاندەك تۆشۈككە يوشۇرۇنۇۋال، بولمىسا ئوق يەيسەن. دېمەك، جىسىم يېزىق ئىروگلىفنىڭ باشلىنىشى دەپ تەھلىل قىلىنماقتا. بۇنداق يېزىقنىڭ سارقىتلىرى ھازىرمۇ بەزى ساۋاتسىز كىشىلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. مەسىلەن، غازاڭ، سامان، يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى كونۋېرتقا سېلىپ يوللاش جىسىم يېزىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يېزىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى رەسىم يېزىق. بۇ يېزىقتا كەڭرەك دائىرىدە ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان رەسىملەر قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئاسماننى بىلدۈرمەكچى بولسا بىرقانچە يۇلتۇز سىزىلغان؛ يولنى بىلدۈرمەكچى بولسا تاپان ئىزلىرى سىزىلغان؛ مەسىلەن، مېكسىكىلىقلار يېقىنلىقنى بىلدۈرمەكچى بولسا چىشنى، تۇتماقچى بولسابىر جۈپ قولنى سىزىپ قويغان. بەزى قەۋملەر

www.uyghurkitap.com

قىياتاش ياكى ياغاچلارغا تۈرلۈك مەنىلىك بەلگىلەرنى ئويۇپ قويۇش بىلەن مەقسەتلىرىنى ئاڭلاتقان. ئەنە شۇنداق تۇغۇلغان يېزىق، جىسىم يېزىق، رەسىم يېزىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىدېئوگرافىك يېزىق كېلىپ چىققان.

خەنزۇ ئالىملىرى ياڭشياۋ مەدەنىيىتىدىكى يېزىق



1-رەسىم




2-رەسىم



3-رەسىم

رولىنى ئوينىغان بەلگىلەرنى تۇغۇن، ئويما ۋە رەسىم يېزىقلار ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم، تىل بىلەن بەلگە ـ يېزىق بىر-بىرىگە باغلىق ھالدا پەيدىنپەي پەيدا بولغان. يېزىق بولسا، ئۇقۇم بىلەن تىلدىن كېيىنرەك پەيدا بولغان. ئارخېئولوگلار ۋە يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيانىڭ ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان زونىلىرىدىكى قەۋملەر يېزىقنى بالدۇر ئىجاد قىلغان. لېكىن بۇنىڭدىن يېزىق بىر زونىدا پەيدا بولۇپ، شۇ زونىدىن باشقا زونىلارغا تارالغان دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بەزى قەۋملەرنىڭ ياراتقان تامغا-بەلگىلىرى يېزىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، بەزى قەۋملەرنىڭ تامغا-بەلگىلىرى تامغا-بەلگە پېتىچە تۇرۇپ قالغان. ئادەملەر قەبىلە-ئاغۇش بولۇپ ياشاشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. يېزىق جەھەتتىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز دەپتونۇلغان دىڭلىن، گوز ـ سىرلار ياشىغان كەڭرى دىياردا، كەينى-كەينىدىن مەلۇم بولغان قىياتاش رەسىملىرى قاتارىدا خىلمۇ خىل تامغا-بەلگىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق تامغىلاردا مەزمۇن جەھەتتىن ئوۋ، بايرام، ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى، جەڭ-سۈلھ، توي-تۆكۈن، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە قورال-ياراغ قاتارلىق پائالىيەتلەر خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇنداق تامغىلارمۇ يېزىقنىڭ باشلانغۇچ شەكلى بولۇپ، ئىروگلىف بىلەن فونېتىكىلىق يېزىق ئارىلىقىدىكى ئىدېئوگرافىك يېزىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئەجدادلىرىمىز «كەرتۈك» دەپ ئاتىغان. قىيا تاشلاردىكى يېزىق تۈسىنى ئالغان بۇ بەلگىلەرنىڭ كاللىگرافىك جەھەتتىن خىلمۇ خىللىقى بۇ «يېزىق»لارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن ئىككى رايوندا تېپىلغانلىرىنىڭ نەمۇنىسىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ نەمۇنىلەر ـ توقسۇن ناھىيىسى كۆجەي يېزىسىدىكى پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدىكى يېزىق تۈسىنى ئالغان بەلگىلەر (ئابدۇقەييۇم خوجا سىزغان نۇسخا بويىچە 1-رەسىم)؛ سابىق سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قاراسۇق دەۋرىگە ئائىت دەپ پەرەز قىلغان ئويپات خارابىسىدىن تېپىلغان ئوشۇق (قوي ئوشۇقى ـ ئويناش ئۈچۈن ئىشلەنگەن) قا ئويۇلغان بەلگىلەر (جۇلىيەنكۇەن سىزغان نۇسخىلار بويىچە 2-، 3-رەسىملەر) ۋە ئاباقاندىكى ئوردا-قەسىر خارابىسىدىن تېپىلغان خىش-ۋاداڭدىكى بەلگىلەر (3-رەسىم) دىن ئىبارەت.

يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىنى مۇنداق قىياس قىلىش مۇمكىن. 1-رەسىم 1-قۇردا: تاغ-ئورمان-تۇرالغۇدىن مېڭىپ-چىقىپ، ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن ئالقاننى ئالقانغا ئۇرۇپ، چاڭغاق بىلەن كۆلدە «ئاب» (ئوۋ ـ يوقاق) قىلىمىز. 2-قۇردا: تۇرمۇش-ئەمگەك ۋاستىلىرى يەنى قازان-قومۇش، قورال-ياراغلار: تەڭنە ـ ئاياق، قوشۇق، سەرىنچ (چېلەك-سۈسىق)، پالتا، ئوقيا، چوماق-بۇلار قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى قاتارىدا چىققان يېزىقسىمان بەلگىلەر، بۇلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. 2-، 3-رەسىملەرنى تارىخشۇناس جۇلىيەنكۇەن بۇ يېزىق بەلگىلىرىدە «رۇن» (Runes) ئېلىپبەسىنىڭ ئامىللىرى بار، دەيدۇ. بۇ بەلگىلەرنىڭ تارىخى (خىش-ۋاداڭلارغا چۈشۈرۈلگىنىگە قارىغاندا) 7-ئەسىرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، جۇلىيەنكۇەننىڭ مۇنۇ پىكرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، دەپ تەكىتلەش كېرەك. ئۇ دەيدۇ: «دىڭلىنلار بىرخىل يېزىق بەلگىلىرىنى كەڭ قوللانغان. بۇ بەلگىلەر تۈرلۈك ئامىللاردىن، يەنى ھازىرغىچە ئىسپاتلانغان ۋە يەنسەي (دىڭلىنلار ياشىغان ماكانلاردىن بىرى ـ نەقىلچى) نىڭ ئۆزىدە قەدىمدىن بۇيانقى بەلگىلەر، چەتتىن كىرگەن جۇڭگو يېزىق بەلگىلىرى ۋە رۇنىي يېزىق بەلگىلىرىدىن تەركىب تاپقان. دىڭلىنلار مەلۇم جەھەتتىن ئۆز تىلىنى ئەشۇ بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ».

يېزىقشۇناسلارنىڭ قارىشى فونېتىكىلىق ـ ئېلىپبەلىك يېزىق ئاۋۋال ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلاردا ئىجاد قىلىنىپ، ئۇ يەردىن شەرققە ـ غەربكە ۋە جەنۇبقا تارالغان دېگەن پىكىرگە مەركەزلەشكەن. رەين ـ دوناي بويلىرىدىكى گوتلار ئىشلەتكەن يېزىقنىڭ يادىكارلىقلىرى تېپىلغاندا، ئۇنى دەرھال ئوقۇيالمىغانلىقتىن «رۇنىي» (سىر ـ سىرلىق) دەپ نام بەرگەن. كېيىن ئورخۇن-يەنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىمۇ «رۇنىي» دەپ ئاتىغان. تومسون ۋە رادلوفلار ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن «رۇنىي» بولماي، بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكلى ئوخشاشلىقىغا قاراپ، يېزىقشۇناسلار سوغدىلار ئارقىلىق كىرگەن «ئارامى يېزىقى» دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. دەرۋەقە، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى لىدىيىنىڭ مەركىزى ـ ساردىختىن ئارخېئولوگلار 1910-1913-يىللىرى نەچچەخىل بىتىكتاشنى تاپقان. بۇ يېزىقنىڭ

قوللىنىلغان ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرگە توغرا كېلىدىكەن. «لىدىيە يېزىقى» غا يېزىقشۇناسلار «لىدىيە-گرېك يېزىقى» ۋە «لىدىيە-ئارامى يېزىقى» دەپ نام بەرگەن. بۇ ئېلىپبەلىك يېزىقتىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر-ئورخۇن ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرگە ئوخشايدۇ. لىدىيە-ئارامى يېزىقى ئوڭدىن سولغا ھەرپلىرى چېتىلماي يېزىلىدۇ، ئۇيغۇر يېزىقى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھەرپلەر سۆزمۇ سۆز چېتىلىپ يېزىلىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ھەرپلەرنىڭ ئىپادىلىگەن تاۋۇشلىرى «لىدىيە-ئارامى يېزىقى» نىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ.

بۇ يېزىقلاردىن باشقا، تارىم بويىدىكى ئەجدادلىرىمىز براھما يېزىقىدىن ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان «قارۇشتى» يېزىقىنى قوللانغان. قارۇشتى ۋە براھما يېزىقلىرىغا ئوخشايدىغان «توخرى يېزىقى» نىمۇ قوللانغان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن يېزىقسىمان بەلگىلەرنىڭ تارىخى، بىرىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرگە، نېرىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10-ئەسىرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان يېزىق يادنامىلىرىنىلا كۆزدە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي يېزىقىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 6-ئەسىردىن باشلىنىدۇ.

# تۈگەنچە

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق-قەدىمكى مەدەنىيلىك ھالەتلىرىدىن تەخمىنىي چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق. ئەلۋان-تۈرلۈك قەۋم-قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر خەلقى ئۆتمۈشتىن تارتىپ كەڭرى دىيارغا — بىرقانچە زونىغا تارقىلىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، قەدەم - جايلىرىدا نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇرغان. بۇلار مىلادىيە تارىخى باشلىنىشتىن خېلى ئىلگىرىكى زامانلارغا تەئەللۇق ئىزلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەتنى ياراتقان. ماكانلاشقان دىيارىغا ماسلىشىپ ھەم ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ-ئۆزگەرتىپ، ماددىي-مەنىۋى جەھەتلەردىن ئەينى ماكان، ئەينى زاماندا ئالەمشۇمۇل يېڭىلىقلارنى ياراتقان. ئەنە شۇنداق يېڭىلىقلاردىن «بەش يېڭىلىق» نى ئالاھىدە بايان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 1. كارىز

«كارىز» سۆزى پارسچە سۆز، مەنىسى «يەر تېگىدە سۇ ئاقتۇرۇلىدىغان ئېرىق» دېگەنلىكتۇر. بۇ نامنىڭ قاچان قويۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. كارىز دېيىلگەن بۇ مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائاتى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياشىغان ماكانلاردىن «تۇرپان ئويمانلىقى» (جۈملىدىن تۇرپان، توقسۇن، پىچان ۋە قۇمۇللار) غا مەركەزلەشكەن ۋە كۇچانىڭ ئايرىم رايونلىرىدا ئۇچرايدۇ. ھەتتا كېسەك قويۇش ئۈچۈن يەرنى تۆت چاسا ئويۇپ، سۇ يىغىدىغان ئۆرەكمۇ «كارىز» دېيىلىدۇ. تىل ماسلاشقاق ۋە ئۆتۈشكەك ھەم يەڭگىللىكنى خالايدىغان ئالاقە قورالى ئىكەن. ئۇيغۇرلار «ئەت»، «ئەكمەك»، «ئۆگۈز» دېگەندەك قەدىمكى سۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا «گۆش»، «نان»، «دەريا» دېگەندەك پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەتمەكتە. بۇ، بىرقانچە ئەسىرلىك ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن ھادىسە. بىرەر نەرسىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئۇنىڭغا قويۇلغان نام بىلەن كەسكىن ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى تارىخىدا، كىشىلەر كارىز بىلەن چاڭچېڭ (سەددىچىن سېپىلى) ۋە يۈنخې (قانال) نى قەدىمكى دەۋردىكى ئۈچ چوڭ ئىنشائاتىمىز دەپ تەرىپلەيدۇ. مۇئەللىپلەردىن ئەنزوجاڭ «ئىككى خەن بىلەن غەربىي دىيارنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «گېئولوگ خۇاڭجىچىڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت تۇرپان تەرەپتىكى كارىزلارنىڭ ھەممە يېپىق ئېرىقلىرىنى تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولسا 2500 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇنداق زور ئىنشائاتنى سەددىچىن سېپىلى ۋە چوڭ قانال بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ ئىنشائات دەپ ئاتاشقا بولىدۇ» غانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، شەرقىي شىنجاڭدا — تۇرپان ئويمانلىقىدا جەمئىي 1160 كارىز بار ئىكەن.

تارىخىي يازما مەنبەلەردىمۇ بەزى ئىشارەتلەر بار. سۇڭ خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭيەندېنىڭ خاتىرىنامىسىدە: «سۇلىرىنىڭ مەنبەسى ئالتۇن ئارت (تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي تارماقلىرىدىن بىرى) دىن باشلىنىدىكەن. ئېرىقلار شەھەر ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئۆتۈپ، ئېتىز، باغ - ۋارانلىرىنى سۇغۇرۇدىكەن. سۇدىن تۈگمەن چۆرگىلىتىدىكەن» دەپ يېزىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلار تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن كولىنىپ، تولىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقتۇرۇلغان.

تۇرپاننىڭ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان قۇرغاق كېلىماتىدا سۇنىڭ ئۇچۇقچىلىقتا يارغا ئايلىنىشى تېز بولغاچقا، ئەنە شۇنداق كارىز دېگەن يېپىق ئېرىق كەشىپ قىلىنغان. چارۋا مال ئۈچۈن ئوتلاق كەم بولغاچقا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە يايلىتىلغان. ھەتتا ئىدىقۇت خانلىرى جىمبالىق (جىمسار) نى يازلىق پايتەخت قىلغان. دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرى (مەسىلەن، شىئەن ۋە شەرقىي ئىران) دا كارىز چېپىلغان بولسىمۇ لېكىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكىدەك تەرەققىي قىلمىغان ۋە بۈگۈنگىچە ساقلانمىغان.

## 2. پاختا

ئەجدادلىرىمىز تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم بويلىرىدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق، شال قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى، چامغۇر، تۇرۇپ ۋەشۇنىڭدەك كۆكتاتلارنى، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما-ئانار، ئۈزۈم-ئۈجمە، قوغۇن-تاۋۇز ۋە باشقا مېۋە-چېۋىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ-ئېكىپ ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە پاختا، چېگە-كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئەككەن. پاختىنى مىسال قىلساق، ئادەتتە كىشىلەرپاختىنى غەربتىن ۋە ھىندىستاندىن كىرگەن دەپ بىر تەرەپلىمە پىكىر بايان قىلىشىۋاتىدۇ. ئېھتىمال پاختىنىڭ يېڭى سورتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق تەڭرىتاغ ئورمانلىقىدا ياۋا كېپەز ئۆسىدىغانلىقى خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بولغان.

جۇڭگودا پاختا توغرىسىدا ئەڭ بالدۇرقى مەلۇمات «لياڭنامە» دە قەيت قىلىنغان. لياڭ — شىمالىي-جەنۇبىي خانلىقلارنىڭ بىرى، 502-557-يىللىرى يەنى 55يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۆلۈنمە خانلىق. «لياڭنامە»

(تاڭ دەۋرىدە، ياۋسىليەن 635-يىلى تۈزگەن) نىڭ «غەربىي شىمالىي رۇڭلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق يېزىلغان: «گاۋچاڭ (قوچۇ) مەملىكىتىدە . . . دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ تولا. مېۋىسى پىلە غوزىسىدەك ئۆسۈملۈك بار، غوزىسىدىن يىپەككە ئوخشاش ئىنچىكە تالا چىقىدۇ، بۇنى بەختەس دەيدۇ؛ بۇ ئەلدىكىلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ، رەختى ئاپئاق، بازاردا سېتىلىدۇ». مۇشۇ مەزمۇندىكى بايان «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «خەيلۇ زاشى»، «گۇاڭيۇجى» دېگەن كىتابلاردىمۇ تەكرارلانغان. دېمەك، پاختىنىڭ ئىچكىي ئۆلكىلەرگە مەلۇم بولغان ۋە كىرگەن ۋاقتى 6-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمما، پاختا مىلادىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا، قوچۇ-ئۇدۇن قاتارلىق يەرلەردە ئاللىقاچان ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك رەختلەر توقۇلغان ۋە تۇرمۇشتا كەڭ ئىستېمال قىلىنغان. چۈنكى نىيە مەدەنىيەت ئىزىدىن (ئارخېئولوگىيىلىك ئاخىرقى ۋاقىت چېكى شەرقىي خەن دەۋرى، يەنى مىلادى 25-220-يىللىرى) ئەر-خوتۇن بىللە كۆمۈلگەن قەبرىدىن نۇرغۇن يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن بىللە ئىككى پارچە ھەمزەك (كۆك باسما بۆز) تېپىلغان. قوچۇ-تۇرپان رايونىدىن (جىن دەۋرىدىن شىمالىي خانلىقلار دەۋرىگىچە، يەنى 3-6-ئەسىرلەرگىچە تەئەللۇق) پاختا توقۇلمىلار چىققان. ئۇيغۇر تىلىدا، ئېتىزدىكى پاختا ئۆسۈملۈكىنى «كېپەز»، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى «پاختا» دەيدۇ؛ پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەختنى «بۆز» دەيدۇ (بۆزنىڭ سىپتە توقۇلغىنىنى «تولىما»، قېلىن توقۇلغىنىنى «چەكمەن»، بۆزگە تۈرلۈك بوياقتا گۈل بېسىلغانلىرىنى «ھەمزەك»، «سەرگەز»، «شاھ تاۋار» دەيدۇ). مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەلتۈرگەن مىساللاردىن: «كەپەزلىك - كېپەز تېرىلىدىغان يەر؛ كەپەزلىك ئەر - كېپىزى بار ئادەم». ئۇيغۇر تىلىدا يۇمشاقلىقنى پاختا ياكى پىلە بىلەن سۈپەتلەيدۇ. فەتھەلى خاننىڭ «كىتابى لۇغەتت - تەراكىيە» دېگەن كىتابىدا (1690-يىلى يېزىلغان) «پختە - پاختا، ماموق يەنى چىگىتى تازىلانغان پاختا» دەپ، شۇنىڭدەك «لۇغەت چەغتايى»دە: «پختە»غا «پاموق يەنى ماموق» دەپ ئىزاھ بەرگەن. ھىندۇ تىلىدا (سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن) پاختىنى «*Karpas* - كەرپاس» دەيدۇ؛ ئەرەب تىلىدا «قۇتن» دەيدۇ (چىگىتلىك پاختىنى «قۇتن خام» دەيدۇ)؛ پارسچىدا «كرباس» - كەرباس دەيدۇ. ئەرەبچىدىكى «قۇتن» ياغاچ پاختىنى بىلدۈرۈدىغان *Kudun* غا يېقىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كەندىر-چىگىدىن توقۇلغان رەختنى ۋە خام ئەشياسىنى «كاتان» دەيدۇ.

### 3. يىپەك

جۇڭگو دۇنيادا پىلىچىلىكنى ئەڭ ئاۋۋال ئىختىرا قىلغان مەملىكەت. شۇڭا، غەربلىكلەر جۇڭگونى قەدىمكى زاماندا «يىپەك مەملىكىتى» دەپ ئاتىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە ئۆتكەن گرېك تارىخچىلىرى ئونېسكرىدوس، نېئاركوس، كىتىفوس، شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ گاندىراگوپتا پادىشاھىسى زامانىدا ياشىغان چادرىيە ئەسەرلىرىدە جۇڭگودىن يىپەك چىقىدىغانلىقى ۋە يىپەك ماللار كەلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن.

پىلە - يىپەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە سىچۈەن، غەربىي دىيار (ھازىرقى شىنجاڭ) رايونلىرىدا بالدۇرراق راۋاجلانغان. يىپەك ۋە يىپەك ماللار ئاۋۋال شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا تارقالغان. پەقەت شىنجاڭ رايونىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردا توقسۇن ئالغۇيدىن چىققان تۇس گۈللۈك كەشتىلەنگەن تاۋار (توقۇلغان ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-5-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ)، ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىدىكى تىك ياغاچ لەھەتلىك قەبرىلەردىن چىققان تۈرلۈك ساپال، مىس قاچىلار بىلەن بىللە يىپەك مال (ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-3-ئەسىرلەر يەنى ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ)، كىروران، ئۇدۇن، قوچۇ، ئاگنى، كۇچا، باي، بارچۇقلاردىن تېپىلغان يىپەك ماللار، بولۇپمۇ نىيە مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان تاۋارلار تارىم-تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ پىلىچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز پىلە قۇرۇتى بېقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۈجمىنى ئاللىقاچان ئۆزلەشتۈرگەن، ھەتتا سۈنئىي يول بىلەن، مەخسۇس پىلە قۇرۇتى ئۈچۈنلا مەخسۇس ئۈجمە چاتقاللىرىنى ئۆستۈرگەنلىكى مەلۇم. شۇنداقلا ئۈجمىنىڭ خىلمۇ خىل سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەن.

بۇ دىياردىكى قەۋملەر يۇڭ توقۇمىچىلىقتا ھۈنەر - سەنئەتتى ئۆزگىچە - ئالاھىدىلىكى بىلەن بىللە، يۇقىرى سەۋىيىگە يۈكسەلگەن. يىپەك توقۇمىچىلىقتا يۇڭ توقۇمىچىلىقتىكى ھۈنەرنى تەدبىق قىلىپ، يىپەك رەختلەرنى رەڭدار، ئۆزگىچە گۈللۈك ۋە ناھايىتى سىپتە توقۇش بىلەن ئىچكىي - تاشقىي بازارلاردا خېرىدارلىق بولغان. بۇنىڭدىن باشقا پاختا بىلەن يىپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇش سەنئىتىنى ئىختىرا قىلغان. يۇڭ بىلەن يىپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇش تېخنىكىسى بىلەن زىلچا-گىلەم توقۇغان. غەرب سودىگەرلىرى تارىم بويىدىكى ئەللەر ئارقىلىق، بارا-بارا سىچۈەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان. غەربلىكلەر ئاۋۋال سوغراق (قەشقەر) نى «سېرىس» (شايى ئېلى) دەپ ئاتىغان، «سېرى ~ سېريا» قەشقەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نامىغا يېقىن كېلىدۇ. كېيىن جۇڭگونىڭ ئىچكىي رايونلىرىنى «سېرىس» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئىران-خوراسانلىقلارنىڭ خوتەننى «چىنى ماچىن» دەپ ئاتىشىمۇ، ئۇلار ئىچكىي ئۆلكىلەر بىلەن خوتەن ئارقىلىق ئالاقە قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. خوتەننىڭ يىپەك ماللىرى غەربىي ئەللەرگە سېتىلغاندىن تاشقىرى، ئىچكىي ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇلغان. مەسىلەن، بەنچاۋ ئاكىسى بەن گوغا ئاق شايى سوغا قىلىپ ئەۋەتكەندە، بەن گو مۇنداق جاۋاپ خەت يازغان: «ئەۋەتكەن 300توپ ئاق شايى، بازارلىق كۆشان ئېتى، خۇشبۇي دەرمەك، چەم قوياقنى تاپشۇرۇپ ئالدىم».

دېمەك، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەر ۋە تارىخي ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن، تارىم-تۇرپان ئويمانلىقىدىكى پىلە-يىپەكچىلىكنىڭ تارىخي ئىككى يېرىم مىڭ يىلدىن كەم ئەمەس دېسە مۇبالىغە بولماس.

### 4. قەغەز

قەغەز جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىدىن بىرى. تارىخىي يازما مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، مىلادى 105-يىلى سەيلۇن ئۆتكەنكى ئادەملەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، قوۋزاق، كەندىر تالاسى، ئەسكى-تۈسكى لاتا، كونا بېلىق تورى دېگەندەك نەرسىلەرنى خام ئەشيا قىلىپ، ناياپ (قەغەز

سۈيۈقلۇقى) تەييارلاپ، بۇنىڭدىن قەغەز ئىشلىگەندىكەن. ئەمما خەلق ئارىسىدا قەغەز ياساش تېخنىكىسى سەيلۇندىن ئىلگىرى كەشپ قىلىنغانلىقى ئېنىق. قەغەزچىلىك ھۈنىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تارقالغان دېگەن پىكىرگە ئاساسەن، بۇ ھۈنەر ئالدى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شەرقىي خەن دەۋرى (مىلادى 25-220-يىللار) دىن ئىلگىرى تۇرپان-تارىم ئويمانلىقلىرىدا قەۋملەر قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان. 1901-يىلى ئاۋرېل ستېيىن لوپنۇردىن قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان (ئارخېئولوگىيىلىك ئاخىرقى ۋاقىت چېكى ۋېي-جىن دەۋرلىرى يەنى مىلادى220-420-يىللار). 1910-يىلى ۋېنادىكى بوتانىك-فىزىئولوگ ۋېسنېرنىڭ خىمىيىۋى ئانالىز قىلىشىچە، بۇ قەغەزلەر لاتا قېتىلغان ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم. يەنە شۇ دەۋرگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلانغان تېپىندىلەردىن تۇرپان رايونىدىكى قەبرىلەردىن قەغەزكەش ۋە قەغەز ئادەم چىققان. شاڭخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىقات ئورنىنىڭ خىمىيىۋى ئانالىز قىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن ئىشلەنگەن؛ كۆپ قىسمى كەندىردىن ئىشلەنگەن ۋە كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن ھەم برائك توقۇلمىلاردىن پايدىلانغان. تالالىق خام ئەشيانى تالالاش ۋە ئىشلەش جەھەتتە غەربىي خەن دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206-25-يىللار) دىكىدىن خېلىلا يۈكسەلگەن: ماي ماددىسىدىن ئېرىغداش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنغان؛ ناياپنىڭ سۈپىتىمۇ روشەن دەرىجىدە ياخشىلانغان؛ تالالىرىنىڭ تەكشى-سىپتىلىكىمۇ يۇقىرى بولغان؛ ئۆسۈملۈك يىلىمى قوشۇلغان ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز ۋە ئەتىقە قەغەز دېيىلىدىغان ئاقارتىلغان (سۈت) قەغەز دۇنيادائەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن ئېسىل قەغەزلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان قەغەزلەر ئىچىدە كراخمال ۋە ھايۋان سۆڭىكىنىڭ يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار. بۇنداق قەغەز دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۈيدىن ساقلاش ئۈچۈن سىرىق بويالغان.

دېمەك، تۇرپان-تارىم ئويمانلىقىدىكى قەۋملەر مىلادىدىن ئىلگىرىلا قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، قەغەزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ھەم يېڭى سورتلىرىنى ياراتقان. قەغەزچىلىك ھۈنىرى بۇ يەر ئارقىلىق خوراسان-ئىرانغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.

## 5. مىخ مەتبەئە

مەتبەئە - جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىدىن بىرى. مەتبەئە كەشپ قىلىنغىنىغا 2000يىلدىن ئاشتى. ئەمما ئىلگىرىكى مەتبەئەلەر ئويما مەتبەئە ئىدى. تولىسى كاتىب ۋە ئويمىكارلارنىڭ قولىدىن چىقاتتى. شىرىفتلىك (دانە-دانە ھەرپلىك) مەتبەئەنى ئادەتتە سۇڭ سۇلالىسىدىن رېنزۇڭ خانىنىڭ چىڭلى يىللىرى (مىلادى 1041-1048-يىللى) دا بى شېڭ كەشپ قىلغان دېگەن پىكىر ئومۇملىشىپ كەتكەن. بى شېڭ يىلىم بىلەن يۇغۇرۇلغان لايغا خەت ئويۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ چىڭىتقان، ئاندىن ئۇ خەتلەرنى تىزىپ بەت ياسىغان. ئەمما، دۈنخۇاڭدىكى مۇگاۋ غارلىرىدىن خەت-شىرىفتلىرى تىزىلىپ بېسىلغان بۇددا نومى - «لانكا ئاۋاتارا- سۇترا» تېپىلغان بولسىمۇ، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىق ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، يورۇقلۇققا چىقماي قالغان. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇنوم تاڭ سۇلالىسىدىن تەيزۇڭ خانىنىڭ جېڭگۇەن يىللىرى (مىلادى 627-650-يىللىرى) دا بېسىلغان دەپ تەھقىقلەنگەن. مۇنداق بولغاندا، شىرىفتلىق مەتبەئەنىڭ كەشپ قىلىنغان ۋاقتى 500يىل ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ياۋروپادا، گېرمانىيىلىك يوھان گېنسفلىش زۇم گۇتېنبېرگ 1450-يىلى مېتال شىرىفتلەر بىلەن بەت ياساش ھۈنىرىنى ئىختىرا قىلغانىدى. جۇڭگودا بى شېڭنىڭ كەشپ قىلغان ۋاقتى گۇتېنبېرگدىن400يىل ئىلگىرى دەپ ھېسابلانغان بولسا، تاڭ دەۋرىدە بېسىلغان نومنىڭ شىرىفتلىق مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ ۋاقتىبويىچە900يىل ئىلگىرى كەشپ قىلىنغان بولىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان شىرىفتلەر ئېلىپبە ھەرپلىرى بويىچە ئىشلەنگەن. بۇنىڭ ۋاقتىمۇ 11-ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق. ئۇيغۇر مەتبەئە تېخنىكىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھەرپلەرنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان بوغۇملارنى تۈرلۈك نۇسخىلاردا شىرىفت قىلىپ ئىشلىگەن؛ بۇ شىرىفتلەر بىلەن تىزىپ بەت ياساپ كىتاب باسقان. ئەجدادلىرىمىز مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى بىر بالداق كۆتۈرۈپ، ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلەتكۈچى خەلقلەر ئىچىدە شىرىفتلىك مەتبەئەچىلىك ھۈنىرىنى ئەڭ بالدۇر ئىختىرا قىلغان. (M1)

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (قەدىمكى دەۋر قىسمى)، جۇيىلياڭ، ۋۇيۇجىن تۈزگەن. خەلق نەشرىياتى، 1973-يىل، بېيجىڭ.
2. ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل نەشرى.
3. ماركس، ئېنگېلس: «گېرمان ئىدېئولوگىيىسى».
4. س. ۋ. كىسىلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1956-يىل، موسكۋا.
5. پ. پىللىئوت: «ئېگىز تۈزلەڭ ئاسىيا» («ئافغان تارىخى» دىكى نەقىل بويىچە).
6. س. ن. بېرنشتام: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇنازىرە»، پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1952-يىل، موسكۋا.
7. ۋاڭ جىجۇن: «گۇەنجۇڭ رايونىدا ياڭشياۋمەدەنىيىتىگە دائىر ئويما بەلگىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «كاۋگۇ ۋە ۋېنۋۇ» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىللىق 3-سانى.
8. «سىخەي»، شاڭخەي لۇغەتچىلىك نەشرىياتى، 1979-يىل نەشرى.
9. ئى. فرىدرىخ: «قەدىمكى يېزىق ۋە تىللار»، دۇنايېۋسكىينىڭ رۇسچە تەرجىمىسى. پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1961-يىل، موسكۋا.
10. ئا. ستېيىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، جۇڭخۇا كىتاب نەشرىياتى نەشرى، 1935-يىل، شاڭخەي.
11. پ. ئا. لىتۋىنسكىي: «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا - شەرقنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت سىستېمىسى»، «پەن» نەشرىياتى، 1986-يىل، موسكۋا.
12. ئا. ن. گلادىشېۋسكىي: «ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1958-يىل، بېيجىڭ.
13. «برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى».
14. ف. گرېنارد: «ئاسىيا ئېگىز تۈزلەڭلىكىدىكى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە» 1989-يىل، پارىژ، II قىسىم، 128-بەت.
15. پرژېۋالسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى»، 1888-يىل، سانپېتربورگ.

www.uyghurkitap.com



# ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى

ماۋيۇشى

ئىلاۋە:

«ئىقتىسادىي ئىسلاھات»، «ئورگانلارنى ئىخچاملاش»، «ئىشتىن قالدۇرۇش»، «سىياسىي ئىسلاھات» دېگەن ئىبارىلەر زامانىمىز كىشىلىرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مودا گەپلەر بولۇپ قالدى. بىراق بىز بۇ ئۇقۇملارنى زادى قانچىلىك چۈشەندۇق؟ بىزنىڭ ئىلمىي مۇئەسسەسىلىرىمىز ۋە ئىلمىي خادىملىرىمىز مەزكۇر ئۇقۇملارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا شەرھىي بەردىمۇ؟

بىزدە ئەگەشمە پىكىر، ئەگەشمە ھەرىكەتلا مەۋجۇد بولدى. ئۆز مۇھىتىمىزنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنالمىغانلىقتىن، ئۆزىمىزگە پايدىلىق قىممەت ئىنقىلابىنىڭ يولىنى تاپالمىدۇق. شۇڭا، بىزدە قۇرۇق گەپ بىلەن فانتازىيىلا مەۋجۇدبولدى. رېئاللىق ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا تۇرىۋېرىپ ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. باشقىلار ئىجاد قىلىش ۋە خەلققە ھۇرلۇك، بەخت يارىتىشنىڭ قەھرىمانىغا ئايلانسا، بىز پاجىئەلىك رېئاللىققا پىسەنت قىلماي ياشاشنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندۇق. بىزدە پىسەنت قىلماي جىم تۇرىۋېلىشنىڭ زەئىپ دانىشمەنلىكى يېتىشىپ چىقتى.

ئىسلاھات شاماللىرى ئىچكىي ئۆلكىلەرنىڭ ۋادىلىرىدا ئۆزگىرىش ۋە باياشادلىق بىخلىرىنى يېتىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زامان زەرداپلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، ساغلام كېلەچەكنى پەرۋىش قىلىدىغان زىيالىيلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بەخت بىلەن پەرۋىش ئۇ رايونلاردىكى يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلەش مەنتىقىسىگە ئايلاندى. يېقىندىن بېرى جۇڭگودا بىر قىسىم ئۆتكۈر پىكىرلىك جەمئىيەتشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ستراتېگىيە ئەھلى بارلىققا كېلىپ، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئىسلاھاتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلاندى. ئۇلار ئاكادېمىيە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ياراتتى. روشەنكى، جۇڭگودا ياخشى كۆڭۈللىرى ئۇچۇن ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان سەنئەت تىپلىق بىلەرمەنلەرنىڭ ئورنىنى تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ھەر ساھە ئالىملىرى ئىگىلىدى. جۇڭگونىڭ ئاخبارات - نەشرىيات مۇنبەرلىرى ئۇلارنىڭ سوغۇققان ئاۋازلىرى بىلەن تولدى.

بۇ يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «7-قېتىملىق ئىنقىلاب - جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1998-يىلدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە» دېگەن كىتاب ئەنە شۇنداق ئاۋازلارنىڭ بىرى. كىتابقا دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ماقالىلىرى ۋە بىر قىسىم ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇنقى 6قېتىملىق ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى ئەسلەپ ئۆتۈلۈش بىلەن بىرگە، 15-قۇرۇلتايدىن كېيىنكى ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى ۋە باسقۇچلىرى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلگەن.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ نۆۋەت سۇنماقچى بولغان «ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى» دېگەن ماقالە مەزكۇر كىتابنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش» دېگەن قىسمى، «ئاتاقلىق ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى بايانلىرى» دېگەن بابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۆۋەتتىكى خىزمەتلەردە بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئوبدان ئىزاھلانغان. بولۇپمۇ مەزكۇر كىتابتىن ئالغان

## قىزىق نۇقتا

ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە ئۇچۇرىمىز شۇكى، جۇڭگو تارىخىدا مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق بولغان:

خەن دەۋرىدە 7945 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، تاڭ دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، چىڭ دەۋرىدە 911 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن بولسا ھازىر 30 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن. روشەنكى ئورگانلارنى ئىخچاملاش تارىخ بىزنى مەجبۇرلىغان ئىنقىلاب. ئىنقىلاب ئۆزىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ يېتىشكە موھتاج. مەزكۇر ماقالە كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى تارىخنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇشقا ياردەم بەرگۈسى ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا رىغبەت بولغۇسى، دەپ ئويلايمەن.

— تەرجىماندىن

### ▲ جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدىكى «كادىر»

ئورگاننى خىللاشتۇرۇش — كادىرلار قوشۇنىنى قىسقارتىش دېگەن گەپ. ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ كادىر چۈشەنچىسىگە قاراپ باقايلى: جۇڭگولۇقلارنىڭ كادىر چۈشەنچىسى چەتئەللىكلەرنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ، پەرق ناھايىتى چوڭ. جۇڭگولۇقلار مەنسەپدارلارنى ھوقۇقى بار، ئۇلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مەنسەپدارلارنىڭ ئالاھىدە نوپۇزى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، ئادالەت مەنسەپدارلارنىڭ قولىدا، ئۇلارنىڭ سۆزى قانۇن. مەنسەپدارلارمۇ ھەقىقەت مېنىڭ قولۇمدا، دەپ ئىشىنىدۇ-دە، ھە دېسىلا مەنسەپدارلىق تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ كۇڭزى ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. كۇڭزىدىن باشلاپ ئاۋام خەلق ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنگەن، بىرى مەنسەپدار، يەنە بىرى پۇقرا (بىرى ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، يەنە بىرى، قارا ئەمگەكچىلەر). ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئادەم باشقۇرىدۇ، قارا ئەمگەكچىلەر باشقۇرۇلىدۇ.

كۇڭزىنىڭ بۇ ئىدىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، جۇڭگو ئەخلاق قارىشىنىڭ نېگىزى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي ئورۇن، دەرىجە پەرقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغان. ئىككى پۇقرا پاراڭلاشقاندا، ئۇلار ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەنسەپدارلىق دەرىجىسىنى ئويلىشىدۇ. چوڭراق مەنسەپدار تېخىمۇ چوڭراق مەنسەپدار بىلەن بىر خىل پوزىتسىيىدە پاراڭلاشسا، ئۆزىدىن كىچىك مەنسەپدار بىلەن باشقا بىر خىل پوزىتسىيىدە پاراڭلىشىدۇ. ۋېلسىپىت مىنگەنلەر بىلەن پىكاپتا ئولتۇرغانلار يول ئۈستىدە جاڭجاللىشىپ قالسا، پىكاپتا ئولتۇرغانلار چۈشۈپ ۋېلسىپىت مىنگەنلەرنى ئۇرالايدۇ، چۈنكى ئۇ سالاھىيىتى يۇقىرى ئادەم بولۇپ، سەن نېمىتىڭ، دېيەلەيدۇ: بۇنىڭ مەنىسى سەن مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك نېمە، دېگەنلىكتۇر.

### ▲ جۇڭگولۇقلارنىڭ «مەرتىۋە» ۋە كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىئىنەزەرى

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەرتىۋە قارىشى ئېغىر. جۇڭگودا راھىبلارمۇ باشقارما دەرىجىلىك، بۆلۈم دەرىجىلىك بولىدۇ، كىشىلىك دۇنياسىدىن شۆھرەت تەمە قىلمايدىغان راھىبلارمۇ دەرىجىگە ئايرىلغان. مەن ئويلايمەنكى، جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن چەتئەللىكلەرگە زادى ئوخشىمايدۇ. چەتئەللىكلەر مەنسەپدارنى ھەرگىزمۇ چوڭ بىلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە جۇڭگولۇقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىئىنەزەرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق دېگەن زادى نېمە؟ ئىمتىياز يوقالسىلا كىشىلىك ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشى زادى نېمىشقا ئاجىز؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمتىياز قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا جۇڭگودا كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولمىقى بەك تەس.

جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قاراش شۇكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. بازار ئىقتىسادىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت پۇلغا بېرىپ تاقىلىدۇ. پۇلى بارلار خالىغان نەرسىنى بېرىپ ئالالايدۇ ۋە مۇلازىمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتىدە بولسا ئەھۋال باشقىچە، يولغا قويۇلغىنى ساپ بازار ئىقتىسادى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار يەنىلا ھوقۇققا تايىنىپ بېجىرىلىدۇ. ھازىرغۇ بىرئاز ياخشىلىنىش بار، بازار ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغانسېرى پۇلنىڭ رول ئالىدىغان دائىرىسى كېڭەيدى، لېكىن كۆپ جايلاردا يەنىلا مەسىلىلەرنى پۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. يەنىلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قولىدىن تەستىق سېلىش كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ قولىدىن تامغا بېسىش كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھوقۇق قوغلىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئورۇن ۋە دەرىجە قوغلىشىدىغان بولدى.

لېكىن چەتئەلدە پۇل بولسىلا بولىدۇ، بىراق جۇڭگودا پۇلۇڭ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ھوقۇقۇڭمۇ بولۇشى كېرەك. ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا مۇھىم. قەدىمدىن تارتىپ يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆستۇرۇپ كەلگەن، بۇ بىر خىل ئىش ھەققى. بۇ ئىشلار ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ، بىراق جۇڭگودا ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولار.

### ▲ ھۆكۈمەت پۇقرانى قوغدايدىغان بولۇشى كېرەك

بۇ خىل ھادىسە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ باشتىكى رولى بىلەن تامامەن ئەكسىچە. ھۆكۈمەت زادى نېمە قىلىدىغان نەرسە؟ ئىككى ئادەم ئارىسىدا بىرەر ئىش بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەنە بىرسى بولۇشى كېرەك. دېمەك ھۆكۈمەت پۇقرانى قوغداش ۋە پۇقرانىڭ ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. ياكى يامان ئادەملەرنى توسۇش، پۇقرالار ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن ھۆكۈمەت كېلىپ چىققان.

ھۆكۈمەتنىڭ تۈپكى رولى — پۇقرالارنى قوغداش.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدا ئىمتىياز بولىدۇ. ئىمتىياز بولمىسا ھۆكۈمەت ئىقتىدارسىز بولىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت پۇقرالارغا ئوخشاشلا ئىمتىيازسىز بولسا، ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتتە ئالىي ئىمتىياز بولۇشى كېرەك. بۇ ئىمتىياز ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا زۆرۈر. بىراق ھۆكۈمەتنىڭ ئىمتىيازى ھازىرقى ئەھۋالدا بەك چوڭ بولۇپ كەتتى.

ھازىرقى شارائىتتا، پۇقرا ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان كادىردىن زادى قانچىسى بار؟ ناھايىتى ئاز. نۇرغۇنلىرى پۇقرالارنى باشقۇرىمەن، قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىمەن، دەپ ئويلايدۇ. پۇقرا بىلەن مىزان توقۇنۇشۇپ قالسا، ئۇلار مىزان ئىجرا قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، پۇقرالارنى قوغداشنى ئاساس قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىسى بەزىدە بىردەكلىككە ئىگە، بەزىدە بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس. مىزان دېگەن نەرسە ھەممە ئەھۋالغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغاندا يۇكسەك پرىنسىپ بولۇشى كېرەك. مىزان نېمىگە ئاساسەن تۈزۈلىدۇ؟ پۇقرالارنى قوغداش ئۈچۈن، باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رولى تەلەپتىن يىراق.

## ▲ ئالاھىدە نوپۇزنىڭ بازارغا بولغان ئاۋارىچىلىقى

مېنىڭچە، ئەڭ باشتا، شەرق بىلەن غەربتە ھۆكۈمەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمىتى بىخ ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۆزىنىڭ رولىنى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاقساقاللار ئارقىلىق ئۆتىگەن. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئادالەتنى ۋە ئۆز پۇقرالىرىنى قوغدىغان. غەرب ياكى شەرقتە بولسۇن، يىراق دەۋرلەردىكى ھۆكۈمەت ئاشۇنداق كېلىپ چىققان. ھۆكۈمەتنىڭ ئىمتىيازىنىمۇ كىشىلەر تونۇغان. لېكىن ئادەملەر بارا-بارا ھوقۇقنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ قىلىپ، جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلار سىنىپى پەيدا بولدى. غەربتىمۇ شۇنداق. قۇل بولمىغان جەمئىيەت مەۋجۇد بولالمايتتى. ئەپلاتون بىلەن كۇڭزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىسى ئوخشاش ئىدى.

شۇڭا، بازار ئىقتىسادى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر بۇنداق جەمئىيەتنىڭ قانداق ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. دەرىجە ۋە پەرق بولمىسا، ئادەم ئادەمنى باشقۇرمىسا، ئەمىنلىك بولامتى، دېيىشتى. بازار ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئادەم ئادەمنى باشقۇرمىسىمۇ جەمئىيەت ئامان بولىۋېرىدۇ، جەمئىيەت ئامان بولۇپلا قالماي، پۇقرالار بېيىدۇ.

پەرق نەدە؟ پەرق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكىدە، بىر-بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغانلىقىدا، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم دەپ قارالغانلىقىدا، ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ بولمىغانلىقىدا.

بازار ئىقتىسادى ئالاھىدە نوپۇز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئىقتىساد، نوپۇز ئاستىدىكى ئىقتىساد بازارغا يۈزلىنەلمەيدۇ. جۇڭگودا بازار بار، بازار تۈزۈمى يوق، چۈنكى ئىشلارغا نوپۇز ئارىلىشىۋالدۇ. نوپۇز سېنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىڭغا چېقىلىپ تۇرىدۇ، نورمال ھەرىكىتىڭنى ۋە ئەركىنلىكىڭنى بوغۇپ تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلىپ بىر يەرگە بارساڭمۇ ھوقۇق سېنى بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. ھوقۇقنىڭ رولى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! نوپۇزنىڭ رولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى!

## ▲ جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى ئەڭ زور مەسىلە - ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى

ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى نوپۇزى ئاجىزلاشتۇرۇلسا، جۇڭگونىڭ بازارلىرى قالتىس تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

مېنىڭچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىدە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ۋەزىپىسى يوق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى - ئادالەتنى قوغداش. ئىقتىسادنى ھۆكۈمەت تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ، ئەسلىدە ئۇنى پۇقرا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بازار ئىقتىسادىنىڭ ئېسىللىكى ئۇنىڭ پۇقرانىڭ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەت بەرگەنلىكىدە. سەن باشقىلارنى ئۆزۈڭدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلىشىڭ كېرەك، ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن چېپىۋاتقىنىڭدا باشقىلارغا زىيان سالماسلىقىڭ لازىم. مانا بۇ، بازار ئىقتىسادىنىڭ پرىنسىپى.

ھازىر بىزدىكى چوڭ سەۋەنلىك شۇكى، تەرەققىيات پىلانىنى ھۆكۈمەت ئۆزى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەس. ھۆكۈمەت ئادالەتنى ۋە پۇقرانى قوغدىشى، سۇيىقەستچى ۋە ئوغرى - بۇلاڭچىلىقلارنى توسۇشى، ئىش چىقسا ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، ھۆكۈمەت ئەۋزەل مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، باشقا ئىشلارغا چېپىلىۋالماسلىقى كېرەك. مانا بۇ، كۆڭۈلدىكىدەك بازار تۈزۈمى.

## ▲ ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر

ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئىسلاھ قىلمىغاندا، ئورگاننى خىللاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز ھازىر توغرا نىشانغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. پارتىيىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن رەھبەرلىرى ئاستا-ئاستا چېكىنىپ چىقىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلىدۇ.

ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىش ئېغىزدىن چۈشمەيۋاتىدۇ، بىراق شۇنىڭغا لايىق تونۇشنىڭ بار-يوقلۇقى ئېنىقسىز. بىز تېخى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان ۋەزىپىگە ئىگە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىشتىن كۆپ يىراقتا تۇرىمىز. ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارلىرى ياكى ئۆلكە باشلىقلىرى ھە دېسىلا ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ پۈتۈنلەي خاتا. چۈنكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، سەن ھەققانىيەتنى چىڭ تۇت، پۇقرالارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۇرغۇت، شۇ چاغدىلا ئىقتىساد تەبىئىي ھالدا گۈللىنىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. ئەڭ زور خاتالىق ۋە ئەڭ زور ئىسراپچىلىق پىلان ئىسراپچىلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممىگە ئايان. بازارمۇ خاتالىشىشى مۇمكىن. لېكىن خاتالىقى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. نېفىت كرىزىسى، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى دېگەندەكلەرنى بازار ئۆزى ھەل

قىلالايدۇ. مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، ئۇ ھۆكۈمەت ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئادالەتنى قوغداشتىن باشقا ئاممىۋى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى، سوت ۋە ئەدلىيە مەھكىمىلىرى، تۈرمە قاتارلىقلار ئادالەتنى قوغدىشى لازىم. مۇھىت، يول، كوچاچىراغلىرى، ھاۋارايىدىن مەلۇمات قاتارلىقلار ئاممىۋى مۇلازىمەتكە ياتىدۇ. بۇ ئىشلارنى شەخسىيلەر ئىدارە قىلىدىغان ئەھۋال تېخى بارلىققا كەلمىدى. ھەتتا پوچتىنىمۇ شەخسىيلەر ئىدارە قىلسا بولىدۇ.

### ▲ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىشىنىڭ پايدا-زىيانلىرى

ھۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر رولى بار، ئۇ بولسىمۇ زىيادە - كۈچلۈك قاتلام ياكى شەخسلەرنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرۇش. بىراق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسىنى ئۆتىشى مۇناسىپ رەۋىشتە خەتەرلىك بولىدۇ. كورىيىنىڭ مالىيە كرىزىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشى توغرا ئەمەس. تەيۋەندە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا قول تىقىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. تەيۋەن سۇن جۇڭشەننىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇردى، شۇڭا تەيۋەندە كورىيىدىكى سەنشىڭ، دايۇ دېگەنلەردەك داڭلىق - زور كارخانىلار كۆزگە چېلىقمايدۇ، شۇڭلاشقا تەيۋەننىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى مۇقىم بولدى، سۇن جۇڭشەننىڭ كاپىتالنى چەكلەش دېگەن سۆزى دۆلەت سىياسىتىگە ئايلىنىپ، كارخانىلارنىڭ زىيادە تەرەققىي قىلىپ كېتىشىگە يول قويۇلمىدى.

دېمىسىمۇ تەس. ھۆكۈمەت باشقۇرمىسا بولمىغان، بەك باشقۇرۇپ كەتسە تېخى بولمىغان، ئەمما بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ئەمەس. ئەگەر جەمئىيەت ساغلام جەمئىيەتلا بولىدىكەن ھۆكۈمەت باشقۇرمىسىمۇ، ئۇنداق ئىشلارنى جەمئىيەت ئۆزى تەڭشەپ كېتىدۇ.

ئامېرىكىدا مۇنداق بىر ئەھۋال بار، پۇلدارلار ئۆلۈپ كەتسە، پۇللىرىنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرمايدۇ، بەلكى فوند جەمئىيىتىگە تاپشۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىر دۇنيادىكى پۇللار فوند جەمئىيەتلىرىگە جۇغلىنىپ، زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلانماقتا. ئومۇمەن ئامېرىكا فوند جەمئىيەتلىرى باشقۇرۇلۇش جەھەتتە ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى فوندنىڭ سوممىسى ئېشىپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن پايدىسى كۆپ بولۇپ، ھۆكۈمەت قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇش، داۋالاش قاتارلىقلار. دېمەك، ھۆكۈمەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇلار قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشى ھامان رايونلارنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئورۇن بېرىشى كېرەك. شىمالىي ياۋروپادىكى باي دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇشى زىيادە ئېشىپ كېتىپ، ھورۇنلار كاپالەتكە ئېرىشىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستىلاپ كەتكەن.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى 20 يىل ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن كۆپ ئىلگىرىلىدى. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىلگىرىلەش زور، ئەمما تەلەپتىن كۆپ يىراق.

### ▲ سىياسىي ئىسلاھات ۋە كىشىلىك ھوقۇق

سىياسىي ئىسلاھات ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، سىياسىي ئىسلاھات ئاخىرى كىشىلىك ھوقۇققا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئالدى بىلەن يۇقىرىلارنىڭ ئۆزىدە كىشىلىك ھوقۇق ئېڭى بولۇشى، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. ئاندىن ھۆكۈمەتمۇ ھۆرمەتلەيدۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق دېمەك كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېمەك. ھەر بىر ئادەم ئەركىن بولۇشى، لېكىن باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقى كېرەك. كىشىلىك ھوقۇق بىر خىل مەنتىقىي مۇقەررەرلىك، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئەڭ ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇش. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھالدا مۇقىم قۇرۇلمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلمىسى 20 يىل ئىلگىرىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، خۇددى ھۆكۈمەت خادىملىرى تۇزۇمىدەك خەلقئارا تەرتىپنى بويلاۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆستۈرۈشنى مۇكاپات ھېسابىدا كۆرۈش ئىنتايىن بىمەنىلىك. ئۆستۈرگەنلىك ساڭا تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، ھوقۇقىڭمۇ كېڭەيگەن بولىدۇ، ئەمما، سەن قوبۇل قىلىدىغان تەپتىشمۇ ئېغىرلاشقان بولىدۇ. ھازىر سودىگەرلەر قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس، مەنسەپكە چىققانلار ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال بۇرۇنمۇ ئېغىر ئىدى.

### ▲ ئورگانلارنى ئىخچاملاشتىكى توساق

ئورگانلارنى ئىخچاملاشتىكى توسالغۇ نەدىن كېلىدۇ؟ ئەگەر كادىرلارنىڭ چېكىنىش يولى بولمىسا قارشىلىق كۈچىيىپ كېتىدۇ. چېكىنىش يولى بولسا بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. ھازىر ئىشتىن بوشاتتۇق دەپ نۇرغۇن كادىرلارنى ئىشتىن قالدۇرۇۋاتىمىز، لېكىن يەنىلا مائاشى بار، ئۇلارنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرى ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنى پۈتۈنلەي ساقلاپ قالالمايسەن، ئازراق تۆۋەنلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا ۋەزىپە ئىجرا قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بىر جەھەتتىن پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قاملاشمىغان ئىش، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئاممىۋى مۇناسىۋەتتى كارخانا ئۈچۈن پايدىلىق.

سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ نۆۋەتلىك ئورگان ئىسلاھاتى زور تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇب بولۇش مۇشۇنىڭغا باغلىق. بۇنىڭغا قارىتا يوشۇرۇن توسقۇن كۆپ بولۇپ، ئۇنى بىر خىل كۆرەش دېيىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، ئىشەنچىسى بار، ئىرادىسى چوڭ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئىشەنچ ئەڭ مۇھىم. ھازىر كومپارتىيىنىڭ نوپۇزى بۇرۇنقىدەكلا زور بولۇپ، قارشىلىقلارنى ئازايتالايدۇ. ھازىر تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ناھايىتى زور، بۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە

تۇتىشىپ كېتىدۇ. بازارنى قانداق قىلىپ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ يىلقى ئەھۋال ناھايىتى ناچار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشتىن بوشىغانلار ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلمەكتە.

## ▲ ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي كاساتچىلىق

مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، كۆپىيىشچانلىقنى تۆۋەنلىتىپ ھازىرقى كاساتچىلىقنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بازارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئازايتىش لازىم. راستتىنلا شۇنداق قىلغىلى بولسا، بازار ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

يەنە بىر ئوبيېكتىپ مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئېھتىياجنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، مەبلەغنىڭ يەتمەسلىكىدە. ھازىر جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇل ئامانەت سوممىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 40 پىرسەنتكە يەتتى. 100 پىرسەنتلىك بايلىق ياراتقانلار ئۇنىڭ 60 پىرسەنتىنى سەرپ قىلىپ، قالغان 40 پىرسەنتىنى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ 40 پىرسەنت بايلىقنى كىشىلەرگە قانداق قىلىپ خەجلىتىش كېرەك؟ پۇل ئامانەتنى مەبلەغقە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ئاشۇ 40 پىرسەنت بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. پۇل بار، مەبلەغ سېلىش يېتەرلىك ئەمەس.

ھازىر جۇڭگولۇقلارنىڭ مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئامېرىكىنىڭ كاساتچىلىق مەزگىلىدىكى ئەھۋاللىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان نۇرغۇن دۆلەت كارخانىلىرى بۈگۈنكى شارائىتتا خەلق ئىگىلىكىدىكى چوڭ كاشىلىغا ئايلاندى. شۇڭلاشقا، ئەمدى ھۆكۈمەت مەبلەغ سالماس بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت مەبلەغ سالسا دۆلەت كارخانىلىرى يەنە كۆپىيىدىغان گەپ. ئامالىنىڭ بارىچە ئىجتىمائىي كۈچلەرگە مەبلەغ سالدۇرۇش كېرەك. بىراق جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي كۈچلىرى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارمۇ ناھايىتى ئاجىز. ئۇلارنىڭ ئۇنچە زور بايلىقنى يۇرۇشتۇرۇپ كەتكۈدەك ئىقتىدارى يوق. مانا بۇ، جۇڭگو ئىقتىسادى دۇچ كېلىۋاتقان توپ مەسىلە.

جۇڭگو بۇرۇن مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان دۆلەت ئىدى، ئەمدى مەبلەغنى يېتەرلىك سالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەسلىدە مەبلەغ سېلىش كونترول قىلىنىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مەبلەغ سېلىنسىلا ئىقتىسادىي قىزغىنلىق ئېشىپ، نۇرغۇن ئۈنۈمسىز قۇرۇلۇشلارنى تەكرار ئېلىپ بېرىش كېلىپ چىقىدۇ. مەبلەغ يېتىشمەيۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا مەبلەغنى كونترول قىلىش تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بىرەر تۈردىكى قۇرۇلۇش ئۈچۈن نەچچە ئون تامغا باستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىسراپخور سودا ئەسلىدىكى پايدىلىق تۈرنىڭ پايدىسىنى يەۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ چىقىش قىلماي قالىدۇ - دە، ئىقتىساد كاساتچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى باج تۈزۈمى قاتتىق ئەمەس، قالايمىقان پۇل يىغىش ۋە جەرىمانە ئېلىش ھەرىكەتلىرى بەك ئاۋۇپ كەتتى. ھازىرقى مەسىلە قالايمىقان پۇل يىغىدىغان ۋە جەرىمانە ئالىدىغان ئورۇنلارنى قىسقارتىپ، باجنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باج ئوغرىلايدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى چوڭ دېيىشكىمۇ، كىچىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چوڭ دېيىشتىكى سەۋەب، ھۆكۈمەت ئارىلاشمىسىمۇ بولىدىغان بارلىق ئىشلارغا قول سېلىشقا ئۆلگۈرەلىگەن. كىچىك دېيىشتىكى سەۋەب، ھۆكۈمەت نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى ياخشى باشقۇرمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمىتى يېتىپ بارمىغان جايلار ئىنتايىن كۆپ. كىشىلەر ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىش قىيىن ئىش دەپ قاراپ ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى.

«تيەنزې» ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بىر قانچە دېلو ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز چۈشەندۈردىكى، ھۆكۈمەت ئارىلىشىشنى ئازايتىشى لازىم.

## ▲ سىياسىي ئىسلاھاتتىكى تېخنىكىۋى مەسىلىلەر

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سۆز ئاچقاندا، نۇرغۇن تېخنىكىۋى مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. مەسىلەن، مەمۇرىي كادىرلار تۈزۈمىدە. بىر يۈرۈش مەشغۇلات ئۇسۇللىرى بولىدۇ. پۇل ئامانەت قويغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئىسىم فامىلىسىنى قوللىنىدىغان بانكا تۈزۈمى بولسا مەنسەپدارلارنى تەپتىش قىلىدىغان تېخنىكا تۈزۈمىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ بانكىلىرىمىزدا خالىغان نام بىلەن ھېساب ئاچسا بولىدۇ. بىراق چەت ئەللەردە مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەردە ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنداق تۈزۈملەشكەن چارە-تەدبىرلەر ھۆكۈمەتنى پاكلاشتۇرىدۇ. ئاساسىي قانۇن مەھكىمىلىرى مەمۇرىي دەۋالارنى قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىلا ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن مەھكىمىلىرى ھۆكۈمەت بىلەن دەۋاغا چۈشەلەيدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ مەقسىتى پۇقرالارنى قوغداش، شۇڭا پۇقرالار ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. پۇقرالارنىڭ قولىدىن پەقەت جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ۋە ھەق - تەلەپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشلا كېلىدۇ. بۇ قېتىملىق ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، قىسقارتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلمىنى كۈچەيتمىدى.

بۇ قېتىمقى ئورگان ئىسلاھاتى نامايەن قىلدىكى، 20 يىللىق ئىسلاھاتتىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالغا باستى، بەزى رەھبەرلىك ساھەلىرىنى قىسقارتتى، ئارىلىشىشقا قارىغاندا ئارىلاشماسلىقنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

---

ئاپتور: بېيجىڭ «تيەنزې» ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى(M1)



# «شېئىرىي مىللەت»تىن «ئەقلىي مىللەت»كە يۈرۈش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم راھمان

قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەل ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ نەزەرىدە «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى»، «شېئىرىي مىللەت» دېگەن سۈپەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھەتتا بۇ ئاتالغۇلار تارىخي تەسۋىري ماتېرىياللاردا كۆپ تەكرارلىنىپ، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرىدە يېتىلگەن مىللىي پىسخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ جانلىق ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

«شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ناھايىتى كەڭ مەنا، مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «شېئىرىي» دېگەن بۇ سۈپەت لىرىك تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇرغا باي، تەپەككۇرچان

**ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش**

دېمەكلىكتۇر. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن «سەنئەتخۇمار» دېگەن كونكرېت مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى سۈرەتلەشتە ئىشلىتىلگەن «شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ مېتافورا ئۆز ئوبيېكتىغا نىسبەتەن توغرا ئىشلىتىلگەنمۇ-قانداق؟ بۇ سوئالغا ئۆتمۈش تارىخ ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولغان بۈگۈنكى رېئاللىق جاۋاب بەرسۇن.

دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە كۆپلىگەن ئىلاھلار يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سەنئەت ئىلاھى» خېلى ئالدىنقى قاتارنى ئىگىلەيدۇ. قەدىمكى رىملىقلارنىڭ گۈزەللىك (سەنئەت) ئىلاھەسى ۋېناس دۇنياۋى ئىلاھە سۈپىتىدە كىشىلەرقەلبىدە ھەيكەل بولۇپ تىكلەنگەن. ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ روھىيىتىدە يارىتىلغان «سەنئەت ئىلاھ»لىرى ماھىيەت جەھەتتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك تەلپىنىشىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەجدادلىرىنىڭ غايىۋى تەلپۈنۈشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ، ئىپتىدائىي

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ زىرىكەرلىك ئەمما يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە لىرىكىلىق كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلىگەن. چۈنكى ئىنسان گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدۇ. ئارىستوتىلنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا «گۈزەللىك ـ ئەقىل ـ پاراسەت» دېمەكتۇر.

مەلۇمكى، ئىنسان سەنئەتنى ياراتتى، سەنئەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانغا مەڭگۈلۈك مەقسەت ئاتا قىلدى. شۇڭا، ئىنسان يارىتىلغان ئاشۇ ئۇزاق نۇرلۇق سەھەردىن باشلاپ سەنئەت ئۇلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ھەمراھى ۋە روھىيەت مۇئەككىلى بولۇپ قالغان. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارمۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ سەنئەتكە ئەڭ ھېرىسمەن خەلق سۈپىتىدە، سەنئەتنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەشتەك بىر سېھىرلىك ئەنئەنىنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار. ئادەتتە قۇرغاق ئىقلىمدا ياشىغۇچى قوملۇق خەلقلىرىنىڭ ھېس ـ ھاياجانغا نىسبەتەن فىزىئولوگىيىلىك ۋە پىسخىك سەزگۈسى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ. ماكان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چۆل بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ھايات يېتىلدۈرگەن چاڭقاق ۋە قۇرغاق ئىستەك ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى دولقۇنسىمان پىسخىك ھالەتنى ھاسىل قىلغان. ئۇلاردىكى ئاسان غىدىقلىنىدىغان ۋە سەزگۈرلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان پىسخىك تىندۇرما ئۆزىنى ئەڭ نەفىس تۇيغۇ ئارقىلىق شېئىرىي تىل ئىمكانىيىتىدە ئىپادىلىنىشنى تەقەززا قىلغان. «بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇ سىز چۆللۈكلەرنىڭ ئالۋۇندەك يالىلدىشىدىن شەكىللەنگەن زىرىكەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۈگەتكەن»، «قۇياش رادىئاتسىيىسى بۇ خەلقلەرنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن» ① مانا بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە «شېئىرىي مىللەت» بولۇپ يېتىلىشنىڭ تاشقى ئامىلى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خاسىيەتلىك تاجىنىڭ بېشىمىزغا كىيىلىشىدە، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان يىراق ئۆتمۈشنىڭ جاھالەتلىك تۈنلىرىدە بۇرۇختۇملۇققا تولغان خەستە كۆڭۈللەرنى سەنئەتنىڭ روھنى قوزغۇتەلەندۇرگۈچى ئىلھامبەخش ئۇرغۇلىرى بىلەن بىردەملىك ئۈمىدلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن ئىبارەت ئىچكىي ئامىلمۇ مەۋجۇدئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئامىل ئوتتۇرا ئەسىر تۇمانىدا ئۆزىنىڭ مەشئەللىك تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيانى گەۋدە قىلغان تۇنجى ۋەئاخىرقى قېتىملىق «شەرق ئەدەبىي ئويغىنىشى» نىڭ سىمۋولى بولدى. كەربالا چۆلى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى تۇتاشتۇرغان ئىسلام مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى روياپقا چىقاردى. ئۇنىڭ شەرقتىكى سەركەردىسى فارابى دۇنيا سۈلىزاتسىيەتارىخىنىڭ كۆزىنكى بولغان قەدىمكى

يۇناننىڭ سەنئەت پەلسەپىسىگە ئىجادىي ياندىشىپ، شەرقنىڭ ئىككىنچى ئارىستوتىلى سۈپىتىدە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇردى. مانا بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى» ئىدى. بۇ دەۋردە ياۋروپا تېخى ئۇيقۇغا پاتقان تۇرغۇنلۇق ھالەتتە تۇراتتى.

دەسلەپ شەرقتە كۆتۈرۈلگەن بۇ سەنئەت دەبدەبىسى تېخى ئۆزىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشكە ئۈلگۈرمەيلا ياۋروپادا ئەقلىي تەپەككۇر زىلزىلىسى پەيدا بولۇپ، پار ماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەدرىجىي ھالدا شەرقتىن غەربكە يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقنىڭ ئاخىرقى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى» نىڭ كەنجى ۋەكىلى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرئەدىب ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىرنەۋائىي بىلەن ئابدۇراھمان جامىدىن كېيىن بۇ رايوندا پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت پەسكويغا قاراپ يۈزلىنىپ، «شېئىرىي تەپەككۇر» يولى بىلەن تىكلەنگەن «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيالى جاھالەت پىرلىرى ـ سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خانىقا جەرىسىگە ئايلىنىپ قالدى. تارىختا شەكىللەنگەن «شېئىرىي مىللەت» ئەۋزەللىكى ئاخىرقى ھېسابتا شەرق پوئېزىيىسىدە يارىتىلغان يەتتە جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تراگېدىيىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان»، «زامان ئەھلىنىڭ تىزگىنى شۇلارنىڭ قولىدا» بولغان تارىخ قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندى. مىللەت گەۋدىسىدە مەھكۇملۇق، روھسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، نادانلىق، قاششاقلىق، تەپرىقىچىلىق، قانائەتكويلۇق، شۈكرىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، زىناخورلۇق... قاتارلىق خەتەرلىك ئۆسمىلەر پەيدا بولۇپ، ئەقلىي تەپەككۇرنى بوغۇچلىدى. بارغانسېرى تەپەككۇر ئېنېرگىيىسى سۇسلاپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» نامى بىلەن يۇرتىمىزغا كەلگەن بىر تۈركۈم مەدەنىيەت قاراقچىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تالان ـ تاراج قىلماقچى بولغىنىدا، سېھرىي كۈچكە ئىگە تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئەجنەبىيلەرنىڭ ئات ـ تۆگىلىرىنى يېتىلەپ، مەدەنىيەت خەزىنىمىزنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ بەرگەنلەرمۇ ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان بىباھا مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرىمىزنى ئاشۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۈچ ـ تۆت تەڭگىسىگە رازىمەنلىك بىلەن سېتىپ بەرگەنلەرمۇ مۇشۇ «شېئىرىي مىللەت» نىڭ بەندىلىرى ئىدى. نىھايەت، بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسى، «شېئىرىي مىللەت» چۈشكىدە بەھوزۇر ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشىمىزنىڭ كارايىتى ئەنە شۇ بولدى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىزگە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردىكى، شېئىر، ناخشا ـ

ئۇسسۇل سەنئىتى قەدىمكى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تەگداشسىز ئەزەلىيىتى بولغاچقا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مۇتلەق ئېتىقادى ۋە روھىي مۇئەككىلى بولغان. شۇڭا، كوللېكتىپ ئاڭ يېتەكچىلىك قىلغان ئاشۇ دەۋردە تەبىئەتتىن كىچىككىنە نەپكە ئېرىشسىمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، خۇشاللىقىنى ناخشا - قوشاققا ئايلاندۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ھەتتا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىسىمۇ، بۇ قايغۇلۇق روھىي ھالەتنى ئىپادىلەپ، مەرسىيە نامىلەر توزۇپ قانتوممىلىق (قايغۇنى ئىپادىلەيدىغان نىقابلىق ئويۇنلارنىڭ قەدىمكى نامى) ناخشا - ئۇسسۇللار بىلەن قايغۇ - ئەلەملىرىنى قوغلايتتى. «قەدىمكىلەر ئەمگەك قىلسا ئېيتار ناخشا» دېگەن ھالەت شۇ ئىدى. ئەگەر «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «شېئىرىي مىللەت» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەردىن پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە ئۇنى مىللىي ئاڭنىڭ ئىپتىدائىي سۈلكىتى دېيىشكە بولار. بەجايىكى، ئۇ ھەممە دەۋرلەر ئۈچۈن ئىپتىدائىي باسقۇچتىكىدەك ئۆزىنىڭ مۇتلەق مەشئەللىك جاسارىتىنى جارى قىلدۇرالىشى ناتايىن. ئەگەر شۇنداق دېيىلسە، قەدىمكى زامان پوئېزىيىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نامايەندىلىرىدىن بولغان «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، «گىلگامىش»، «شاھنامە»، «ئوغۇز نامە»، «ماناس»، «ئالپامىش»، «قورقۇت ئاتا» قاتارلىق يىرىك ئېپوسلار زامانىمىزدىمۇ قايتا تەكرارلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، دەۋر ئۆزگەردى، يېڭى ئىرا ئۆزىنىڭ قامەتلىك بەستىنى كۆرسىتىپ ئاتوم دەۋرىگە قەدەم قويدى، تەبىئىي مۇھىت ئىنسان روھىيىتىنى تىزگىنلەيدىغان ھالەتكە خاتىمە بەردى. ئىنسانىيەتنى ھەقىقىي مەنىدىكى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ماددىي ئالەمنىڭ سېخىمىسى سىزىلدى. قىسقىسى، 21-ئەسىرنىڭ جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. يېڭى ئەسىر «شېئىرىي مىللەت» تىن «ئەقلىي مىللەت» كە يۈزلىنىش زۆرۈرىيىتىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى خىتاب قىلدى.

ئۇنداقتا، «ئەقلىي مىللەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم قانداق كونكرېت مەناغا ئىگە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئاڭ قاتلىمىنى يېڭىلاپ، پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئېنېرگىيىسىنى ھازىرلاش دېمەكتۇر. پەلسەپىۋى پىكىر ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ يۈكسەك چوققىسى. ئۇ، ھەم ئەمەلىي، ھەم نەزەرىيىۋى جەھەتتە تۇرغۇنلۇققا خاتىمە بېرىپ، مەڭگۈ ھاياتلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ. ئۇ، ئىنسانغا يېڭى روھ ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى ھەرىكەت مىزانى، «ئەقلىي مىللەت» نىڭ جېنى ۋە قېنى.

پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز ياشىيالمايدۇ. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەت ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز يۈرمەسلىكى كېرەك». خۇددى ھىندىستاننىڭ يېڭى زامان مۇتەپەككۇر شائىرى رابىندرانات تاگور ئېيتقاندەك: «دۇنيادا جەمئىيەتنى ئۇلۇغ قىلىدىغانلار دەل تۇرمۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى يېڭى مەسىلىلىرىنى سىناپ كۆرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. قائىدە - يوسۇندىن چىقالمايدىغان كىشىلەر جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرالمايدۇ، پەقەت ھازىرقى ھالىتىنىلا ساقلاپ قالالايدۇ»، «قەلب ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، چىقمىغۇچە تۇرمۇشقا توغرا نۇقتىئىنەزەردە قارىيالمايدۇ ياكى ئىنسان تەبىئىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ».

ھاياتقا پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندىلا قەلبنى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغىلى، ئىنسان دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى سىناپ كۆرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلىغىلى بولىدۇ. «ئەقلىي مىللەت» نىڭ «جېنى» ۋە «قېنى» ھېسابلانغان پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان زامان پاراۋۇزىغا ماس قەدەمدە ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە دادىل ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغان پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش بۈگۈنكى زاماننىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى بولۇپلا قالماستىن، مىللەتنى روھىي قاششاقلىق ۋە مەھكۇملۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كۈچلۈك تەدبىرى. دۇنيادا ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەسىلىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. پەقەت بەدىنىمىزدىكى ھەر بىر تال پەي ۋە تومۇرلىرىمىز كۈچلۈك قىزغىنلىق ۋە قەتئىي نىيەت بىلەن ئىلىم پەنگە باغلانغاندىلا زامانىۋى مىللەت قاتارىدا قەد كۆتۈرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىرقى روھىي ھالىتىمىزنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ئۇلۇغ دېموكراتىك شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرا خۇلاسىلىغان:

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.

راستىنى ئېيتقاندا، بىز تېخى «سۈت ئۇيقۇسى» دىن ئويغانمىدۇق. ھېلىقىدەك چىرايلىق سۈپەتلەر ئىشقىدا بىھۇشلىنىپ، پەلسەپىۋى تەپەككۇرىمىز كونىرى ئاجىزلىشىپ كەتتى. رادىئو-تېلېۋىزور توپچىلىرىنى باسقان ھامان قۇلىقىمىزغا ھەممىدىن يېقىملىق ئاڭلىنىدىغىنى يەنىلا شۇ ناخشا - مۇزىكا بولدى. ھەربىي گازارما تۇرمۇشىدىن كارخانا - زاۋۇت تۇرمۇشىغىچە، سودا - بانكا تۇرمۇشىدىن تىرىكچىلىك ئىگىلىكى تۇرمۇشىغىچە، سەپەر تۇرمۇشىدىن خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىدىغان قۇرۇلتاي يىغىنى تۇرمۇشىغىچە، قىسقىسى، ئۇيغۇر روھى ئەكس ئەتكەن تۇرمۇشنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرى ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن بېزىلىدىغان پىنسخىك ھالەت شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مىللەت نەزەرىدە «ئۇيغۇر دوپپىسى» كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى ناخشا - ئۇسسۇل مەستانىلىرى ھېسابلاندى. بۇ سىرلىق چۈمپەردە ئاستىدا تەپەككۇرىمىز شۇنچىلىك

خىرەلەشتىكى، «پاتىمەمنىڭ كۆڭلەكـــى» . . . دەك چۈشكۈن تۈيغۇبىلەن بېزەكلەنگەن «ناخشا» لارمۇ بىزنى «مەھلىيا» قىلىشـــۋالدى. ئىبخـــى «ئۇيغۇرغا ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقا نېمە قالدى» دەپ ئۆزىمىـــزنـــى كاچاتلاپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۆڭلىمىـــزنـــى بەزلەيمىز. قىممەت قارىشىمىزمۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان. ئىبخى بىغ ھالىتىدەبولسىمۇ، يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن چەۋەندازلىرىنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئىختىرالىرىنـــى ، ئىـــلمىي تەپەككۇرنىڭ ئەڭ مۇشكۇل سىناقلىرىغا بەرداشلىـق بېرىپ ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش يولـدا يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلىگەن ھەقىقىي ئىـــلىـــم ئەھلىلىرىنىڭ كەشپىياتلىرىنى قىممەت جەھەتتىـــن ناخشا ـ ئۇسسۇل چولپانلىرىنىڭ بىر ناخشىسىنىڭ قىممىتـــىـــگە تەڭلەشتۈرمەيمىـــز . دەرۋەقە، سەنئەت چولپانلىرى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىپتىـــخارى. مەن ئۇلارنىڭ قىممـــىـــتـــىـــنـــى ھەرگىـــزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىمەيمەن. چۈنكى ھەممىمىز سەنئەت بۆشۈكىدە چوڭ بولغان. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان نۇقتا «ئەقلىي مىللەت» يۈكسەكلىكىدىكى قىممەت قارىشى، يېڭـــى ئەسىرنىڭ «گولدىباخ قىياسى» .

ھايات خۇددى چاڭقىغان چۆلدەك كۆپ خىـــل ئېنېرگىيىگە موھتاج بولىدۇ. بىر گۈل ئېچىـــلغان بىلەنلا باھار بولمايدۇ. تۇرمۇش چەكسىزلىك ئىچىدە چەكلىك مەزمۇنغا ئېرىشەلەيدۇ. زامـان ۋە مـاكـان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا قانچىلىك يېقىنلاشساق، دۇنيانى ئىلىكدەيدىغان شۇنچىلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ. ئىنسان ھاجەت بولغان پوئىزىيىمۇ جۇۋازغا قاتقان كالىدەك بىر ئىزدا ئايلىنىشتىـــن قۇتۇلىدۇ. ئەنە، «شەرق ئەدەبىي ئويغىنىشـــى» دەۋرى نوقۇل پوئىتىك تەپەككۇر بىلەنلا چەكلەنمىگەن، بەلكى فارابىنىڭ كەڭ مەنىدىكـــى يۈكسەك پەلسەپـــىۋى تەپەككۇرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىـــڭ تەبىـــئەت ۋە جەمئىيەت دىئالېكتىكىسى ، ئەل خارەزمـــىـــنىـــڭ ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرى، ئەبۇئەلى ئىبنىسىنانىڭ سەنئەت ، تىبابەت ۋە خىمىيىلىك ئىزدىنىشلىرى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم، توپونومىيە، ئارخېئولوگـــىـــيە ساھەلـــىرىدىكـــى ئىـــلمـــىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىلـــم ئۇنـــىۋېرساللىـــقـــى، ئۇلۇغبېكنىـــڭ پەلەكىياتشۇناسلىقى، كالىندارشۇناسلىقى . . . قاتارلىـــق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى ئىختىرالىـــرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، جاھالەتلىـــك ئوتتۇرا ئەسىر ئاسمىنىدا پارلاپ چىققان قۇياشقا ئايلانغان. لېكىن بۇ سەمەرىلەر تارىخ سۈپىتىدە چۈشكە ئايلاندى. «نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە ئىچكـــى ئاسىيادىكى بۇسىرلىق بالىياتقۇدا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى مەدەنىيـــەتنىـــڭ تۆرەلمـــىلـــىرى بىخلىيالىمىدى» ، «شەخسنىڭ قەدىر ـ قىممىتـــىـــنـــى، ئەقلىي يۈكسەكلىكنى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىدىغان پەلسەپە ئىبخىمۇ مەيدانغا كەلمىدى» ②، ئەكسىچە، «بۇ يەردە پەقەت قوۋم بارخانلىرىنىڭ سۈررەڭ ، زېرىكەرلىـــك جىمجىتلىقىغا ئوخشاش چىدىغۇسىز سۈكۈنات؛ پىنھان، ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان غۇۋا ھاياجان، قۇرغاق، چاڭقاق ئىستەك، ئاخىرقى نۇقتىـــغا يېتىـــشنـــى خالىمايدىغان سەۋرسىزلىك ھۆكۈم سۈردى» ③ . ئەمما، بۇنداق سۈكۈنات مەڭگۈلۈك ئەمەس. دەۋر سىگنالىغا ماس ھالدا ئېگىرقاش ئىچىدىكى چۈقانلىرىمىز بىزنى «سۈت ئۇيقۇسى» دىن ئويغىنىشقا دەۋەت قىـــلماقتا، «ئۇيقۇ ـ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، بۇ زامان تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش زامانىدۇر، غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانـــى ئەمەستۇر» (ئابدۇقادىر داموللام) دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا. پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ سىرلىـــق قەسىرىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانماقتا. روھىيىتىمـــىـــزدە نيۇتون، ئېينشتېين، ئېـــدىسون، فرانكلىن، فارادى، نوبېل، كيورى خانىم، گېگېـــل، فېيرباخ، نېتزى، خۇالوگېن، فارابـــى، ئەلىـــشىـــر نەۋائىي، چىـــنگىـــز ئايتماتوۋقاتارلىـــق ئەقىـــل مۇئەككەللىـــرىنىـــڭ نۇرى چاقنىـــماقتا. شۇنداق، «شېئىرىي مىللەت» تىـــن «ئەقلىـــي مىـــللەت» كە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت بىر كۈچلۈك ئىرادە، ئەقىدە ھەم ئىشەنچ قەلبىمىز تۆرىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا. بۇ مىسلىسىز ئىنتىلىـــش ھامان ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى تېپىشقا ئۈگىتىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىـــنىـــڭ پروفېســـورى ، دوكتور ئاسپىرانتلارىبىتەكچىسى، دولەتلىـــك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس (M1)

## ئىزاھلار

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكاننىڭغا دۇملەنگەن روھ» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان، 44 ـ بەت.

②، ③ ئەسەت سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان، 58 ـ بەت.

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشىر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا خاس



# ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە تەرەققىيات

ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى)

ماقال-تەمسىللەر بىر مىللەتنىڭ روشەن روھىي ئەينىكىدۇر. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» . . . ئىقتىساد ھەققىدىكى بۇنداق ماقال-تەمسىللەردىن يەنە بىر نەچچىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقى پۇل ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق مۇشۇنداق ئوبرازلىق يىغىنچاقلىغان. ئىقتىسادنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئوينايدىغان رولىنى شەرھىلەپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت مېخانىزمىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى ئىسپاتلىغان. ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتكە خاس ئىقتىسادىي ئېڭىنى نامايەن قىلغان. گەرچە بىز ئىنسانلارنى ئەمگەك ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قەدەم قويدى دەپ ئەمگەكنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىشتا قوزغاتقۇچىلىق رول ئوينىغانلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىسەكمۇ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋارنىڭ قىممىتىنى پۇل ئارقىلىق بەلگىلەشكە قەدەم قويغانلىقىنى تەپەككۇر تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئەڭ يۇقۇرى پەللە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇممايمىز. ئادەم ئەمگەك ئارقىلىق ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان بولسا، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىساد دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، قىممەت دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندى. بۇ ھال ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئىقتىسادنىڭ تەپەككۇرنى غىدىقلايدىغان ياكى تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالىدىغان خۇسۇسىيىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتىگە ئايلاندى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىسادىي قارىشى قانچە كۈچلۈك، ئىلمىي بولغان مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ، دارۋىننىڭ تەدرىجىي تاللىنىش قانۇنىيىتىنىڭ ھالقىلىرىدىكى كۈچلۈكلەردىن بولۇپ قالدى. شەھەر دۆلەتلىرى گۈللەنگەن دەۋرلەردىكى قەدىمكى يۇنان، رىم، بابىلون، مىسىر، جۇڭگو، ھىندىستانلارنىڭ تەرەققىياتى، يىپەك يولى گۈللىنىپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ قان تومۇرىغا ئايلانغاندىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالى، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ياۋروپانىڭ تەرەققىياتى، سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا، نېفىت يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلانغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى دەل مۇشۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ

جانلىق ئىسپاتى. 1990-يىلدىكى پارس قولتۇقى
ئۇرۇشى - كۇۋەيتنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا
قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلا بىر
پىكىرگە كېلىپ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى قوزغىشى
ھەرگىز غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا ئادالەتتە
ئادىللىقتا چىڭىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارنى
بۇنداق تېز بىرلىككە كەلتۈرگەن كۈچ دۇنيانىڭ
% 50دىن ئارتۇق ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تىزگىنلەپ
ياتقان ئوتتۇرا شەرقنىڭ سۇيۇق ئالتۇنى -نېفىت.
1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب - ئىدېئولوگىيە كۆرۈشى
جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بولۇپلا قالماي، ھەربىي قورال
- ياراقلار مۇسابىقىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي
كرىزىستۇر. تېخى يېقىندا يۈز بەرگەن، 32 يىل
ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھەربىي مۇستەبىت،
ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى سوخارتونىڭ بۇ يىل 21-مايدا
ئىلاجىسىز ھالدا تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇشىمۇ
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ
تۈرتكىسىدىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتۇر. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى تۈپەيلىدىن ئاخىرلاشقان
سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيانىڭ
ھەممە يېرىدە ئوخشاش بىر سادا، ئوخشاش بىر ھۆكۈم
تەرەپ - تەرەپكە ياڭرىدى: ھەقىقىي كۈچلۈكلۈكنىڭ
ئىسپاتى ئەمدى ھەربىي كۈچ ئەمەس، ئىقتىسادىي
كۈچ. ئىقتىسادىي كۈچ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. ھەتتا
دۆلىتىمىزمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن
بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدى ۋە 1978-يىلى ئىقتىسادىي
ئالاھىدە رايونلارنى قۇرۇپ ئىسلاھاتنىڭ
مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئەسلىدە يولداش دېڭ
شياۋپىڭ 1950-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا -پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆندىلىك خىزمەتلىرىگە
رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندىلا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن :
«ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتسىلا ياخشى
مۈشۈك» دېگەن ئوبرازلىق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا
قويغانىدى. ئۇ، ماركسىزم ئەمەلىيىتى جەريانىدا شۇنى
ھېس قىلغانىدىكى، بىرەر تۈزۈمنىڭ ياخشى -
يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۆلۈك نەزەرىيىلەر
ئەمەس، بەلكى خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان -
ياخشىلانمىغانلىقتا. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يۈز بەرگەن غايەت زور
ئۆزگىرىشلەر، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ۋە
پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىمى
تۆلىگەن بولسىمۇ، 30 يىلغا قالماي ئورنىدىن دەس
تۇرغان ياپونىيە ۋە گېرمانىيىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي
جەھەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ
مۆجىزىسى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ
يەنە بىر نۇۋەت كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى
دەل ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان
ئەقلىي ۋە ئىقتىسادىدا. ئۇيغۇرلارمۇ ئىقتىسادنىڭ
تەرەققىياتتىكى رولىنى تونۇپ يەتكەن مىللەت. ئۇلار
ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا
نۇرغۇن ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۆجىزىلەرنى ياراتقان،
ئىقتىساد جەھەتتىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى قىيامىغا
يەتكۈزگەن. لېكىن سوپىزم چاكىنىلاشقان،
چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن جاھالەتلىك كېيىنكى ئوتتۇرا
ئەسىرلەردە مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىكى
پەلسەپىلەشكەن بىلىملىرى ئاستا-ئاستا رەڭسىزلىنىشكە
يۈزلەندى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىقتىسادنىڭ قىممىتىنى
تونۇپ يەتكەن، ئۇنى جايىغا سەرپ قىلىشنىڭ ئەڭ
ياخشى يوللىرىنى تېپىپ چىقىپ، ھاتەمدەك مەرد -
سېخىي كىشىلەرنى ئۆز تىلىدا ئىدىيومىلۇق مەنىگە ئىگە
قىلغان ، مال-مۈلۈكنى دوست تۇتماي ئەقىل -
پاراسەتنى دوست تۇتىدىغان، يەنى مال - مۈلۈكنى
ئەقىل - پاراسەت ئۈچۈن ئايىماي خەجلەشكە جۈرئەت
قىلىدىغان خاراكتېر چۈشكۈن تەركىيدۇنياچىلىقتا
ئورۇن بەردى. ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك ۋە پاراسەت
ئۈستۈنلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مال - مۈلۈكنى چوڭ
بىلمەسلىك (چۈنكى ئۇلارنىڭ پاراستنى ھەر قانداق
چاغدا ئىقتىسادقا ئايلىنالايدۇ) ، تەركىيدۇنياچىلىقنىڭ
بۇ دۇنيانى، مال - مۈلۈكنى دوست تۇتماي ئۇدۇنيالىق
بەخت -سائادەتنى، بۇ دۇنيالىق جەبر - كۈلپەتنى
تەكىتلەيدىغان تەرەپلىرىگە مەنەن تومۇرداش بولۇپ
قېلىپ، ئادەملىرىمىز ئېتىقاد قارىغۇلىرىغا ئايلىنىپ
(ھەر قانداق بىر ئېتىقاد چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلسە
ماھىيىتىدىن چەتنەپ كېتىدۇ) ، تاپقان - تەرگەنلىرىنى
مەسچىت - خانىقا، خوجا - ئىشانلارغا ئاتاپ، ئۆزلىرى
ئۇلارنىڭ سادىق قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئۇدۇنيالىق
ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى بولسا
«ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» خوجا - ئىشانلارنىڭ
تەسىر دائىرىسى تالىشىپ قىلىشقان پاجىئەلىك
قىرغىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىقتىسادىي مەنبەگە
ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ ، ئالماقىنىڭ بەرمەككى بار،
چىقماقىنىڭ چۈشمىكى دېگەندەك، بىر مەزگىل
راساگۈللىنىپ ئۆز كامالىتىنى تاپقان، يىپەك يولىنىڭ
مۆجىزىسىگە ئايلانغان بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئېكى
بارغانسېرى چۈشكۈنلەشتى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى
ئۇرۇش - يېغىلىق، جەڭگى - جېدەللەر ۋە ئېغىر
تارىخىي قىسمەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان نادانلىق،
بېكىنمىچىلىك، تاغلار بىلەن قوم دېڭىزى قورشاپ
تۇگمەن تېشىدەك قىستايدىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت
بۇ خىل چۈشكۈنلۈكنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.
خەلقىمىز ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن بارغانسېرى
نامراتلىشىپ بۇ ئەسىرگە قەدەم قويدى.

ئىقتىساد ماھىيەت جەھەتتە ئەقىلنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسىدۇر. ئىجتىمائىي جەمىيەتنىڭ تاۋار
ئالماشتۇرۇش ۋە پۇل ئارقىلىق قىممەت ھېسابلاش
دەۋرىگە قەدەم قويۇشى، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئوشۇق
مەھسۇلات ۋە ئۆزى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان
ئېھتىياجىنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئەقلىنى
غىدىقلىشى ئىقتىسادنىڭ ماھىيىتىگە بۇ خىل
خۇسۇسىيەتنى مەڭگۈلۈك تامغىلاپ قويدى. دېمەك ،
تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئەقىلنىڭ ئىقتىسادنىڭ
تەسىرىدە ئۆز يۈكسەكلىكىنى تاپىدىغان قانۇنىيەت تا
ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت
نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق فورمىلىسىنىڭ
شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ھازىر دۇنيادا يەھۇدىيلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى
ۋە ياپونلار ئىقتىسادىي ئېڭى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەر
ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلار تىزگىنلەۋاتقان دۇنيا
ئىقتىسادى ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قولىدا
ئايلىنىۋاتقان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا
ئىقتىسادىنىڭ % 70تى، دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىي
2-چوڭ دۆلەت ياپونىيە دەل مۇشۇ ھۆكۈملەرنىڭ
ئاساسى. يەھۇدىيلارنى ئالساق، 2000 يىل ئىلگىرى
ئۇلار ھازىرقى پەلەستىن ۋە سۇرىيە دائىرىسىدە
ياشايدىغان چارۋىچى مىللەت ئىدى. ئۇلار قەدىمكى رىم
ئىمپېرىيىسىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن
ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى

www.uyghurkitap.com

جايلىرىغا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ مىللەتنىڭ سەرسانلىقى تاكى 1948-يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ 2000 يىل جەريانىدا بۇ مىللەت دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتتىن ئۆتە ئېغىر خار-زارلىق، خورلىنىشقا ئۇچرىدى، قىرغىن قىلىندى. بۇ خىل ھالەت ئۇلارنىڭ ياشاش ئىرادىسىنى ئېخىمۇ كۈچەيتىپ قەلبىدىكى يەھۇدىي دىنىي ئېتىقادىنى ئېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. توختىماي ئىزدىنىش جەريانى ئۇلارغا ئىقتىسادنىڭ رولىنى ، ئەقىلنىڭ ماددىي بايلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ، مەڭگۈ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنداقلا ئەقىل بايلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇدى. چۈنكى نۇرغۇن بىلىملەرگە، ئىختىرالارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەجرىبە ئېلىپ بېرىش لازىم ئىدى. بۇ تەجرىبە يەنە كۈچلۈك ئىقتىسادىي كاپالەتنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ ۋەتىنى ئىقتىساد ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئىككى سۈزنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى. بۇ ۋەتەن ئۇلارنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1880-يىللىرى پولشالىق بىر يەھۇدىي تەرىپىدىن ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك ئىدىيىسى پۇل ۋە ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئابستراكىتنى ۋەتەننى كونكرېتلىققا - ھەممە خەلقنىڭ ۋەتىنىگە ئوخشاش تاش - تۇپراقلىق، دەريا - دېڭىزلىق ۋەتەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۇردى. ئۇلار ئەقىلگە ئىشارەت قىلدى. ئەقىل پۇلنى، يولنى تاپتى. پۇل ئارقىلىق 1948-يىلىغىچە يەھۇدىي بايلىرى ، سىياسىيئونلىرى ئاڭلىق، پىلانلىق ھالدا پەلەستىندىن يەر سېتىۋالدى. يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى سېتىۋېلىنغان يەرگە يۆتكىدى. ئاخىرى 1948-يىلى يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى بۇ دۆلەتنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسرائىلىيىگە تۆت تەرەپتىن بېسىپ كەلدى. لېكىن پۇل ۋە ئەقىل ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماي، ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە يەھۇدىيلار ئىرادىسىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش كېرەك (لېكىن ئىرادە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلگە تايانمىسا كۈچكە ئايلىنالمايدۇ). كىشىلەر ھازىر يەھۇدىي دېگەن سۆزنى پۇل بىلەن مەنىداش كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىي دېمەك پۇل دېمەك، پۇل دېمەك يەھۇدىي دېمەك. بۇ ھۆكۈمگە يەھۇدىيلارمۇ قوشۇلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە نۇرغۇن كىشى پۇل دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، يەھۇدىيلار ھاياتىدا پۇلدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەت دېگەن سۆزگە دىققەت قىلمايدۇ. ئۇبدان زەن سالسا ، يەھۇدىي دېگەن ئىبارىنىڭ كەينىدە بىلىم دېگەن ئىبارىمۇ پۇلغا ئوخشاشلا كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. مەسىلەن، خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئېيسا يەھۇدىي. ماركسىزمنىڭ ئىجادچىسى ماركس يەھۇدىي. نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى ئېينىشتېيىن يەھۇدىي. داڭلىق رەسسام پىكاسسومۇ يەھۇدىي. روھىي ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى فروئىد يەھۇدىي. مەشھۇر يازغۇچى فرانس كافكا يەھۇدىي. شۇنداقلا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ، مۇشۇ ئەسىردە زور نەتىجىلەرنى يارىتقان ئالىملار ئىچىدە يەنىلا يەھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى كۆپ. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالاھىدە ئىرسىي گېن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىدىكى پۇل - ئەقىل، ئەقىل - پۇل دېگەن فورمىلا بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار پۇل تاپقان ھامان ئەقىلگە مەبلەغ سالىدۇ، ئەقىل تاپقان ھامان پۇل تېپىپ ئەقىلنىڭ دەرىجىسىنى مۇئەييەن قىممەت بىلەن ئۆلچەيدۇ. مىللەت ئۇلار ئۈچۈن بىر ئائىلە. بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى قايسى تىل ، قايسى دۆلەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قېرىنداش. بىر يەھۇدىيدىكى پۇل ھەممە يەھۇدىينىڭ پۇلى، بىر يەھۇدىيدا بار ئەقىل ھەممە يەھۇدىينىڭ ئەقلى.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دېگەن نامدا ئاتىلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراپ كەتكەن خەنزۇ مۇھاجىرلىرىمۇ ھازىر دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ زور بىر توپ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ پۇل تېپىش، تاپقان پۇلنى ئەقىلگە مەبلەغ قىلىپ سېلىپ ئۇنى مەڭگۈلۈك بايلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش . بۇ خىل پايدىلىق ئايلىنىش خەنزۇ(جۇڭگو) مۇھاجىرلىرىنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى كۆتۈرىۋاتىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاۋاتىدۇ. ھىندونېزىيىدە يېقىندا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتا خەنزۇلارنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاش، كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرى بۇنىڭ ئىسپاتى. خەنزۇ (جۇڭگو) مۇھاجىرلىرى دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ خەلقىگە ئوخشاش ئىشچان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى، دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇلار ئۇزاق مەزگىلدىن بېرى سىياسىي كۈرەشلەر قاينىمىغا پېتىپ قېلىپ ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەلمىدى. يەنە بىرسى ، ئۇلار كۆڭزى، مېڭزىدىن قالغان ھاياتلىق فورمىلىسى - پۇل بولسا ھوقۇق بولىدۇ، ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ، بىلەن ياشاپ كەلدى.

خەنزۇ(جۇڭگو) مۇھاجىرلىرى بولسا، چەتئەللەردىكى كەمسىتىلىش ۋە ھوقۇقسىزلىق تۈپەيلىدىن ، تەبىئىيلا ھوقۇق ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچتى. بۇ خىل شارائىت ئۇلارغا پۇل ۋە ئەقىلنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتتى. مانا ھازىر تەبىئىي پەنلەر بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 5 نەپەر مەشھۇر خەنزۇ ئالىمىنىڭ ھەممىسى جۇڭگو مۇھاجىرى، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن تېخى بىر كىشىمۇ يوق.

ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى ئەڭ يۇكسەك دەۋرلەردە تەقدىرى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە يۇكسەك بولغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە مەرىپەت شوئارى توختىماي تۇۋلانغان بولسىمۇ ، ئىقتىسادتەك تۈرتكىلىك كۈچكە سەل قارالغاچقا ۋە ياكى ئەقىل بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي ، ئىقتىساد كومپاسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆزى ئۇچۇق قارىغۇغا ئايلانغاچقا ، مىللەتنىڭ ئەھۋالى بەك خاراب بولدى. كەمتۈكلەشكەن ئىقتىسادىي ئاڭ مىللەتنى پىلىشتۇرىدىغان ئورىغا ئايلاندى. ئادەملىرىمىز ئىقتىساد ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئايرىم - ئايرىم نەرسە دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تۈرتكىلىك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. پۇلنى دەپ ئىلىمدىن قول ئۈزۈدىغان ، ئىلىمنى دەپ پۇلدىن قول ئۈزۈدىغان ۋە نەتىجە ئاقىۋەتتە ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئەھۋال قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان پاجىئەگە ئايلاندى. ئىقتىسادنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خۇسۇسىيىتىگە قارىغاندا، تار بولغان شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىقتىساد شەخسىيەتچىلىكى دەۋر سۈرۈپ ، جەمئىيەتتە «چاشقانغا كىيەك ئالدۇرمايدىغان» ،

www.uyghurkitap.com

«ئالتۇن - يامبۇنى ئەسكى تامنىڭ ئۇلىدا ساقلايدىغان» نادانلىق پەيدا بولدى. پىخسىقلىق، ئاچكۆزلۈك كۆپلىگەن بايلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامان سۇپەتلىك ئۆسمىگە ئايلاندى.

پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تارىخىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي قاتلىمىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، بۇ بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقلىرى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا خاراب بولۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى تەقدىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. 1937-يىلى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بايلارنى تازىلاش تەدبىرى ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ قازناقتا تىقىپ ساقلىغان بايلىقلىرىنى سۈرەپ چىقتى. بۇ نادان بايلاردا بايلىقنى قوغدىغىدەك ئەقىل بولمىغاچقا، ئۆز بايلىقى بېشىغا چىقىپ قەتلى قىلىندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، يېڭىساردىكى بىر باينىڭ ئۆيى تىنتىلگەندە ئۇنىڭ ئۆيىدىن 17كىرسىن تۈگىدا لىقمۇ لىق ئالتۇن چىققان. شېڭ شىسەي بۇ ئالتۇنلارنى نەچچە ماشىنىدا يۆتكەپ كەتكەن. قىسقىسى، شېڭ شىسەي بارلىق تاشقىي قەرزىنى شۇنداق پۇللار ئارقىلىق تۆلىدى. شۇنداق پۇللار ئارقىلىق خەلقنىڭ بويىنىغا زۇلۇم سىرتماقلىرىنى سالدى.

لېكىن بۇ تارىخىي تەقدىرى شورلۇق مىللەتكە ھەر انچە كەلگۈلۈكلەر كەلسىمۇ ، ئادەم كۆزىدىن يىراق نهان ئورمانلىقلاردىكى يوشۇرۇن ئېقىنلاردەك ، يغۇرلارنىڭ بىر چاغلاردا يېتىلدۇرگەن ئىقتىسادىي ىڭى مىللەت ۋۇجۇدىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. پۇرسەت بولسىلا بۇ خىل روھ ساھىب تەدبىر، تۇيغۇن ئەركەكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئاتۇش ئىكساقلىق مۇسابايۇفلار دەل شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇلار 1885-يىلى ئىكساقتا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىغا ئاساس سالدى. ئۇلار ئىقتىساد بىلەن ئەقىل (ئىلىم - پەن) نىڭ قوشنىڭ.بىر جۈپ قانىتىدەك (مۇھەررىردىن) نىڭ بىر - بىرىگەبېقىنىدى. غان زۆرۈرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئاتۇشلۇقلار توغرىلىق نۇرغۇن گەپلەر بولدى. ھەتتا ئاتۇشلۇقلارنىڭ باشقا ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئەۋزەل ئىرسىي گىنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈملەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودىغا ماھىر بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبنى جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىكى تارچىلىقتىن باشقا مۇسابايۇفلار ئېلىپ بارغان يېڭىچە مائارىپ ئىسلاھاتىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئاتۇشلۇقلارنىڭ باشقا يەرلىكلەرگە قارىغاندا، يېڭىچە مائارىپ (ئەقىل ياكى ئىلىم - پەن) بىلەن بۇرۇنراق ئۇچرىشىشى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتتى. بۇ ھال ئاتۇش خەلقىنىڭ كېيىنكى يۈكسىلىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئاتۇشلۇقلارنىڭ ئۇستۇنلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋەتەن قارىشىنىڭ ئېنىقمۇ جانلىنىپ ، ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولغانلىقى ، ئۆزى تۇغۇلغان يەرگىلا باغلىنىپ قالماي ، ئەجدادلىرى ياشىغان ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىنىنىڭ ھەر قانداق يېرىگە دادىللىق بىلەن بارالايدىغان، كۆچەلەيدىغان روھى ئىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ 30 نەچچە يىل تۇنجۇققان ئىقتىساد ئېڭى يەنە ئويغاندى. 1949-يىلدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە ھەقىقىي پرولېتارىياتقا ئايلانغان ئۇيغۇر خەلقى 1978-يىلدىن كېيىن ئىقتىسادتىن ئىبارەت يوقىتىپ قويغىلى ئۇزاق بولغان ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىر نەچچە خەنزۇ مۇئەللىپلەر يازغاندەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ناھايىتى تېز ئىسلاھات ئەڭ بۇرۇن باشلانغان، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەڭ كۆپ چىقىدىغان گۋاڭدۇڭدا، شاڭخەيدە پەيدا بولدى. ھەتتا ئۇلار تىل بىلمىگەن شارائىتتا، سودىدا ئەڭ يامان دەپ قارالغان گۋاڭدۇڭلۇقلارنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، شەرقىي ياۋروپاغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەھۇدىي» سى دېگەن نامغا ئېرىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىدىكى كەمتۈكلۈك ھېلىمۇ مەۋجۇد ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ «يەھۇدىيلىرى» دىكى ئىقتىسادىي ئاڭ يەھۇدىيلار 200نەچچە يىل ئالدىدا سىناق قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ مەبلەغ سالىدىغان يوللىرى ھازىر خەلقئارادا سەل نازۇكلاشسا ئالدامچىلىق دەپ قارىلىپ قىلىنىشى مۇمكىن بولغان بازارلارنىڭ باھا پەرقىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئېلىش ئىدى. لېكىن بۇ خىل مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى ئۇزۇن ئۇنۇم بەرمەيتتى. خەتىرى چوڭ، پايدىسى ئاز ئىدى. يەھۇدىيلار مانا مۇشۇ خىل سودا تۈپەيلىدىنمۇ ئالدامچى - كاززاپ دەپ قارالغان، نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ھەيدەلگەنىدى. بۇ خىل سودىدا ئۇچۇرغا تايىنىلاتتى. لېكىن دۇنيا ئۇچۇر ئېلىشتا سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغان ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرىگە تايىنىۋاتقان، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆزگىرىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دۇنيانىڭ بۇ چېتىدە ئاشكارا بولىدىغان بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تايىنىدىغان ۋاستىسى خۇدا بەرگەن كاللا بىلەن تەقدىرنىڭ تەلىيى ئىدى. كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. نۇرغۇن يېڭى بايلارنىڭ تاسادىپىي بىر كۈنى ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇشۇ ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەھۇدىيلار بۇ خىل سودا ئۇسۇلىدىن خېلى بۇرۇنلا ۋاز كەچكەن، ئاساسلىق پۇل تېپىش يولى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىش ئىدى. ئۇيغۇرلاردا 80-يىللارنىڭ ئاخىرى خەنزۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن يەھۇدىي قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىيلاردىن قوبۇل قىلغىنى پەقەت پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن ئىدىيىلا بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش يولىدىكى ئۇسۇللىرى بەك كۆپ ئۆگىنىلمىدى. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، يەھۇدىيلار پۇل تاپقان ھامان ئەقىلگە، ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئۈنۈملۈك تېخنىكىغا مەبلەغ سالىدۇ. يەھۇدىيبايلىرى بىلەن يەھۇدىي ئالىملىرى بىر - بىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر بايلىرىدا قارىغاندا مۇنداق ئەقىل كەم بولسا كېرەك. ھازىرغا قەدەر مەن بىرەر ئۇيغۇر باينىڭ مەلۇم بىر يېڭى تېخنىكا پاتېنتىغا مەبلەغ سالغانلىقىنى كۆرمىدىم ھەم ئاڭلىمىدىم. ئېھتىمال «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەيدىغان بۇرۇنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرىدىغان قاراش ئۇلارنىڭ كۆزىنى توسىۋالغان . چۈنكى پاتېنت، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ سەل كېچىكىپ كېلىدىغان ، مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋالى ئۇلارنىڭ نەچچە يىلدىن كېيىنكى بولىدىغان زور پايدىسىنى كۆرۈپ يېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. تەسەۋۋۇردىكى ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى 50% بولغان تېخنىكىلارغا بولسا بىزنىڭ بايلىرىمىز زادى مەبلەغ سالمايدۇ. يايلاق ئىمپېرىيىسى

دەۋرىدىن قالغان تەۋەككۈلچىلىك، قارامliق روھى بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇن - تىنسىز يوقاپ، هاراق ئىچكەن، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولىغان چاغدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان نۇرغۇن ئۈستۈنلۈكلەر جارى قىلدۇرۇلمىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بايقىغان ئوسمىنىڭ شىپالىق رولى باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنىش، ئىبلانىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. شۇ سەۋەبتىنلا، ئوسمىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلغان «ئوسمان» دېگەن نامىدىن تۈزۈلگەن ماركا ئاجايىپ زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ، زور كارخانىلار گۇرۇھىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. لېكىن ئۇيغۇر بايلىرى ھېلىمۇ پىت بازىرى بىلەن قويمىچىلىق كوچىسىدا.

بازار ئۆچۈرى ۋە ئىستېمالدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى بايقاپ، ئىنسانىنىڭ ئاچكۆزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش پۈتكۈل دۇنيادىكى ئاساسلىق يۈزلىنىش. ياپونىيىلىكلەر بۇ نۇقتىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر ياپونىيىلىك مەيلى دۇنيانىڭ قەيېرىگە بارسۇن ئۇچۇرغا دىققەت قىلىدۇ، بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ، پايدىلىق ئۇچۇرلارنى بايقىغان ھامان كارخانىلارغا، بايلارغا دوكلات قىلىدۇ. ئۇلار بۇ بايقاشلارنىڭ قىممىتىنى سەزسە، دەرھال بايقىغۇچىنى ناھايىتى كۆپ پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ، بۇ خىل مەھسۇلاتنى تۈركۈملەپ بازارغا سالىدۇ.

مەيلى يەھۇدىيلار بولسۇن، مەيلى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بولسۇن سودىدا ئەمەل قىلىدىغان بىر نەچچە قائىدە بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئېغىزنى چەنلەش. بۇ، ئادەم بارلىكى يەردە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بار، دېگەنلىك. ئىككىنچى، ئاياللارنى چەنلەش. ئاياللارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى، ياسىنىشقا ئامراقلىقى پۇل تېپىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى. ئۈچىنچى، قىممىتى ئەسىرلەر بويى يوقالماي ئۆسۈپ بارىدىغان نەرسىلەرنى چەنلەش. يەنى ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس - گۆھەر تىجارىتى. تۆتىنچىسى، ئادەملەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئارزۇسىنى چەنلەش — مېھمانخانا، ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ نۇقتىلارنى خېلى بۇرۇن ھېس قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپى ئاشخانا، كىيىم - كېچەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما قالغان تۈرلەردە ئۇلار ئاساسەن يوق.

پۇل ۋە ھوقۇق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەيدىغان ئىدىيە ھازىر بىزنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. ھوقۇقنىڭ ئۆزى پۇل، پۇلنىڭ ئۆزى ھوقۇق، بۇ ئىككىسى بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن ئىدىيە ھۆكۈمران ئىدىيىگە ئايلىنىپ، ئەقىل (ئىلىم - پەن) ئىككىلەمچى ئىدىيىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىقتىساد بىز بايا ئوتتۇرىغا قويغاندەك تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى. ئىقتىسادنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر داۋام قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش، ياخشى بولغان ئىقتىساد قارىشى

تىكلەش ھەممىدىن مۇھىم. تار مەنىدىكى ھوقۇق ۋە پۇل ئىدىيىسىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى قۇلچىلىق، ئاچكۆزلۈك ۋە مەنىۋى نامراتلىقتۇر. دېمەك ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، ھازىر تاپقان ئازغىنە پۇلنى ئەڭ ياخشىسى ئەقىل ئۈچۈن مەبلەغ سېلىپ، ئىقتىسادنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تولۇقلىشى، شۇ ئارقىلىق ماددىي بايلىقنى مەڭگۈلۈك بايلىققا ئۆزگەرتىشى لازىمدۇر. چۈنكى ئەقلىي بايلىقنى ھېچكىم، ھەرقانداق كۈچ تارتىۋېلىشقا قادىر ئەمەس. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كېرەم ئىمىن، نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر، كېرەم قۇربان، مەخەت ئېلاجىم، غوپۇر نۇر. . . قاتارلىق ئەزىمەتلەرنىڭ پۇل تېپىپ مەكتەپ سېلىپ، ئەقىلگە مەبلەغ سېلىشى خاسىيەتلىك بىر يۈزلىنىشنى باشلىدى. ئابلىمىت خالىس ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى، پۇل چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان «خالىس» مائارىپ فوند جەمئىيىتى بىر ياخشى سادا.

مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش نىشانى پەقەت باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىلا قارىتىلىپ قالماسلىقى كېرەك. تالانتلىقلارغا مەبلەغ سېلىش، ئالىي مائارىپقا مەبلەغ سېلىش — مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. چۈنكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئېيتقاندەك:

ئىتلارغا باش بولسا ئەگەر ئارسلان،
ئىتلارمۇ ئارسلاندەك بولغۇسى يامان.
ناۋادا ئارسلانغا باش بوپ قالسا ئىت،
ئارسلانمۇ ئىتلاردەك بولغۇسى ھامان.

گەرچە بىز تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە ئىشەنسەكمۇ، يەنە شۇ خەلقنىڭ سەركىسى قەھرىمانلاردۇر. يېڭى تارىخ يارىتىش ۋەزىپىسى چوقۇم مىللەتنىڭ يۈكسەك ئۈمىدىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ۋە ئىمانى ئەركەك، ئەلسۆيەر ئوغلانلار تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئاشخانىغا مەبلەغ سېلىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر بايلىرى شىپاخانا سېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى گېن ۋە ھۈجەيرە تەتقىقاتىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەبلەغ سېلىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر بەلباغلىرىنى ھاسىل قىلىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالىي پەن - تېخنىكا رايونى كىرىمىنى جىلغىلىرىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ.

دۇنيانىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئەقىل بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۆز ئارا ئايلىنىش جەريانى، سەگەك بولۇڭلار، ئۇيغۇر بايلىرى.

سۈرەتتە: بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم. ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# هايات هەقىقەتلىرى

## چەت ئەل ھېكمەتلىرىدىن

▲ خەلقنىڭ رايى-ھەقىقەتنىڭ ئۆزى.

**- چاۋشيەن**

▲ قانائەتلىنىش - ئەقىل تولۇقلىقىنىڭ ئالامىتى.

**-ياپونىيە**

▲ ئاقىل خەقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ماھىر.

**- ئەنگلىيە**

▲ ئالەمدىكى ئەقىلنىڭ ئەڭ چوڭى- ئۆز ئاجىزلىقىنى كۆرۈش.

**- فرانسىيە**

▲ ئۆز ئىللىتىنى بىلگەن ھەممىدىن ئەقىللىق.

**- ئىتالىيە**

▲ خەقنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈش قاتىللىققا باراۋەر.

**- پولشا**

▲ غەزەپ ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەر.

**- ئەنگلىيە**

▲ باشتا گېپى چىرايلىق، ئاخىرىدا بىر پۇلغا يارىماپتۇ.

**- روسىيە**

▲ بىلىمسىز ھەممىدىن بەك ۋارقىرايدۇ.

**-رومىنىيە**

▲ ئاچكۆزلۈك جىنايەتنىڭ مەنبەسى.

**-ئەنگلىيە**

▲ ھاراقتىن مەست بولغان ھوشىغا كېلەر، بايلىققا مەست بولغان ھوشىغا كەلمەس.

**-موزامبىك**

▲ ئاچكۆز ئابرويىدىن ئايرىلار، پۇل قوغلىغان پەزىلىتىدىن.

**- ھىندىستان**

▲ پۇلنىڭ قۇلى بولما، خوجايىنى بول.

**- ئەنگلىيە**

▲ قوشنائىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاتقان تاش ئۆز بېشىڭغا تېگەر.

**- چېخوسلوۋاكىيە**

▲ ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا.

**- فرانسىيە**

▲ چوڭ ئىش قىلماقچى بولساڭ ئاز گەپ قىل.

**- دانىيە**

▲ چوققىغا چىقىشتىن قورققان ئويماندا مەڭگۈ ئىككىلىنىپ يۈرەر.

**- ئەرەب**

▲ بىلىمسىزلىك خۇراپاتلىقنىڭ ئانىسى.

**- فرانسىيە**

▲ قابىلىيەتسىز دوختۇر- قەبرىستانلىقنىڭ ئوغۇتچىسى.

**- ئەنگلىيە**

▲ كىتاب - جاھاننى كۆزىتىدىغان دېرىزە.

**- روسىيە**

▲ ئەقىللىق ئادەم بىر تاشقا ئىككى قېتىم پۇتلاشمايدۇ.

**- روسىيە**

▲ بىر ئەقىللىق باش مىڭ باشنى قۇتۇلدۇرار.

**- تۈركىيە**

▲ پاشا قان شورايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

**- ئافرىقا**

▲ ئەخمەق ھەشەمەتلىك نەرسىگە ئامراق.

**- تۈركىيە**

## دانالار خەزىنىسى

▲ سېنى ئۆچۈرگىنى ـ جۈندىگىنى.

ـ ئەنگلىيە

▲ قۇسۇر تېپىشقا ئامراق ئادەمگە ھامان گەپ تېپىلار.

ـ ياۋروپا

▲ سوۋغىغا سېتىۋالغان دوستنى خەقمۇ سېتىۋالار.

ـ ئەنگلىيە

▲ خۇشامەتچىنىڭ سۆزى جاللاتنىڭ قىلىچىدىنمۇ يامان.

ـ لاتىن ئامېرىكىسى

▲ مۇھەببەتنىڭ يۈل ئۈستىگە قۇرۇلغىنى ـ ئالەمدىكى يامانلىقنىڭ جەم بولغىنى.

ـ ئەنگلىيە

▲ شاھ ئوردىدا بولمىسا، قولچوماقلىرى جاھاننى بۇزار.

ـ ياپونىيە

## ھېكمەتلەر

▲ ئالىيجاناب پىكىرگە ھەمراھ كىشى ھەرگىز يېتىم قالمايدۇ.

ـ فىلىپ سىردون

▲ بايلىق ئالدىدا خۇدىنى يوقاتمىغان، يوقسۇزلۇق ئالدىدا تەۋرىمىگەن، قورال ئالدىدا تىز پۈكمىگەن ئادەملا ئەزىمەت ھېسابلىنىدۇ.

ـ مىڭزى

▲ مۆجىزە كۆپ ھاللاردا بىتەلەيلىكتە يارىتىلىدۇ.

ـ فرانس بېكون

▲ بالا-قازا كۆپ ھاللاردا كىشىگە بىلىم بېرىدۇ.

ـ ئىزوپ

▲ كىتاب زامانىمىزدىكى ھەقىقى ئالىي مەكتەپتۇر.

ـ توماس كارلىلى

▲ ھەرقانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، لېكىن ھاماقەتلەر خۇشنى تاپماي كېتىۋېرىدۇ.

ـ سىسېرو

▲ قاغاش ـ ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، ماختاش ئادەمنى بوشاشتۇرىدۇ.

ـ بلاك

▲ ئۈيلىش بىز نومۇس قىلىدىغان ھەرىكەتتىن پەيدا بولىدىغان ئازابتۇر.

ـ سپىنوزا

▲ بىزنىڭ تازا كەمتەر ۋاقتىمىز ئۇلۇغلۇقتا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدۇر.

ـ رابىندرانات تاگور

▲ ئادەم قانچىكى ئىقتىدارسىز بولسا ئۆزىنى شۇنچە قالتىس چاغلايدۇ.

ـ دېڭ تو

▲ ئۇلۇغ كىشىلەر باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەنىبىرى ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ.

ـ رۇسسو

▲ ئادەمنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىشىدە.

ـ جون پائول

---

تويلىغۇچى: نىجات يۈسۈپ

## ئۇلۇغلار نەسىھەتلىرىدىن

▲ خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز دەپ ئويلىما.

▲ كۆپ ئاڭلىغۇچى ، ئاز سۆزلىگۈچى بول.

▲ تۆھمەت ئېھتىمالى بولغان يەردە ئولتۇرما.

▲ بىر ئىشتىن سەسكەنسەڭ ئىككىنچى قىلماس بول.

▲ گۇمان بىلەن يېگەن نەرسە زىيانلىق.

▲ بالايى ئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ.

▲ مەرد بولاي دېسەڭ كىشىدىن تەمە قىلما.

▲ كۆچۈڭ يەتمىگەن ئىشقا ئېسىلما.

▲ كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالما.

▲ سەۋر-ئىككىنچى ئەقىلدۇر.

▲ ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلاردىن غاپىل بولما.

▲ تۆھمەتخور ئۆز كېپىنىنى يەيدۇ.

## دېيىل كارنېگ ھېكمەتلىرىدىن

▲ ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئېھتىياج، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولغان تەشنالىقتۇر.

▲ نەپرەتنى نەپرەت بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت بىلەنلا يوقاتقىلى بولىدۇ.

▲ باشقىلار ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلسۇن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇڭ.

## ھېكمەتلەر

▲ كىشىلەرنىڭ بالا-قازاسى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـ ئىزوپ

▲ جەۋر ـ زۇلۇم كىشىلىك ھاياتتىكى بىردىنبىر يول باشلىغۇچى.

ـ بالزاك

▲ مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىگە ساۋاق تاپالمىغان ئادەمنىڭ غەلىبە قازىنىش سەپىرى تولىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

ـ ناپالېئون

▲ ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا دۈشمىنى بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ بىلىمسىزلىكتۇر.

ـ ۋىكتور، ھيوگو

---

تويلىغۇچى: مۇختار تۇردى (ئوقۇغۇچى)

## تۇرمۇش ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ تۇرمۇش ـ تاپقىلى بولمايدىغان تېپىشماق، ئۇنىڭغا تۇمەنلىگەن ئادەمنىڭ تۇمەنلىگەن جاۋابى بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئەڭ بىچارە يېرى شۇكى، ئۇ، تۇرمۇشنى ھەقىقىي چۈشەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ئاخىرلىشىپ قالىدۇ.

▲ ئېتىقاد ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى ، پەقەت «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەنگە ئىشەنگەندىلا، ئازاب-ئوقۇبەت ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ تەقدىر ئەزەلدىن ئاجىزلارغا باش ئەگكەن ئەمەس؛ ئۇ ھامان نادانلارغا ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن.

▲ كۆرەشسىز ھايات ، ھەرىكەتسىز خىزمەت، خىزمەتسىز مۇكاپات يوق.

▲ تۆت خىل سەۋەب ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ: كۆپ دۈشمەن، كۆپ قەرز، كۆپ بالا-چاقا، ئۇرۇشقاق خوتۇن.

▲ قانائەتچانلىق-ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۇيقۇدورىسى.

▲ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ماختاۋاتقان چاغدا ئەيىبىڭىزنى باشقىلار بىلىپ بولغان بولىدۇ.

▲ ئاتا رەھىمدىل، ئوغۇل ۋاپادار، ئەر ئىنسابلىق، خوتۇن دانا بولسا، ئۇ ئۆينىڭ دۆلىتى شۇدۇر.

▲ ساغلام ئادەم تەبىئەتنىڭ ئەڭ بىباھا ئەسىرىدۇر.

▲ زىيادە مەيخورلۇق غەۋغاغا، زىيادە خۇشاللىق قايغۇغا ھامىلداردۇر.

▲ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئەمگەك ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ھەقىقىي دوختۇرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

▲ پۇل ـ ھۆرۈنلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەمما مەڭگۈ قولغا كىرگۈزەلمەيدىغان نەرسىسىدۇر.

---

توپلىغۇچىلار: يۈسۈپ مۇھەممەت، ھاشىم توختى، ئابدۇغېنى ئابدۇغوپۇر

ھېكمەتلەر

▲ كىشىلەر ماڭا: «ئەگەر سەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ھەرگىز ئويغاتما، بەلكىم ئۇ ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقاندۇر» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگەندە ئويغىتىپ ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار» دەيمەن.

***

▲ بىزنىڭ تارىخىمىز ئەنە شۇنداق پاجىئەلەردىن مۇجەسسەم بولغان: (بىر كىم) يۇرتقا، مىللەتكە بىرەر پايدىلىق ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئاز، ھەسەت قىلغۇچىلار كۆپ. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە پىتنە قوزغاپ، ئاخىر ھۆكۈمەتكە ئەرز ـ شىكايەت كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

ـ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» رومانىدىن

▲ بەزىلەردە شۇنداق قۇللۇق سۈپىتى باركى ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە مۆلچەرلىيەلمەيدۇ.

▲ ساختىلىق ـ تۇرمۇشتا قۇل بولۇپ ياشىغۇچىلارنىڭ ئەڭ سەكەش، ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇلى.

▲ تالانتنىڭ كۈچى ـ ئۇز پۈت ـ قولنى چۈشەپ قويۇش ئەمەس، لكى ئەھۋالغا قاراپ كۆرەش مۇساپىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشتا.

ـ «ئىدىيە» دىن

---

توپلىغۇچى: تاھىرجان مۇتەللىپ قاھىرى (ئوقۇغۇچى)

ھېكمەتلەر

▲ يول ئېگىز ـ پەس، تۈن قاراڭغۇ، مەخسەت يىراقتا، شۇڭا بۇ يولدا شەخسىيەت يۈكىنى تاشلا.

ـ ئەلىشىر نەۋائىي

▲ بىلىمسىز، خام، ئاسانلا قانائەتلىنىدىغان نادان ئادەملەرلا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ.

ـ توماس مان

▲ مۇلايىملىق قانچە بولسا، ئاجىزلىقمۇ شۇنچە بولىدۇ.

ـ فرىدرىخ نىتزى

▲ گۇمان مۇنازىرىنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ قىسقارتىلغان ئىپادىسى.

ـ سالۋادۇر كاشمۇدۇ

▲ ئەگەر بىز ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمىسەك جىم بولغىنىمىز ياخشىكى، يالغانچىلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ـ يارۇسلاۋسېيرت

---

توپلىغۇچى: ئەنۋەر توختى (ئىشچى)

ھېكمەتلەر

▲ رازىلىقىڭنى ئالماي تۇرۇپ، سېنى ھېچكىممۇ ئۆزلىكىدىن كەمسىتەلمەيدۇ.

ـ ئېلنور روزۋېلت

▲ بىز تەشنا بولغان، قەدىرلەيدىغان جاسارەت ھۆرمەتلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىش ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇق بىلەن ياشاش.

ـ توماس

▲ ئۆزىنىڭ مۇشەققەت چېكىشىدىن قورققان ئادەم قورقۇنچ ئىچىدە مۇشەققەت چېكىدۇ.

ـ مونتاگېنى

▲ ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ـ ماتتيۇ ئارنولد

▲ نادانلىقتىن ھەقىقەتكە قايتىش چۈشتىن ئويغانغانغا ئوخشاش.

ـ گيوتى

## جىبران خەلىل جىبران ھېكمەتلىرىدىن

▲ مەن پەقەت سىز كىم دەپ سورىغان كىشىنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىمەن.

▲ يىگىتنىڭ قولى قىزنىڭ قولى بىلەن ئۇچراشقاندائۇلارنىڭ قوللىرى ئەبەدىيلىكنىڭ يۈرىكىنى تۇتقان بولىدۇ.

▲ ئىنسانلارقانۇنىنى پەقەت ئىككى كىشىلا بۇزۇۋېتەلەيدۇ: بىرى ساراڭ، يەنە بىرى تالانت ئىگىسى. چۈنكى بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر.

▲ سېنىڭ قەلبىڭگەئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەمىيانىنى ئاختۇرغان كىشى نېمىدېگەن كور، ئەقىلسىز كىشى ـ ھە!

▲ ئىنسانىيەتنىڭ مۇنبىرى ئۇنىڭ جىمجىت قەلبىدۇر، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ گەپدان ئەقلى ئەمەس.

▲ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى كۆپ بولغان كىشى ئۆمرى ئۇزۇن بولغان كىشىدۇر.

▲ سەنئەت ـ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالەمدىن يوشۇرۇن ئالەمگە تاشلانغان تۇنجى قەدەمدۇر.

▲ بەزى كىشىلەر مېنىڭ كەڭ قورساقلىقىمنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مېنى قەستەن غەزەپلەندۈرىدۇ.

▲ مەن قارامىلىقنى باتۇرلۇق، سەۋرنى ئاجىزلىق ھېسابلايدىغان ئادەملەر ئالدىدا ئاجىزمەن.

▲ گۈزەللىك بىزنى ئەسىر قىلالايدۇ. زىيادە گۈزەللىك بولسا بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئازاد قىلالايدۇ.

▲ ئەدىب پىكىر، ھېسسىياتنى سۈرەتكە تارتىپ، ئۇنى پېشقەدەم ئاندىن سۆزلەيدۇ. تەنقىدچى سۆزلەرنى توپلاپ تەھلىل قىلىپ ئاندىن ئەسىراتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

▲ ئىسپاتلاش زۆرۈر بولغان ھەقىقەت يېرىم ھەقىقەتتۇر.

▲ روھىم بىلەن جىسمىم ئۆزئارا توي قىلغاندىلا مەن قايتىدىن تۇغۇلىمەن.

▲ ئەسلىمە ئۇچرىشىشنىڭ بىر خىل شەكلى.

▲ قاراڭغۇ بولۇدىن ماڭماي تاڭغا يېتىلى بولمايدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ساڭائاشكارابولغان تەرىپىدە ئەمەس بەلكى ئۇ ساڭا ئاشكارا قىلالمايدىغان تەرىپىدە.

▲ قىلغان گەپلىرىمنىڭ يېرىمى دىگۈدەك ئەھمىيەتسىز گەپلەر. ئۇنى دېيىشتىن مەقسىتىم سېنى ئۇنىڭ قالغان يېرىمىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگەقىلىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئىككى ئايال سۆزلەشكەندە ئۇلار ھېچنېمە دېيىشمەيدۇ. بىر ئايال ئۆز ـ ئۆزىگەسۆزلىگەندە ھاياتلىقنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋېتىدۇ.

▲ ئاياللارنى چۈشەنمەكچى، تالانتنى تەھلىل قىلماقچى بولغان ياكى جىمغۇر ـ سىرلىق ئادەملەرنى بىلمەكچى بولغان ئادەم شېرىن چۈشلەر ئارىسىدىن جانپىدالىق بىلەن ئويغىنىپ ناشتىلىق ئۈستىلىگە كەلمەكچى بولغان ئادەمدۇر.

▲ ئەگەر بىر توپ دەرەخ ئۆز تەرجىمىھالىنى يازىدىغان بولسا، ئۇ خۇددى بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا ئوخشىغان بولاتتى.

▲ ئانا قەلبىدە جىم تۇرغان شېئىر بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ.

▲ نۇرغۇن قىزلار يىگىت قەلبىنى ئۇتىنە ئالالايدۇ، ناھايىتى ئاز قىزلارلا يىگىت قەلبىنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

▲ مۇھەببەت ۋە ھەسەت ئەبەدى سۆزلەشمەيدۇ.

▲ دوستلۇق ئەبەدى بىر شېرىن مەسئۇلىيەت، ھەرگىز بىر خىل پۇرسەت ئەمەس.

▲ سەن قۇياشقا ئارقاڭنى قىلىپ تۇرغىنىڭدا كۆرگىنىڭ پەقەت ئۆز سايەڭدۇر.

▲ ئەگەر مېھمان ئۈچۈن بولمىغىنىدا ھەممە ئۆيلەر قەبرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئالدامچىلىق بەزىدە غەلىبە قىلىپمۇ قالىدۇ. لېكىن ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ.

▲ سەن ھاياتلىقنىڭ مەركىزىگە يەتكەندە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھكاردىن يۇقۇرى، ئەۋلىيادىن تۆۋەن ئەمەسلىكىڭنى بايقايسەن.

▲ بىز ھەممىمىز مەھبۇس، پەقەت بەزىمىز دېرىزىلىك تۈرمىدە، بەزىمىز دېرىزىسىز تۈرمىدە.

▲ ياۋۇزلۇق موھتاجلىقنىڭ لەقىمى ياكى بىر خىل كېسەلدۇر.

▲ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم باشقىلارنى باسمايدىغان ھەم بېسىلمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ مۇبالىغە ـ ئاچچىقلانغان ھەقىقەتتۇر.

▲ پاكىت ـ جىنسى ئايرىمىسى يوق ھەقىقەتتۇر.

▲ سەن بىلەن خۇشاللىقتا بىللە بولۇپ، جاپادا بىللە بولالمىغان ئادەم يەتتە جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدۇر.

▲ قايغۇ ئىككى گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى تامدۇر.

▲ سۆزمەن كىشى ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر. ناتىق بىلەن ھۆپىگەر ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك.

▲ خۇشاللىق ـ چۈمپەردىسى ئېلىپ تاشلانغان ھەقىقەتتۇر.

## ھېكمەتلەر

▲ ۋاقىت جان دېمەكتۇر. باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئورۇنسىز ئېلىش ئەمەلىيەتتەمال ـ دۇنيانى دەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن پەرقلەنمەيدۇ.

**ـ لۇشۈن**

***

▲ ئەقىل بىلەن شىرنى تۇتۇش مۇمكىن، كۈچ بىلەن چاچقاننىمۇ تۇتالمايسەن.

▲ ساختاندانلىقلىكى خىزمەت ۋە ھوقۇق بەرسە، تىرناقچىلىك بولسىمۇ ئېغىر كۆرمەي ئال. شۇ ئارقىلىق سەن بىر بىچارىنى بولسىمۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالايسەن.

▲ ھاياتتا ئىككىلا نىشان بولىدۇ: بىرى، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك نەرسىنى قوغلىشىش؛ يەنەبىرى، قوغلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش. پەقەت ئەڭ ئەقىللىق كىشىلا ئىككىنچى نىشانغا يېتەلەيدۇ.

▲ ياخشى سۆز، ياخشى خۇلق بىلەن ئادەم قېرىماس.

▲ خەلققە ياققىنىڭ خۇداغا ياققىنىڭ.

▲ ئەجدادلار ئۈچۈن ياش تۆك، ئەۋلادلار ئۈچۈن قان تۆك.

---

توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان توختى (ئوقۇغۇچى)

## سۇخوملىنسكىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ كىشىلەر جىددىي بولمىسا، تىرىشمىسا، تەر ئاققۇزۇشنى ۋە ھېرىپ ـ چارچاشنى ئويلىمىسا، تەقەززالىق ۋە ئەنسىزلىكنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىسە ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

▲ ئەڭ دەسلەپ چاقنىغان نىيەت ئادەتتە ئەڭ پاك بولىدۇ.

▲ ھەر قانداق ئادەم ئىدىيىدىن ئايرىلغان ھامان بىر دۈۋە گۆشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئادەمنى چۈشىنىش ـ شۇنداقلا ئۆزۈڭنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىشتۇر.

▲ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ قوپال، ئەڭ «پاسكىنا» ئەمگەكلەرنى پەس كۆرمىگىن. چۈنكى ئىجادىيەت پائالىيىتى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

▲ مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىسى، كىشىلەرگە باشقىلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشنىڭ چەكسىز خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

▲ مۇھەببەت جەھەتتە «تەجرىبىلىك»، «سالاھىيەتلىك» بولۇش نامايىتى قورقۇنچلۇق ئىش.

▲ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ـ ئادەمنى قەدىرلەش، ھۆرمەت قىلىش، ئاسراش.

▲ زالىملىق بىلەن كۆيۈنۈش، بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋە بالىلارنى نابۇت قىلىدىغان كۈچتۇر.

---

توپلىغۇچى: ئەنۋەر ئەخمەت (ئوقۇغۇچى)

## شەيخ سەئدى ھېكمەتلىرىدىن

▲ كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا.

▲ كىمكى جېنىدىن ئۈمىد ئۈزسە كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى دەۋالىدۇ.

▲ پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل.

▲ كىشى، بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندىلا تىنچ ـ ئاراملىقنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ.

▲ ئالدىراپ قىلغان ئىشنىڭ ئۆمرى قىسقا.

▲ ھەمراھىنى يولدا تاشلاپ كەتكەن ئادەم ھېچ يەردە راھەت كۆرمەيدۇ.

▲ ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا گەپنى شۇنداق قىلغىنكى، ئەگەر ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، خىجالەتتە قالمايدىغان بول.

▲ ھېساباتا توغرا بولغان كىشى ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ.

▲ يامان ئادەملەرگە مەردلىك قىلىش گۇناھ.

---

توپلىغۇچى: خاسىيەت ئابلىكىم (ئوقۇغۇچى)

## ئىبنى سىنا ھېكمەتلىرىدىن

▲ ھەقىقەت ـ تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

▲ تەبىئەت دۇنياسىدا بوش ئورۇن يوق.

▲ مەۋجۇدلۇقتا رېئاللىق، مۇقەررەرلىك ۋە مۇمكىنلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

▲ قۇياش قارىغۇ كىشىگە كۆرۈنمىگەندەك، توغرا يول بەلگىلىرى جاھىللارغا كۆرۈنمەيدۇ.

▲ مەۋجۇد ئەسلىزات ئۆز تەبىئىيتى بويىچە كامالەتكە ئىنتىلىدۇ.

▲ ياخشى، يامان خۇلقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت، تەربىيە، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆزىنى ئۇششاق سۆز، ئۆچەكەشمەك، جېدەل، شىكايەت، نارازىلىق، داد ـ پەريادلاردىن خالىي قىلىپ چىقمىغۇچە شۇ خىل ئىپلاس ۋە پەسكەش خاراكتېرىدىن ئازاد بولالمايدۇ.

▲ ئۇلۇغلۇق، ئىنسانغا ھېچقانداق يامانلىقنى يېقىنلاشقا يول قويمايدىغان بىر ھالەتنى جەملىگۈچى كۈچتۇر.

▲ پاراسەت، سەزگۈدىن (سەزگۈچىدىن) كېلىدىغان ئىشارەت مەنىسىگە تېز ئېرىشمەكتۇر.

▲ كىشىنى قەبىھ ۋە مەنىسىز ئىشلارغا قەدەم قويۇشتىن تۇتۇپ تۇرىدىغان، ياخشى خۇلق ۋە ئىشلارغا باشلايدىغان پەزىلەت شەرمى ھايا دېيىلىدۇ.

▲ ئىنساندىكى ئەڭ يامان جىنايەتكار ئىللەت ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر.

▲ كۈندىلىك رىزق ئۈچۈن كۆپ قايغۇرما، مال ـ دۇنيا دەپ قىينالما، بەلكىم ھەركىم ئۆز نېسىۋىسىدىن ئارتۇق بىر تال داننى يېيەلمەيدۇ.

▲ سىرنى ساقلىساڭ سىر ساڭا مەھبۇس، سىر، ساقلىمىساڭ سەن سىرنىڭ مەھبۇسى.

---

توپلىغۇچى: كۈرەشجان ھۈسەيىن

## جىبران خەلىل جىبران ھېكمەتلىرىدىن

▲ نامراتلىق ـ قەلبىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى نامايەن قىلالايدۇ، باي

بولۇش ـ قەلبىنىڭ پاسكىنىلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ھەسرەت چېكىش ئادەمنى كەمتەر، ئاقكۆڭۈل قىلىدۇ، ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. راھەت كۆرۈش ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، كاللىنى قايمۇقتۇرىدۇ.

▲ مىليونېرلارنىڭ ھاياتى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە خەزىنە ئوتتۇرىسىدا ئۆز بېشىنىڭ قايغۇسى بىلەن ئۆتىدۇ.

▲ قوشلاردا ئادەم سازاۋەر بولالمايدىغان ئىززەت ـ ھۆرمەت بار. ئىنسانلار ئۆزلىرى بېكىتكەن قانۇن ۋە ئەنئەنىنىڭ ئاسارىتىدە بولىدۇ.

▲ خۇداغا سىغىنىش ئۈچۈنلا ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاش بىھاجەت.

▲ خۇدانىڭ ئادەم جىسمىنى يارىتىشى ـ روھنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا جاي ھازىرلاش ئۈچۈندۇر.

▲ سىياسەتۋازلار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بىلەن ئوينىشىدۇ، ياغلىما سۆزلەر بىلەن خەلقنى ئالدايدۇ ۋە قايمۇقتۇرىدۇ.

▲ روھىي دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئويغىنىش، ئۇنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەيدۇ.

▲ قۇللۇق ئادەملەرنىڭ كۈندۈزلىرىنى شەرمەندىلىك ـ پەسلىك بىلەن، تۈنلىرىنى قان ۋە ياش بىلەن تولدۇرىدۇ.

▲ قارىغۇ قۇللۇق. ئۇ، بۈگۈنكى ھاياتنى ئۆتمۈش بىلەن ـ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئادەملەرنى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئالدىدا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ ۋە ئۇنى چىرىك روھنىڭ يېڭى تېنىگە، چىرىك سۆڭەكنىڭ يېڭى قەبرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

▲ گاچا قۇللۇق. ئۇ، ئەرنى ئۆچ كۆرگەن ئايالغا، ئايالنى ئۆچ كۆرگەن ئەرنىڭ كارىۋىتىغا باغلاپ قويىدۇ.

▲ گاس قۇللۇق. ئۇ، ئادەمنى مۇھىتقا كۆنۈشكە، مۇھىتنىڭ تەلپىگە ئاساسەن يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىش، گىرىم قىلىش، سىزغان سىزىقتىن چىقماسلىققا مەجبۇرلايدۇ.

▲ توكۇر قۇللۇق. ئۇ، كۈچلۈكلەرنىڭ بويىنىنى سۆيىقەستچىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. نام ـ شۆھرەت بىلەن ئىقتىدارلىقلارنى ئالداپ، ئۇلارنى ئاچكۆزلەرگە تاپشۇرىدۇ، ئاچكۆزلەرنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ماشىنىغا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ نىقابلىق قۇللۇق. سودىنى ئادىل قىلمايدۇ، ئالغىنى ئۆز باھاسى بىلەن ئالمايدۇ، ساتقىنى ئۆز باھاسى بىلەن ساتمايدۇ. سۆيىقەستنى ئەقىل ـ پاراسەت، سۆزمەنلىكنى ئالىملىق، كۈچسىزلىكنى مۆمىنلىك، قورقۇنچاقلىقنى كەمتەرلىك دەيدۇ.

▲ تىنگىغىر قۇللۇق. ئۇ، قورقۇتۇش، ۋەھىمە بىلەن ئاجىزلارنىڭ تىللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

▲ دوك قۇللۇق. باشقا دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن ئۆز مىللىتىنى باشقۇرىدۇ.

▲ قوياشقا تىكىلىپ ئاپئاق تاترىپ كەتكەن ئورۇق بىر كۆلەڭگىنى كۆردۈم. مەن سورىدىم:

ـ سەن كىم؟

ـ مەن ئەركىنلىك.

ـ باللىرىڭ قەيەردە؟

ـ بىرى كرېست جازىسىغا مىخلاندى، بىرى ساراڭ بولۇپ ئۆلدى، بىرى تېخى تۇغۇلمىدى.

▲ كۈچسىزلەر ئالدىدىكى ۋىژدان ـ نەسىھەت قىلغۇچى كۈچلۈك كىشى تولىمۇ رەھىمسىز بولىدۇ!

▲ سەنئەتكار، باشقا ئادىي ئادەملەرگە قارىغاندا كۈچلۈك پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى باشقىلارنىڭكىنى ئۆلچىگەن ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش نامۇۋاپىق ۋە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئۆز تۇيغۇ ۋە پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە يېڭى شەكىل تاپقان رەسسام ھەممە ۋاقىت ئۆز ئائىلىسى ۋە دوستلىرىغا يات، ئۆز ۋەتىنى، ھەتتا دۇنياغىمۇ يات. رەسسام ئۆزى ئېنىق بىلمىگەن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن تەسىرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ، بەختلىكلەر ئارىسىدا بەختسىز، بەختسىزلەر ئارىسىدا بەختلىك، كۈچلۈكلەر ئارىسىدا كۈچسىز، كۈچسىزلەر ئارىسىدا كۈچلۈكتۇر.

▲ سەنئەت بىر خىل ئالىي روھكى، ئۇنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

▲ ئادەم شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ھامان قۇلغا ئايلىنىدۇ!

▲ ئادەم ئۆز قەلبىنى چۈشەنگەن ھامان ئۇنىڭ ھاياتلىق كىتابى يېپىلىدۇ.

▲ ئادەم توققۇزى تەل بولغاندا ئۇنى تۇپراق ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

▲ ياۋايى ئادەم ئاچ قالسا دەل ـ دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيدۇ؛ مەدەنىيەتلىك ئادەم ئاچ قالساچۇ، ئۈزگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى مېۋىنى سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

▲ بەلكى بىز ئەڭ مۈشكۈل دېگەن ئىشلار ئەڭ ئاسان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئېتىقاد ـ يۈرەكتىكى بوستان.

▲ ئەگەر كىمدە كىم قۇلچىلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىسيانغا ھۆرمەت قىلمىسا، ئۇ كىشى ھەقىقەت ئەركىنلىككە سازاۋەر بولالمىغان كىشىدۇر.

▲ ۋىجدان ـ ئاللانىڭ نامايەندىسى.

---

تەپلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (ئىشچى)

## ئەمىن رەيھانى ھېكمەتلىرىدىن

▲ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەپرەت ۋە ئۈچمەنلىك تىكەنلىرىدىن، پەسكەشلىك ۋە ئاداۋەتنىڭ خىيالىي شەپىلىرىدىن قورقماستىن توغرا بارغان ئادەم دانادۇر.

▲ ھەر بىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى سىر شۇنىڭدىكى، ۋاقىتنىڭ بىرىسىدا ئويلاپ، بىرىسىدا ھەرىكەت قىلىشتۇر.

▲ قانچە ـ قانچىلىغان ئادەملەر ئۆز مەقسەتلىرىنى ئوبدان بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ۋە بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان يېقىن ۋە ئىشەنچلىك يولنى تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار خۇددى توخۇدەك يەر تاتىلايدۇ ـ ئورۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتىدۇ، ۋارقىراشنى كۈچەيتىدۇ، چاڭ كۆتۈرۈپ قوشنىلىرىنى تېرىكتۈرىدۇ. ئىنزەۋاتقان مەرۋايىت دانىسى بولسا شۇ پەيتتە ئۇلار ئۆزلىرى ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ كولاۋاتقان ئەخلەتنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ.

▲ ھايات ـ ئىككى مەڭگۈلۈك ئوتتۇرىسىدىكى غار ۋە ئىككى قارا بۇلۇت ئوتتۇرىسىدىكى چاقماقنىڭ چاقنىشىدۇر.

▲ مۇھەببەتنىڭ ئۈزۈلگەن يىپلىرىنى ئالدىراپ ئۇلاپ قويۇشنىڭ ئاقىۋىتى ئادەتتە داۋالىماستىن يورۇن تاتۇق بولۇپ پۈتكەن يارىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ ئايرىلمىغىچە ئۆزىنى سەزدۈرمىگەن مۇھەببەت ئەڭ ئېسىل مۇھەببەتتۇر.

▲ ياخشى ئادەم بەختسىزلىكىدە دوستلۇقىنى قەرز بەرسە، كېيىن ـ بەختلىك چېغىدا ئۇنى سەندىن ئۇسۇمى بىلەن تەلەپ قىلمايدۇ.

▲ مەن ئاللىقانداقتۇر بىر قوپاللىقى بار گۈزەللىكنى، نازۇك ۋە ئاجايىپ كېلىشكەن ھەرىكەتلەرنى، نۇرغۇن چىرايلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرىمەن.

▲ ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ۋە دۇنياۋى مەقسەتلىرى ئۈچۈن دىن، ساختا تەقۋادارلىق، ئۆزىنى نىقابلاش يولىغا كىرگەن ئادەم يەردىن يىراق تۇرغان سەييارىلاردىن قانچىلىك يىراق بولسا، شۇ ئادەممۇ دىن ۋە خۇدادىن شۇنچىلىك يىراقتۇر.

▲ مۇتەئەسسىپلەر ھەر تۈرلۈك بولىدۇ ـ ئۇلار ئىككى ئاياقلىق ھايۋانلارنىڭ ئاجايىپ بىر تۈرى؛ ھەممە باشقا تۈردىكى ھايۋانلاردەك ئۇلارنىڭمۇ تۈرلۈك نەسىللىرى ۋە تۈرلىرى بولىدۇ. ھازىر مەلۇم بولغانلىرى ـ تۈلكىگە، بۆرىگە، قولۇلىغا ۋە بۈركۈتكە

ئوخشايدىغانلىرىدۇر.

▲ مەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مېنى ئاۋۋالقى ھالىتىمدا قالدۇرمايدىغان، مەندە ئالىيجاناب، يېڭى ھېسنى ياكى يېڭى بۈيۈك ئارزۇ-تىلەكنى، يا يۈكسەك پىكىرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، مېنى ئورنۇمدىن كۆتۈرۈپ ياكى ئەتراپىمدىكىلەرنى قوزغىتىشتا مەجبۇر قىلىدىغان، يا بولمىسا ئۆز ھاياتىمدىكى توگۈنلەرنىڭ بىرىنى يېشىشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان كىتاب ـ ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل كىتابتۇر.

▲ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تارىختىكى قەھرىمانلارغا قايىل بولىدىغانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلار قەھرىمانلارنى ياخشى تەربىيە بىلەن ئەمەس، بەلكى يامان تەربىيە بىلەن دوراشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقلىرى نەتىجىسىدە ئۇلار بۇ ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ يامان كەمچىلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋېلىشىدۇ.

---

تويلىغۇچى: ئىمىنجان ئاۋۇت

## ھېكمەتلەر

▲ سىياسەتتە ئادەملەر مەۋجۇد ئەمەس، بەلكى ئىدىيىلەر مەۋجۇد؛ ھېسسىياتلار مەۋجۇد ئەمەس، بەلكى مەنپەئەتلەر مەۋجۇد. سىياسەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن گەپ مەۋجۇد بولماستىن بەلكى توسالغۇنى يوق قىلىش دېگەن گەپ بار.

### ـ ئا. دىيوما

▲ ئىرادىنى يېڭىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىرادىسىزلىك ئادەمگە ھەرنېمىنى يېگۈزىۋېتىدۇ.

### ـ كازافى

▲ ھەرقانداق كىشى تۆت خىل ئىللەتتىن ساقلانسا، ئۇ كىشىگە ھېچقانداق ئىللەت كەلمەيدۇ. بۇ تۆت ئىللەتنىڭ بىرىنچىسى ئاچچىقىيامانلىق، ئىككىنچىسى مەسخىرىۋازلىق، ئۈچىنچىسى ھۇرۇنلۇق، تۆتىنچىسى ئالدىراڭغۇلۇق.

▲ ھۆكۈمالار: «تۆت نەرسە تۆت نەرسىدىن پەيدا بولىدۇ، ئاداۋەت ھەسەتتىن، خارلىق بىھۇدە سۆزلەشتىن، جېدەل چاقچاقتىن، جۇدالىق يوقسۇزلۇقتىن تۇغۇلىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن.

### ـ «تۆتىنامە» دىن

---

تويلىغۇچى: قۇربان قاسىم (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ بىر ئادەمنىڭ ئەڭ قىيىن بولغان مەخپىيەتلىكى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىدۇر.

### ـ پاگنول

▲ باشقىلارنى سۆيۈشتىنلا تۇرمۇشنى تاپقىلى بولىدۇ.

### ـ «ئىنجىل» دىن

▲ دۇنيادا ئەڭ نامرات ـ پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئادەمدىن ئىبارەت.

### ـ خائوسمان

▲ باشقىلارغا قەبىز ياساپ بەرگەن ئادەم ھەمىشە ئۆزى ياسىغان قەبىزگە چۈشۈپ قالىدۇ.

### ـ لىسۇت

▲ ئازابتىن قورققان ئادەم ئاللىبۇرۇن ئۆزى قورققان ئازابنى تارتىپ بولغان بولىدۇ.

### ـ مونتاگىنى

▲ تۇرمۇشتىكى ئاساسىي خەۋپ يا ھەممىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدىغان، يا ھېچنېمىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمايدىغان ئادەمدىن كېلىدۇ.

### ـ ئاستور

▲ مۇتەئەسسىپلەر قورقۇنچاقلىقىدىن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، سېمىزلىكىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

### ـ خۇببارد

▲ ئۆزىدىن ھېچ قانداق قانائەتلىك نەرسە تاپالمايدىغان ئادەم باشقىلاردىن مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

### ـ روچفوكائولت

▲ بىر ئادەم باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنىمۇ ئىپادىلەپ قويىدۇ.

### ـ رىچتېر

▲ جىنايەتتىن يىراقلىشىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ باشلىنىشى؛ نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ـ ئەقىل-پاراسەتنىڭ باشلىنىشى.

### ـ خوراتسىئۇس

▲ مەدەنىيەتلىك ئادەمنىڭ بەلگىسى، ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پرىنسىپلىرىدىن گۇمانلىنىش.

### ـ خۇسسېر

▲ ئويغاق ئادەم قورققان ۋاقتىدا مەست بولىۋالىدۇ، باتۇر ئادەم مەست بولغان ۋاقتىدا قورقۇنچاق بولىۋالىدۇ.

### ـ چېستېرتون

---

تويلىغۇچى: ئېلتېكىن

## ۋىكتور ھيوگونىڭ «خارلانغانلار» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ پەقەت ياۋايى مىللەتلەرلا بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق توساتتىن قۇدرەت تېپىپ كېتىدۇ.

▲ ئەس ـ ھوشنى يوقاتقان ئادەمگە ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتكەندەك تۇيۇلىدۇ.

▲ مۇناخلىق تونى بىلەن چۈمبەت ـ ئۆلۈكنى كېپەنلەش ئۈچۈن ئىنسانىيەت كەشىپ قىلغان ئىككى خىل كىيىم ـ كېچەك.

▲ ھېچكىممۇ مەخپىيەتلىكنى گۆدەك بالىدەك چىڭ ساقلىيالمايدۇ.

▲ ئىنسان بالىسىنىڭ بارلىق جىنايەتلىرى ئۈسمۈرلۈكتىكى سەرگەردانلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ جەمئىيەتتىكى ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت، مائارىپتىن بارلىققا كېلىدۇ.

▲ پىنھان ئىشق-مۇھەببەتنى پايلاش گويا تېتىپ كۆرمىگەن تەمنى تېتىغاندەك ئىش.

▲ بىر مىللەت بولىۋالغان ئولجىنى ئۇزۇن مۇددەت ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ كېتەلمەيدۇ.

▲ قۇرۇق شۆھرەتنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ: ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى ـ ھاماقەتلىك، تەتۈر تەرىپى-ئەخمەقلىق.

▲ پۈتكۈل تارىخ تۈگىمەس بىر خىلدىكى تەكرارلىق.

▲ كەلگۈسى دۇنيانىڭ بىخلىرى پەيلاسوپلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدە ئايان بولىدۇ.

▲ ئادەملەر تۇغۇلغان چاغدا بىر-بىرىگە يېپىشىپ يېقىن تۇرغىنى بىلەن، يوقسۇزچىلىقتا كۆڭۈللىرى بۆلەك-بۆلەك بولىدۇ.

---

تويلىغۇچى: رەھىم راھمان

## «ئەپلاتون پاراڭلىرى ـ سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» دىن ھېكمەتلەر

▲ ھەقىقىي مۇشكۇلات ئۆلۈمدىن قانداق قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى گۇمراھلىقتىن قانداق ساقلىنىشتۇر.

▲ ئۆلۈم روھنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈشىدۇر.

▲ ھەقىقىي ئىخلاسمەنگە خىلاپ ھالدا يەڭگىللىك بىلەن ۋەدە قىلما.

▲ ساپ بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تەندىن قۇتۇلۇپ، شەيئىيلەرگە روھ بىلەن قاراش كېرەك.

▲ ئىلاھلىقتا پەقەت ئەقىلنى سۆيىدىغان كىشىلا ئېرىشەلەيدۇ.

▲ پەلسەپە، روھ مەھكۇملۇقىنىڭ ھەۋەسنى ئاكتىپلىق بىلەن

قوغلىشىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

توپلىغۇچى: ئېنى ئوبۇل

## ھېكمەتلەر

▲ خاتالىقلار قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ھەقىقەت شۇنچە تەنتەنە قىلىدۇ.

**ـ ف. شىللېر**

▲ ھەقىقەت نوپۇزنىڭ ئەمەس ، زاماننىڭ ئوغلى.

**ـ فرانسىسبېكون**

▲ كىم ۋىجدانلىق بولسا، ئەقىل ئۆزىدىن غالىب كەلگىنىنى تەن ئالىدۇ.

**ـ ف. شىللېر**

▲ ھەر بىر شەخس ئۆز ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن جەمئىيەتكە قەرزداردۇر.

**ـ ن. گ. چېرنىشۋىسكىي**

▲ كۆپ بىلگۈچى ئەمەس، بىلىمى مەنپەئەت بەرگۈچىلا دانادۇر.

**ـ ئىمخىل**

***

▲ ئىنساننىڭ شەخسىي سائادىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئېتىش تەربىيىنىڭ ئېسىل مەقسىتىدۇر.

▲ ئەرلەرگە ھاقارەت كۆزى بىلەن ئەمەس ، ئىشەنچ، ھۆرمەت كۆزى بىلەن ، خوتۇن-قىزلارغا شەپقەت ۋە ئىلتىپات كۆزى بىلەن قارا.

▲ ھەركىم تىلىنى يىغسا ، تىنچ ۋە سالامەت ياشايدۇ، كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى ۋالاقلاپ سۆزلەپ يۈرگەن كىشى پالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

▲ ئۆزۈڭ كۆتۈرەلمىگەن سۆزلەرنى ھەرگىزمۇباشقىلارغايۈكلىمە.

▲ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى: ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنىڭ دىلىنى رەنجىتىش ۋە يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

▲ ئادەم بالىسىنىڭ ئارزۇ ۋە مۇرادقا يەتمىكى پەقەت خۇش مۇئامىلىلىك سايىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

▲ ھەربىر سۆزنى ھەقىقەت دەپ سۆزلەۋېرىش خاتا، ئەمما ھەقىقىي سۆزنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پەرزدۇر.

▲ ئۈچ نەرسە قەلبكە شادلىق ۋە ئەقىلگە قۇۋۋەت بېرىدۇ: نومۇسچان، ئۇچۇق چىراي، شېرىن سۆز خوتۇن؛ يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك؛ سەممىي سىرداش دوست.

توپلىغۇچى: ئەھمەتجان ئەمەت

## ھېكمەتلەر

▲ دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسىينى يېڭىلاش كېرەك.

▲ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولمىسا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى بولمايدۇ.

**ـ مۇستاپاكامال**

▲ مەكتەپنىڭ ۋەيرانچىلىقى ـ مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى، مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى-پۇقرانىڭ قۇللۇقى.

**ـ چىلانى**

توپلىغۇچى: ئىسمائىل كېرەم (ئوقۇغۇچى)

## ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر

▲ چېچقاق پاقلانغا چىۋىن ئەگىشەر، كۆلگەك چوكانغا يىگىت ئەگىشەر.

▲ بەدىنىڭنىڭ ئىسسىقى قالمىغاندا جۇۋان ئالغىچە، جۇۋا ئال.

▲ ئەقىللىق ئوغول ئاتىنىڭ ئوڭ كۆزى .

▲ چۈشىنىشنىڭ ئۆزى كەچۈرۈش.

▲ قوغدانمىساڭ قاغىمۇ كۆزۈڭنى چوقار.

▲ يوقسۇزلۇقتىكى دوست ئايرىلمايدىغان دوست.

▲ بىر كىتاب مىڭ ئادەمگە ئۇستاز بوللايدۇ.

***

▲ دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە قېرىلىق، مافدۇرسىزلىق، كەمبەغەللىكتۇر.

▲ سۆزلەش زۆرۈر بولغاندا ئۈندىمەي ئولتۇرۇش قىپقىزىل جىنايەت.

▲ خۇشامەتچى كۆپەيسە دۆلەت تۈگەشكەنىنىڭ بەلگىسى.

▲ گەپنى بىلىپ سۆزلەيدىغان ، تۇرمۇش قەدرىگە يېتىدىغان ، پەزىلەت ئارتتۇرۇش يولىدا ئېرىنمەيدىغان، مەرتىۋە ـمەنسەپ دەپ قاترىمايدىغان ، بارلىقىنى كامالەت ۋە ئىدراك يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلغان كىشى دانىشمەندۇر.

توپلىغۇچى: زىۋەرخان نىياز

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىن ماقال-تەمسىللەر

▲ يىلان يىلاننى يەپ ئەجدىھا بولىدۇ.

▲ بىر قولۇڭ ئوتتا بولسا بىر قولۇڭ سۇدا بولسۇن .

▲ قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز.

▲ بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ، يامان ئايىغىدىن.

▲ چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ، دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ.

▲ ھەممە نېمىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، قاننىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ.

▲ كەكلىك چېغىدا پۇتىنى قىلتاقتىن بوشاتقان ھامان جېنىنى دالدىغا ئالىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگىچە ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە.

▲ بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامىغا كېپتۇ.

▲ مازاردىن پۇتۇڭنى يىغ، پادىشاھتىن تىلىڭنى.

توپلىغۇچى: گۈلئايشەم سەمەت (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ بىلىم قەبىلىك ئۈچۈن سېلىنغان كىشەن.

▲ ئەقىل ـ تەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى .

▲ پۇشايمان كۆزدىن يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر.

▲ تەمەخورلۇق ، ئىنساننى ھاقارەت قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ خار قىلغۇچىدۇر.

▲ كېرەكسىز ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ.

توپلىغۇچى: ھاجى ياقۇپ ئۆمەرى

## ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر

▲ بىر پادىشاھ بىر تەقۋاداردىن سورىدى:

ـ مېنى يادىڭغا ئالىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولامدۇ؟

تەقۋادار دېدى:

ـھەئە، خۇدانى ئۇنتىغان چاغدا.

▲ بىر ئادەم نوشىرۋان ئادىلغا خۇشخەۋەر يەتكۈزدى:

ـئاڭلىشىمچە ، خۇدايىتائالا پالانى دۈشمىنىڭنى يەر يۈزىدىن تازىلاپتۇ.

نوشىرۋان دېدى:

ـسەن مېنى قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

▲ قابزۇلئەرۋاھ ـ جان ئالغۇچى ئەزرائىل كېلىپ:

ـ ئى، نوھ، شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردىڭىز ، بۇ دۇنيانى قانداق ھېس قىلدىڭىز؟ـدەپ سورىدى.

ـ بۇ دۇنيا خۇددى ئىككى ئىشىكلىك ئۆي ئىكەن، گويا بۇ ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتىمەن،ـ دەپ جاۋاب بەردى نوھ ئەلەيھىسسالام.

www.uyghurkitap.com

▲ بىر كاسكى ساتراش ماكىدونىيە پادىشاھىنىڭ چېچىنى ياساۋېتىپ: «چاچلىرىنى قانداق پاسوندا ياسىتىشنى ياخشى كۆرىدىلا؟» دەپ سوراپتىكەن، پادىشاھ: «جىمغۇرلۇق پاسونىدا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***

▲ ئەي يىگىت، يېنىڭىزدا تۇرغان ئاشۇ قىزنى ھەقىقىي سۆيەمسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن راستىن توي قىلامسىز؟ ئۇنداقتا مۇقەددەس قائىدە - رەسمىيەتتىن بۇرۇن قىزنىڭ نومۇسىغا داغ تەگكۈزمەڭ. ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى بەختسىزلىك ئاشۇ داغدىن باشلىنىدۇ.

**- نىكاھ پىرى ھېمىن رىۋايەتلىرىدىن**

▲ ھەممە ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە باللارغا قۇللارچە مۇناسىۋەتتە بولۇش ئەڭ زور ئەخلاقسىزلىق.

**- گېگىل**

▲ قىزنى تۇنجى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقان ئادەم - دانىشمەن، ئىككىنچى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقان ئادەم - ئەخمەق.

**- بالزاك**

▲ ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر جازا - ئەينەكسىز ئۆيگە سولاپ قويۇش.

**- سارتىرى**

---

توپلىغۇچىلار: مۇھەممەتجان توختى، ھەبىبۇللا مىجىت (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ نادان كىشىلەر ئاق قەغەزگە ئوخشاش بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. بىلىملىك كىشىلەر تۈرلۈك كىتابقا ئوخشاش بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

▲ ئەقلنى تۈپتۈز دەرەخ دېسەك، ھېسسىيات بۇ دەرەختىكى پۇتاق.

▲ ھېسسىياتىڭىز مۇزىكىدا، ئېتىقادىڭىز پەلسەپىدە بولسا، ئۇ ھالدا سىز چوقۇم بەختلىك ھەم ئالىيجاناب ئادەم.

▲ كىشىلىك ھايات خۇددى تونېللاردىن ئۆتىدىغان تاغ يولىغا ئوخشاش نۇرغۇن قاراڭغۇلۇقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

▲ بۈگۈن ئەتىگە ئورۇن بوشىتىپ بەرسە، ئەتىنى ئۆتكۈن تارتىۋالىدۇ. بۇ، ئىنسانلار سىياسەت تارىخىنىڭ بارلىق مەزمۇنى.

## ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھراپتىن چايان» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ بىرەر نائەھلىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەندىن، ئەھلىنىڭ ئېزىقىدا چىشلەنگەن ياخشى.

▲ خانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ خالىغىنىدەك قىلىش، زۇلۇم پىچىقىنى بىلەپ بېرىش، شۇ مەنسەپتە ئۇزاق ياشاشنىڭ ئاساسىي شەرتى.

▲ خالىس مۇھاكىمە تولاراق مۇھاكىمە بولۇپ قالىدۇ. ئەمما غەرەزلىك پىكىر كۆپىنچە سۆزلىگۈچىنى شەرمەندە قىلىدۇ.

▲ مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ئاداۋەت ساقلاش بىر ياغلىقنى يۇيۇپ قۇرۇتقىچىلىك!

▲ كىتابلاردا ئىككى جايدا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ دېيىلگەنىكەن: بىرى، ئەر بىلەن خوتۇننى، ئىككىنچىسى، ئىككى مۇسۇلماننى ئەپلەشتۈرىدىغان چاغدا.

▲ كىم بىر ۋەزىپىدە ئۆمۈر بويى قالغىنى بار؟

▲ ئۆچىدىغان چىراغ يېنىپ ئۆچىدۇ.

▲ غوجام بۇيرىدى، دەپ ئىشىنىڭ ئوڭ-تەتۈرىگە قارىماي يۇگۈرۈۋېرىش ئەخمەقلىق.

▲ قانائەتلىك - ئەزىز، تەمەلىك كىشى خاردۇر.

▲ ئەي ھوشيار ئادەم! دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقان - ھەمسۆھبەت بولغان دوستۇڭدىن قولۇڭنى يۇغىن.

▲ بىر قوچقارنىڭ بېشى كېسىلگىچە مىڭلاپ قوينىڭ بېشى كېسىلىدۇ.

▲ ۋەدە بېرىش ئاسان، ھۆددىسىدىن چىقىش مۇشەققەت.

▲ خوتۇن-قىزلار جىنسىدىن ئىرادىسى كۈچلۈك، ھەتتا ئەرلەردىنمۇ جەسۇرراق شەخسلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە بولۇشمىسۇن، ھېسسىياتلىرى ئالدىدا مەغلۇب بولغىنىنى كۆرىمىز.

▲ زۇلۇم قانچىكى كۈچەيسە، ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچە قىسقا بولۇشى تەجرىبىلەردە ئىسپاتلانغان.

▲ ھەقىقەتتە ئىنساننى پەسلىككە سالغۇچى ئۇنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆلۈمدۇر. بۇ ئىككىسىدىن كەچكۈچىگە بولسا پادىشاھنىڭ قەھرىمۇ ۋە جەھەننەمنىڭ قەھرىمۇ بەرىبىر.

---

توپلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى)

## چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ھەممە نەرسىنى ۋاقىت ھەل قىلىدۇ.

▲ خۇدا ئىنسانلارغا مۇھەببەت ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ.

▲ ئازابنى كۆپ چەككەننىڭ بىلىدىغىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ ئادەم يېشى چوڭايغانسېرى ئىلاھىيەتنىڭ ماھىيىتىنى شۇنچە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

▲ ئەقىلسىز باشنىڭ جازاسىنى پۇت تارتىدۇ.

▲ ئادەم تىرىكچىلىكنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ روھىي دەرىجىسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە.

▲ خۇداغا مۇھەببەت بىلەن تولمىغان دىل ئىللەتلەرگە تولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانغا مۇھەببەت بىلەن تولمىغان دىلمۇ ئۆلۈكتۇر.

▲ ئادەم بالىسى قەسەم قىلىپ بىر سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۆز قەسىمىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

---

توپلىغۇچى: ئىدرىس نۇرۇللا (ئوقۇغۇچى) (M1)

بۇ سان 1998-يىل 20-مايدا تېزىشقا يوللاندى، 30-ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)

www.uyghurkitap.com



# نەسىرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

## رەڭدار تاشلار

قادىر ئابلىز

### سەۋەنلىك

شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەگ[illegible] سىرلىرىڭنى ئېيتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالىدىغان.

### ھەسەتخورنىڭ لوگىكىسى

مەن ھاياتىمىن قولۇمنى يۇغان كۈنى قىيامەت قايىم بولسا [illegible].

### كېچىكىش

مەن پەيلاسوپلۇق ماقامىغا يەتكەن چېغىمدا قولۇمدىن ھاسا، بېشىمدا ئاق يادەك ئېگىلگەن، چاچ-ساقاللىرىم ئۇچىتەك ئاقارغان بىر بوۋايغا ئايلانغانىدىم.

### ماۋزۇسىز

بىر كىم سىزگە: «ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەردە ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ» دېسە، ئۇ چوقۇم سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىنى تارتمىغان ھەمباشقا شەھەرلەرگە بېرىپ مۇساپىرچىلىقتا ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار 5-كەنتتىن، دېھقان

## سەۋدالىق لەززىتى

ھەبىبۇللا توختى

### ھەقىقەت ھەققىدە قىسسە

قۇياش ھەر سەھەر قاندا يۇيۇنۇپ چىققانلىقى ئۈچۈنلا مەڭگۈ پارلاق تۇرىدۇ.

### قىسمەت

تىلەمچى ئەركىنلىكتە مەھكۇم، شائىر مەھكۇملۇقتا ئەركىندۇر.

### مەن

پىغان رەستىلىرىدە مىليونېر، شادلىق كوچىلىرىدا يالاڭتۆش، ھەقىقەت بوسۇغىسىدا تىلەمچىمەن.

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئاچال كەنتىدىن، دېھقان

## يالغاچ كۆلەڭگىلەر

رەخىم ياسىن قايىنامى

بىز ئۆزىمىز چۈشىنىدىغان نەرسىلىرىمىزنى سۆيمەيمىز، سۆيگەنلىرىمىزنى بولسا چۈشىنىشتىن قورقىمىز.

***

ئۆز ئەركىنلىكىڭنى پۇلغا سېتىۋالالمايسەن، ئەمما ، ئۆز ئەركىنلىكىڭنى پۇلغا تېگىشىۋېتەلەيسەن.

***

ئازاب - ئۆز سۆيگىنىڭنىڭ تويباغىقى.

ئاپتور: قورغاس ناھىيىسىدىن ، دېھقان

## نەسرلەر

ئىرشات ھېيتاخۇن

- ئەي بىچارە قويۇم، سەن نېمانچە ھاماقەت؟ ! شۇنچە كەڭ زېمىندا بولۇق ئوت-چۆپلەر كۆپ تۇرسا نېمىشقا يەنە مېنىڭ قولۇمدىكى بىر پارچە قاتتىق [illegible] ئالغا تەلمۈرىسەن؟

- مەندە نېمە ئامال، چۈنكى مەن قوزا چېغىمدىلا قولغا ئۆگىتىلگەن تۇرسام!

***

مەن چۈۋۇلغان چاچلىرىمنى تۈزەش ئۈچۈن ئەينەك ئىزدەۋاتقىنىمدا دوستۇم:

- نېمە ئىزدەۋاتىسەن ؟- دەپ سوراپ قالدى .

- ئەينەك،- دەپ جاۋاب بەردىم مەن .

- مانا ، ئەينەك ئالدىڭدا تۇرمامدۇ!-دېدى دوستۇم ئۆزىنى ئىما قىلىپ.

***

ئوغلۇم، ئەينەك رامكىدىكى بۇ بومبا ساقالدىن قورقمەن ، دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ سېنىڭ بوۋاڭ، يەنى مېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەسلى قىياپىتىمىز!

***

دەريا ھەرقانچە دولقۇنلاپ يۇتكۇل يەر-زېمىننى دەقىقە ئىچىدىلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىرغاققا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئاققىنى بىلەن، ئۆز قوينىدىكى بېلىقلارنى بىر-بىرلەپ تۇتۇۋېلىۋاتقان بېلىقچى ئالدىدا يەنىلا ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس.

***

مەن سېنىڭ نەشتەردەك تىكىلىشىڭدىن ئەمەس، جىلۋىلىك نازىڭدىن قورقىمەن.

ئاپتور: قاراماي شەھىرى ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى كاچالكا رېمونت قىلىش -قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ

## مەنتىقە

ھەكىم ئەلى

دەريالار قۇرىسا قالىدۇ تېشى،

ھەر ئىشنىڭ بولىدۇ ئاخىرى ، بېشى .

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى ئامبولاتورىيىسىنىڭ مۇدىرى

## ۋاقىت

ھۇسەيىن تاش

دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر يوق، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە تەبىئىي ھالدىلا ئاشكارىلىنىدۇ.

ئاپتور: «شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى(M1)

**ھسام بارىيەردە كۆلكە بار**

خالمۇرات قەيىيۇمبەگ فوتوسى




«شنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 - يىل 4 - سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«شنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942

«شنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

主办:新疆维吾尔自治区文化厅

编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部

地址:乌鲁木齐市胜利路 193 号

邮编:830001 电话:2856942

印刷:《新疆日报》印刷厂

发行:乌鲁木齐市邮局

订阅:全国各地邮局

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1073/I

ۋەكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 3 يۈەن

国内统一刊号:CN65—1073/I

本刊代号:58—22 定价:3 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىلبارخان ــ كونا تونجىدا ئاساسەن ئايلىنىشقا كىرىم دەلىلدى سىرغان